مەملىكەت بويىچە 100 نوپۇزلۇق ژۇرنال  مەملىكەتلىك سەرخىل ژۇرناللار سېپىگە كىرگەن ژۇرنال  شىنجاڭ بويىچە ئىجتىمائىي پەن تۈرىدىكى مۇنەۋۋەر ژۇرنال

# MIRAS(HERITAGE)OF UYGHUR FOLK CULTURE

美拉斯



# مىراس

1

2015

ISSN 1004-3829

## «مىراس» ژۇرنىلى نەشرىياتىنىڭ 2014 - يىللىق سۆھبەت يىغىنى
















قوش ئايلىق ژۇرنال 2015 ـ يىل 1 ـ سان

(ئومۇمىي 147 ـ سان)

## ساقلىقىڭ شاھلىقىڭ

ھەكىملىرىمىزنىڭ ئۆزىنى كۈتۈش ـ كۈتۈنۈش تەدبىرلىرى ..................
ئابدۇقادىر سادىر (1) ....................................................

## دەۋر ۋە ئەنئەنە

خاتا دىنىي چۈشەنچىلەرگە رەددىيە ..................................
ھاجى رىھىمجان روزى ھەسرىتى (قازاقىستان) (5) ........................

## ئالىم بولساڭ ئالەم سېنىڭكى

ئورۇنلاش نەزەرىيەسى ھەققىدە دەسلەپكى ئۇچۇر ...........................
ياسىن مۇھەممەدنىياز تىكە (18) ...........................................
بىر ئەر كۆپ خوتۇنلۇق بولۇش نىكاھ تۈزۈمى ... ئابدۇقەييۇم مىجىت (30)
ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىدىكى قوشاقلار دۇنياسى مۇقەددەس ئابدۇكېرىم (43)

## يۇرۇق يۇلتۇزلار

تونۇلغان خەلق ئېغىز ئەدەبىياتچىسى «مىراس» ژۇرنىلىنىڭ سابىق باش مۇ-
ھەررىرى ئەرشىدىن تاتلىق .................. ماخمۇت زەيدى (25)

## گەپنىڭ ئېگىدە گەپ بار

مەسەللەر ................................................ مۇھەممەت ئىمىن (40)



نەشرىيات باشلىقى، باش مۇھەررىر:
**ئازاد سۇلتان** (پىروفېسسور، دوكتور يېتەكچىسى)
مۇئاۋىن نەشرىيات باشلىقى، مۇئاۋىن باش مۇھەررىر:
**مۇختار مۇھەممەد**
(قانۇنىي ۋەكىل، ئالىي مۇھەررىر)
جاۋابكار مۇھەررىر: **نۇرنىسا باقى**
(كاندىدات ئالىي مۇھەررىر)
مۇھەررىرلەر: **نۇرنىسا باقى**
**خۇرسەنئاي مەتىمىن**
**ئەزىزەم تۇيغۇن**

**باشقۇرغۇچى:** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى
**نەشر قىلغۇچى:** «مىراس» ژۇرنىلى نەشرىياتى
ئۈرۈمچى شەھىرى دوستلۇق جەنۇبىي يولى 716 ـ نومۇر، 14 ـ قەۋەت
**Tel: (0991) 4554017**
«شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسى باسما ئىشلىرى مەركىزىدە بېسىلدى
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلدۇ
جايلاردىكى پوچتا ئىدارىلىرى مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ
مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن نومۇرى:
**CN65 ـ 1130 / I**
خەلقئارالىق نومۇرى:
**ISSN1004 ـ 3829**
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 60 ـ 58
پوچتا نومۇرى: 830001
E_mail: **mirasuyghur@126.com**
چەت ئەلگە تارقىتىش ۋاكالەت نومۇرى: 1130BM
ئېلان ئىجازەت نومۇرى: **6500006000040**
باھاسى 6.00 يۈەن
جۈپ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى نەشر قىلىنىدۇ

# مەدەنىيەت مىراسلىرىمىزنى قوغداپ، مەنىۋىيىتىمىزنى ساپلاشتۇرايلى!

## ئادەت قىرىماس


قارچۇغا تۇتۇش ۋە قۇشلار توغرىسىدا ئويلىغانلىرىم ......................
...................... خاتىرىلىگۈچى: ئابدۇغېنى توختى توغرۇلتېكىن (53)


## ئايدىڭ كېچىلەر


قىز - يىگىتلەرنىڭ مۇھەببەت قوشاقلىرى ... تەييارلىغۇچى: مۇختار مۇھەممەد (59)


## بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا


مەلىكە گۈلسۇرۇخ ۋە پەرىزات رىنات ................................ (65)


## ئادەم قۇلاقتىن سەمىرەر


«مىراس» ژۇرنىلى نەشرىياتى 2014 - يىللىق خىزمەتلىرى ھەققىدە ئاپتورلار سۆھبەت يىغىنى ئۆتكۈزدى ........................ نۇرنىسا باقى (77)


بۇ يىل «مىراس» ژۇرنىلى نەشر قىلىنغانلىقىغا 32 يىل بولدى. بۇ مۇبارەك ژۇرنال ئۆزىنىڭ 32 يىللىق شانلىق تارىخىدا 147 سان نەشر قىلىندى، «مىراس» ژۇرنىلىنىڭ ھەر بىر سانى، ھەر بىر پارچىسى مىللىي مەدەنىيىتىمىزنىڭ شانلىق تارىخىدىن، ئەنئەنىلىرىمىزدىن، ئېسىل ئۆرپ- ئادەتلىرىمىزدىن دەۋرىمىزگە مول ۋە قىممەتلىك ئۇچۇرلارنى تەقدىم قىلدى. «مىراس» ژۇرنىلى مىللىي مەدەنىيىتىمىزنىڭ شانلىق نامايەندىلىرىدىن تۈزۈلگەن گۈزەل مەنىۋى گۈلىستان!

بىز ژۇرنىلىمىز نەشر قىلىنغانلىقىنىڭ 32 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن ژۇرنىلىمىزنى سۆيۈپ ئوقۇپ كېلىۋاتقان ئوقۇرمەنلىرىمىزگە ئالىي ئېھتىرام بىلدۈرىمىز!

ژۇرنىلىمىزنى ئېسىل ئەمگەك نەتىجىلىرى بىلەن تەمىنلەپ كېلىۋاتقان ئاپتورلىرىمىزغا چىن قەلبىمىزدىن تەشەككۈر ئېيتىمىز!

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: ئەزىزەم تۇيغۇن

تەكلىپلىك كوررېكتور: مۇنىرە مۆمىن

كومپيۇتېر مەشغۇلاتىدا: ئەنۋەر تىلىۋالدى، مەريەمگۈل ئىدرىس

مۇقاۋىنىڭ 1 - بېتىدە: «كۈتۈش» (مىنياتۇرا رەسىم) نەۋبەت سىزغان

ئىچ بەتتىكى سۈرەتلەرنى مەتتوختى بارات، نەۋبەت تەمىنلىگەن


Chief editor: Azad Sultan

Deputy chief editor: Muhtar Muhammed

Responsible editor: Nurnisa Baki


# 保护文化遗产
# 捍卫精神家园


社长，总编：
**阿扎提·苏里坦**
教授，博导

副社长，副总编：
**木合塔尔·买买提**
（编审，法人代表）

**本期责任编辑：**
**努尔尼沙·巴克**（副编审）

编辑：
**努尔尼沙·巴克**
**胡尔仙阿依·买买提明**
**艾孜再木·吐依洪**

主管：新疆维吾尔自治区文学艺术界联合会
出版：《美拉斯》杂志社（乌市友好南路 716 号文联 14 层）
电话：(0991)4554017
印刷：新疆日报社印务中心
发行：乌鲁木齐邮局
订阅：全国各地邮局
国内统一刊号：CN65—1130/I 国外统一刊号：ISSN1004—3829 邮政代号：**58—60**
**E_mail**: mirasuyghur@126.com
海外发行代号：1130BM
广告许可证号：6500006000040
邮编：830001
定价：6.00 元

Responsible Commission: Xinjiang Uyghur Autonomous Regional Federation of Literary and Art Circles
Editor: "Miras" (Heritages) editorial department
716 # 14 floor southern frendship road Urumqi Xinjiang China
Printer: xinjiang newspaper press center
Distributioner : Urumqi post officePost offices of the whole country
Print number at home: CN65 _ 1130/I
Print number abroad: ISSN1004 _ 3829
PostCode : 58 _ 60
International Standart Book Number: 1130BM
Post Number: 830001
Tel: (0991 4554017
Price: 6¥

# هەكملرىمزنىڭ ئۆزنى كۈتۈش ـ كۈتۈنۈش تەدبرلرى



ئابدۇقادر سادر

**1. ساقلىقنىڭ ئاساسى ــ تەنتەربيه**

نورمال رەۋىشتە ۋە ئۆز ۋاقتىدا تەنتەربيه بىلەن شۇغۇللانغان ئادەم بۇزۇلغان خىلىتلار تۈپەيلى كەلگەن كىسەللكلەرنىڭ، مىزاج هەمدە ئىلگرى ئۆتكەن (كىسەللكلەر) تۈپەيلى پەيدا بولغان كىسەللكلەرنىڭ دەۋاسىغا موهتاج بولمايدۇ.

تەنتەربيه باشقا تەدبرلەر بىلەن بىللە توغرا ئىشلىتلگىندە بەدەنگە غەيرىي نەرسلەر توپلىنىشىنىڭ ئالدىنى ئالدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىللە تۇغما ئىسسقلىقنى ئاشۇرىدۇ، بەدەنگە يەڭگىللىك بېرىدۇ. چۈنكى بۇلار يەڭگىللىگىنە ئىسسقلىق پەيدا قىلىپ، كۈندە توپلانغۇچى چىقىندىلەرنى يوقىتىدۇ.

**تەنتەربيەنىڭ تۈرلىرى تۆۋەندىكىلەردۇر:**

ئۆزئارا تارتىشىش، مۇشت بىلەن تۈرتۈشۈش، يادىن ئوق ئېتىش، تېز يۈرۈش، نەيزە ئېتىش يۇقىرىدىكى بىر نەرسگە ئىرغىپ ئېسىلىش، بىر ئايىغىدا سەكرەش، قىلىچۋازلىق ۋە نەيزەۋازلىق، ئاتتا يۈرۈش، ئىككى قولنى سىلكىتىش، بۇ ۋاقىتتا ئادەم ئاياغ ئۇچلىرىدا تۇرۇپ قوللىرىنى ئالدىغا ۋە ئارقىغا سوزۇپ تېز هەرىكەت قىلىدۇ. بۇلار تېز هەرىكەتلەر جۈملىسىدىندۇر.

**تەنتەربيه ئالدىدىكى تەييارلىق**

بەدەن تەنتەربيه بىلەن شۇغۇللانغۇچى ئاۋۋال ئۇچىيىدىكى ۋە دوۋساقتىكى چىقىرىندىلەرنى چىقىرىپ تاشلاپ ئاندىن هەرىكەت قىلىشى كېرەك.

ئۆز گەۋدىسىنى تەييارلاش ئۈچۈن ئالدىن گەۋدىنى قاتتىق ماتا بىلەن ئىشقىلاش كېرەك. بۇنىڭدىن ئۇنىڭ تەبىئىتى ئويغىنىپ (تېرىسىنىڭ) تۆشۈكلىرى كېڭىيدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن چۈچۈك ماي بىلەن گەۋدىنى ئىشقىلاپ، ئاستا ـ ئاستا ئۇنچە كۈچلۈك بولمىغان ئۇۋۇلاشقا ئۆتۈلىدۇ. بۇنىڭغا قوللار بىلەن (بەدىنىنىڭ) تۈرلۈك بۆلەكلىرىنى كۆپ قېتىم ئېزىش ۋە بارچە مۇشەكلەرنى (مۇسكۇللارنى) ئېزىش بىلەن ئېرىشىلىدۇ (ئۇۋۇلاشنى) تاماملاپ تەنتەربيەگە كىرىشىلىدۇ

## 2. كۆتۈنۈش ئوزۇقلۇقلىرى

ساقلىقنى ساقلىغۇچى كىشى ئۆز يېمەكلىكىنىڭ ئاسا-
سى قىسمى كۆكتاتلار، مېۋىلەر ۋە بۇلاردىن باشقا داۋا
بولىدىغان يېمەكلىكلەردىن بولۇشىغا ئەھمىيەت بېرمىكى
لازىمدۇر. شۇڭا يېمەكلىكلەر گۆشكە ئوخشاش نەرسىلەر-
دىن بولۇشى، بولۇپمۇ ئوغلاق بۇزاق ۋە قوزىچاقلارنىڭ
گۆشلىرىدىن، ئاپەت يەتمىگەن ئېكىنزاردىن چىقىپ،
ئېپلاس نەرسىلەردىن تازىلانغان بۇغدايدىن، مىزاجغا مۇ-
ۋاپىق شېرىن نەرسىدىن ۋە ياخشى خۇشبوي شەربەتلەر-
دىن ئىبارەت بولۇشى لازىم. بۇلاردىن باشقا نەرسىنى دا-
ۋالىنىش ۋە كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈنلا ئىشلەت-
سە بولىدۇ. مېۋىلەردىن يېمەكلىكلەر ئۈچۈن كۆپرەك
ماس كېلىدىغىنى، ئەنجۈر، يېتىلىپ پىشقان ئۈزۈم، ئادەت
قىلىنغان شەھەر ۋە جايلاردا خورمادۇر.

قىشتا ئىسسىق، يازدا سوغۇق ياكى ئىللىق (يېمەك-
لىكلەر) يېيىش لازىم. ئىسسىقلىق ۋە سوغۇقلۇقنىڭ ھەر
ئىككىسى چىداپ بولماس دەرىجىگە يەتمەسلىكى كېرەك.
بىلگىنكى، پاراۋانچىلىق يىللىرىدا كۆپ يەپ، قەھەتچىلىك
يىللىرىدا ئاچ تۇرۇشتىن ۋە بۇنىڭ ئەكسىدىن يامانراق
ھالەت يوقتۇر. مانا شۇ ئەكسى تېخىمۇ يامانراقتۇر. قە-
ھەتچىلىك يىللىرىدا ناھايىتى ئاز يەپ، توقچىلىق يىللىرىدا
كۆپ يەپ ئۆلگەن كىشىلەرنى كۆردۇق. يەنە بۇنىسى ھەم
باركى، يېمەكلىكلەرنى ناھايىتى تويۇپ ۋە تولۇپ يېيىش
ۋە ئىچىش ھەممە ھالدىمۇ ئۆلتۈرگۈچىدۇر. بىر نەچچە
كىشىلەر ھەددىدىن تاشقىرى تويۇش سەۋەبلىك بوغۇلۇپ
ئۆلگەن.

گەۋدىگە ئەڭ زەرەرلىك نەرسە مەيدىدە يېمەكلىك-
لەر يېتىلمەستىن ۋە ھەزىم بولماستىن تۇرۇپ يەنە يېيىش-
تۇر، مەيدە بۇزۇلۇشتىن خۇسۇسەن يامان يېمەكلىكلەردىن
زەرەرلىكرەك نەرسە يوقتۇر.

يېمەكلىكلەرنىڭ ئىستېمالىدا مەلۇم تەرتىپ بار، ساقلى-
قىنى ساقلىماقچى بولغان كىشى ئۇنىڭغا رىئايە قىلمىقى
كېرەك. سۇيۇق، تېز ھەزىم بولىدىغان يېمەكلىكلەرنى ئۇ-
نىڭدىن كۈچلۈك ۋە قاتتىقراق يېمەكلىكلەر ئۈستىگە يېيىش-
تىن ساقلانسۇن، بولمىسا كېيىنكى يېمەكلىكلەر ئاۋۋالقىسى-
نىڭ ئۈستىگە چىقىپ ھەزىم بولىدۇ ۋە ئۆتەر يول قالمىغاچقا
سېسىيدۇ، بۇزۇلىدۇ ۋە ئارىلاشقان نەرسىسىنىمۇ بۇزىدۇ.

ئۆگىنىلگەن يېمەكلىكلەر، بىرئاز زەرەرلىك بولسىمۇ،
ئادەت قىلىنمىغان ياخشى يېمەكلىكلەردىن مۇۋاپىقراقتۇر.
ئەڭ يامان نەرسە بىر-بىرىگە كېلىشمەيدىغان يېمەكلىك-
لەرنى ئارىلاشتۇرۇش ھەمدە يېمەكلىكلەرنىڭ ۋاقتىنى ئۇ-
زارتىشتۇر. بۇنىڭدا ئاۋۋالقى يېمەكلىكلەر ھەزىم بولۇشقا
باشلىغاندا كېيىنكى يېمەكلىككە بېرىپ قوشۇلىدۇ. نەتىجى-
دە يېمەكلىكلەرنىڭ بۆلەكلىرى ھەزىم بولۇشتا بىر-بىرىگە
باراۋەر بولمايدۇ.

بەك لەززەتلىك بولغان يېمەكلىكلەرنىڭ زەرەرلىرى-
دىن بىرى شۇكى، ئۇ كۆپ (ئارتۇق) يەپ كېتىلىدۇ.
تويۇپ يېيىلگەندە ئەڭ مۇۋاپىق تەرتىپ بىر كۈنى بىر
مەرتە ۋە بىر كۈنى ئىككى مەرتە — ئەتىگەن ۋە كەچقۇ-
رۇن غىزالىنىشتۇر. سېمىز كىشىنىڭ مۇنچىدىن چىققان
زامان غىزالانماسلىقى، بەلكى سەۋر قىلىپ يەڭگىللىگىنە
ئۇخلىشى كېرەك، ئۇنداق كىشىلەرنىڭ كۈنىگە بىر مەرتە
غىزالىنىشلىرى ياخشىراقتۇر.

يېمەكلىكلەرنىڭ ئۈستىگە شاراب ئىچىش ئەڭ زە-
رەرلىك نەرسىلەردىندۇر. چۈنكى شاراب تېز ھەزىم بولغۇ-
چى ۋە تېز ئۆتكۈچىدۇر. ئۇ يېمەكلىكلەرنىمۇ ھەزىم بول-
مىغان ھالدا ئۆتكۈزۈۋېتىدۇ. نەتىجىدە تىقىلمىلار ۋە
چىرىش (كېسەللىكلىرىنى) بەزەن قوتۇر پەيدا قىلىدۇ. شې-
رىنلىكلەر تىقىلمىلارنى تېز ئېلىپ كېلىدۇ. چۈنكى (ئادەم-
نىڭ) تەبىئىتى ئۇلارنى ھەزىمدىن ئىلگىرى ئۆزىگە تارتى-
دۇ. تىقىلمىلار بولسا كۆپ كېسەللىكلەرگە، شۇ جۈملىدىن
ئىستىسقا كېسىلىگە ئۇچرىتىدۇ.

ئۇزۇن ياشقا بارغان كىشىنىڭ گەۋدىسى يىگىتلىك
مەھەللىدە يەيدىغان (مىقداردىكى) يېمەكلىكلەرنى قوبۇل
قىلمايدۇ. ئەمدى يېمەكلىكلىرى چىقىندىلارغا ئايلىنىدۇ،
شۇ سەۋەبلىك (يىگىتلىكىدىكى) مىقداردا يېمىسۇن، بەلكى
كەمرەك يېسۇن.

ھۆل مېۋىلەر يازدا، ئەمگەك ۋە تەنتەربىيە قىلىدى-
غان سەپرا مىزاجلىق كىشىلەرگە ياقىدۇ. ئۇ يېمەكلىكلەر-
دىن ئاۋۋال يېيىلىشى كېرەك. ھۆل مېۋىلەر ئۆرۈك،
ئۈجمە، قوغۇن، شاپتۇل، ئالخورى (بىر خىل مېۋە)گە
ئوخشاش نەرسىلەردۇر.

## 3. ئارىلاشتۇرۇپ يېيىشكە بولمايدىغان يېمەك-لىكلەر

يېمەكلىكلەرنىڭ بىر-بىرلىرىگە قوشۇلۇشلىرى بىلەن
تەسىرلىرى ئۆزگىرىدۇ: ھىندىستان ئاھالىسىنىڭ تەجرىبىلىك

كىشلىرى ۋە باشقىلار: «سۈتنى ناردان (ئانار دانىسى، ئانار سۈيى) قاتارلىق نەرسىلەر بىلەن قوشۇپ ئىستېمال قىلىنمىسۇن ھەمدە بېلىقنى سۈت بىلەن يېيىلمىسۇن، بۇ ماخاۋ كەبى ئۇزاق تۈزەلمەيدىغان كېسەللىكلەرنى كەلتۈردۇ. شۇنىڭدەك قېتىقنى تۇرۇپ بىلەن ۋە قۇشلارنىڭ گۆشلىرى بىلەن يېيىلمىسۇن، شىرگۈرۈنچ ئۈستىدىن تالقان يېيىلمىسۇن، مىس ئىدىشتا (قاچىدا) ساقلانغان ئۆسۈملۈك يېغىنى، ھايۋان مېيىنى يېمەكلىكلەردە ئىشلىتىلمىسۇن، كەنە كۈنجۈتنىڭ چوغدا پىشۇرۇلغان قورۇمىلىرى يېيىلمىسۇن» دېگەن.

بىلگىنكى، كاۋاپ ھەزىم بولسا، ئەڭ كۈچلۈك يېمەكلىكلەر ھېسابلىنىدۇ. بىراق ئۇنىڭ تۆۋەنگە چۈشۈشى سۇس بولۇپ مەيدىدە ئۇزاق قالىدۇ. شورپا ياخشى يېمەكلىكلەر بولۇپ، پىيازلىق بولسا ئىچتىن يەلنى قوغلايدۇ. ئەگەر پىيازسىز بولسا يەلنى قوزغايدۇ. بىلگىنكى، نان ھەزىم بولمىسا زەرىرى كۆپتۇر، ھەزىم بولمىغان گۆشنىڭ زەرەرى بولسا ئۇنىڭدىن كەمرەكتۇر.

### 4. سۇ ۋە باشقا ئىچىملىكلەرنى ئىچىشتىكى بىلىملەر

مۆتىدىل مىزاجلىق (ئادەملەر)گە ئەڭ ياقىدىغان سۇ سوغۇقلۇقى ئوتتۇرىچە ياكى سىرتىدىن مۇز بىلەن سوۋۇتۇلغان سۇدۇر. سىركە بىلەن ئارىلاشتۇرۇش يامان سۇنى تۈزىتىدۇ.

بىلگىنكى، نەھار ( تاڭدا) (سۇ ئىچىش) تەنتەربىيەدىن كېيىن، ھاممامغا چۈشكەندىن كېيىن، بولۇپمۇ ئاچ قورساققا (ئىچىش)، شۇنىڭدەك، كېچىسى مەست ۋە خۇمار كىشىلەردە پەيدا بولىدىغان يالغان تەشنالىقتا ھەمدە تەبىئىي يېمەكلىكلەرنىڭ ھەزىمى بىلەن ئاۋارە بولۇپ تۇرغان ۋاقىتتا سۇ ئىچىش زەرەرلىكتۇر.

ئاق سۈيۈق شاراب ئىسسىق مىزاجلىق كىشىلەرگە مۇۋاپىقراقتۇر ۋە ئۇ باشنى ئاغرىتمايدۇ، بەلكى بەزەن مەيدىنىڭ كۆپىيىششىدىن ۋۇجۇدقا كەلگەن باش ئاغرىقىنى يەڭگىللىتىدۇ. كېك ياكى نان ئارقىلىق سۈزۈپ تىنىدۇرۇلغان ھەر بىر شاراب ئاق سۈيۈق شەربەت ئورنىنى باسىدۇ. بولۇپمۇ ئىچىشتىن ئىككى سائەت ئاۋۋال (سۇ) ئارىلاشتۇرۇپ قويۇلسا.

قويۇق شېرىن شاراب سۈمۈرۈشنى ۋە كۆلۈك بولۇشنى تىلىگەن كىشىگە مۇۋاپىقراقتۇر. بىراق تىقىلمىلار پەيدا بولۇشتىن ئېھتىيات قىلىش كېرەك، كونا قىزىل شاراب سوغۇق بەلغەم مىزاجلىق كىشىگە مۇۋاپىقراقتۇر.

ھەر بىر يېمەكلىكلەر ئۈستىدىن شاراب ئىچىش بايان قىلىنمىغىنىمىزدەك بىرەر كېسەللىكنى تۇغدۇرغىنى ئۈچۈن، يامدۇر؛ يېمەكلىكلەر ھەزىم بولۇپ، سىڭگەندىن كېيىنلا ئىچىش مۇمكىن. ئارقىمۇئارقا مەست بولۇش ناھايىتى ياماندۇركى، جىگەرنىڭ ۋە مېڭىنىڭ مىزاجىنى بۇزىدۇ. ئەسەبنى كۈچسىز قىلىدۇ. ئەسەب كېسەللىكلىرى، سەكتە ۋە توساتتىن ئۆلۈشكە سەۋەب بولىدۇ.

(تېۋىپلەرنىڭ) بەزىلىرى: «مەستلىك ئايدا بىر ياكى ئىككى مەرتە بولسا، نەفسانىي قۇۋۋەتلىرىنى يەڭگىللىتىشى ۋە راھەتلەندۈرۈشى بىلەن، سىيدۈرۈش ۋە تەرلىتىش ئارقىلىق چىقىرىندىلەرنى، بولۇپمۇ مەيدىدىن تارقىتىش بىلەن پايدا قىلىدۇ» دەپ ھېسابلايدۇ.

باللارنىڭ شاراب ئىچىشلىرى يېنۋاتقان نازۇك ئوتۇننىڭ يالقۇنىغا يالقۇن قوشۇشقا ئوخشاشتۇر. قېرى كىشىگە ئۇ كۆتۈرەلەيدىغان مىقداردا شاراب بېرىش مۇمكىن. يىگىتلەرگە بولسا مۆتىدىل دەرىجە تۇتۇلسۇن. ھاۋاسى سوغۇق ئۆلكىلەر شاراب ئىچىشنى كۆتۈرىدۇ، ئىسسىق جايلار كۆتۈرمەيدۇ.

### 5. ئۇيقۇ ۋە ئويغاقلىق ھەققىدە

ئۇيقۇسى كەلمەيدىغان كىشىگە سۈتچۆپ ئىستېمال قىلىش ياخشى تەدبىردۇر. ئەگەر ئۇيقۇدىن ئاۋۋال يېيىلگەن تائام ھەزىم بولغاندىن كېيىن مۇنچىغا چۈشۈپ، باشتىن ئىسسىق سۇ كۆپ قۇيۇلسا، شۇنداق تەدبىر ئۇخلاش ئۈچۈن ياخشى ياردەمچىدۇر.

ئاچ قورساق ئۇخلاش يامان ۋە قۇۋۋەتنى سۇسلاشتۇرىدۇ. (قورساق) تولۇقلۇقى بىلەن ۋە يېمەكلىكلەر قورساقنىڭ يۇقىرى قىسمىدىن چۈشۈشتىن ئىلگىرى ئۇخلاش ھەم ياماندۇر. چۈنكى بۇ ھالەتتە (ئۇيقۇ) چوڭقۇر ئۇيقۇ بولمايدۇ، بەلكى بېزاۋتە ئۇيقۇدۇر.

كۈندۈزكى ئۇيقۇ ھەم ياماندۇر. ئۇ رۇتۇبەتلەردىن بولىدىغان كېسەللىكلەرنى ۋە نەزلە كېسەللىكلىرىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرىدۇ. رەڭگىنى بۇزىدۇ، تەلاق (تال) كېسىلىنى پەيدا قىلىدۇ. ئەسەبلەرنى بوشاشتۇرىدۇ، كىشىنى قۇلەنج قىلىدۇ، ئىشتىھانى سۇسلاشتۇرىدۇ، ئىششىش ۋە تۈرلۈك ئىستېمالارغا سەۋەب بولىدۇ.

ئۇيقۇدىكى ھالەتلەردىن ئەڭ ياخشىسى ئوڭ تەرەپنى بېسىپ، كېيىن چەپ تەرەپكە ئۆرۈلۈپ يېتىشتۇر. قورساقنى

بىسىپ يېتىش ھەزىمگە ياخشى ياردەم بېرىدۇ. چۈنكى
بۇنداق يېتىش تۇغما ئىسسىقلىقنى توپلاپ ۋە (گەۋدە ئـ-
چىگە) قاماپ كۆپەيتىۋېتىدۇ. ئوڭدىسىغا يېتىش ئۇخلاش-
نىڭ يامان شەكلى بولۇپ، (كىشىنى) سەكتە، پالەچ ۋە
باشقا يامان كېسەللىكلەرگە تەييارلايدۇ.

**6. قېرىساللارنى كۈتۈش تەدبىرلىرى**

قېرىساللار تەدبىرىنىڭ ھەممىسى ھۆللىگۈچى ۋە
قىزدۇرغۇچى نەرسىلەرنى بىرلىكتە ئىشلىتىشتىن ئىبارەت-
تۇر. ئۇلارنى كۆرپە-تۆشۈكلەردە ياشلاردىن ئۇزاقراق
ئۇخلىتىپ ياتقۇزۇلىدۇ. تائام-غىزالار بېرىلىدۇ، مۇنچىغا
چۈشۈرۈلىدۇ. سۆيدۈكلىرى دائىم راۋان قىلىپ تۇرۇلىدۇ،
مەيدىلىرىدىن شىللىقلىرىنى ئۈچەي ۋە تارەت يولى ئارقى-
لىق چىقىرىپ تۇرۇلىدۇ ۋە دائىم ئىچلىرى يۇمشىتىلىدۇ.
قېرىسال كىشىنىڭ تائامى ئاز-ئاز مىقدارغا ئاجرىتىلىپ،
ھەزىم قىلىشىغا ۋە ئۆزىنىڭ كۈچلۈك ۋە كۈچسىزلىكىگە
قاراپ (بىر كۈندە) ئىككى يا ئۈچ مەرتە بېرىلىدۇ. ئۈچىنى-
چى سائەتتە ھەسەل بىلەن ياخشى پىشۇرۇلغان نان بېرىلى-
دۇ. يەتتىنچى سائەتتە، مۇنچىدىن كېيىن ئىچىنى يۇمشىتى-
دىغان، بىز (تۆۋەندە) ئېيتىدىغان نەرسىلەردىن بېرىلىدۇ.
ئۇنىڭدىن كېيىن كېچىگە يېقىن ياخشى ئوزۇق بولىدىغان
يېمەكلىكلەر بېرىلىدۇ. ئەگەر قۇۋۋەتلىك كىشى بولسا، كې-
چىدىكى يېمەكلىكى بىرئاز كۆپەيتىلىدۇ.

سۈتلەر ئىچىلگەندە جىگەرنىڭ ئەتراپىدا ياكى قور-
ساقتا غەيرىلىك، قىچىشىش ۋە ئاغرىق پەيدا قىلمىسا، قې-
رىساللارغا پايدا قىلىدۇ. سۈت غىزالىق بولۇپ (گەۋدىنى)
ھۆللەيدۇ. قېرىسال كىشىگە سۈتنىڭ ئەڭ مۇۋاپىقى ئۆچكە
ۋە ئېشەك سۈتىدۇر. ئېشەك سۈتىنىڭ خاسىيەتلىرىدىن
بىرى شۇكى، ئۇ كۆپىنچە (مەيدىدە) ئېرىپ قالماي، تېز
چۈشۈپ كېتىدۇ. بولۇپمۇ تۇز ۋە ھەسەل قوشۇپ ئىچىل-
سە (شۇنداق بولىدۇ).

قېرىساللار ئىستېمال قىلغانلىرىدا ئىچلىرىنى يۇمشى-
تىپ، گەۋدىلىرىگە ياقىدىغان مېۋىلەر يازدا ئەنجۈر ۋە
ئالخورى، قىش ۋاقتى بولسا ھەسەل سۈيى بىلەن قاينىتىل-
غان ئەنجۈر قېقىدۇر. شۇلارنىڭ ھەممىسى ئىچلىرىنى
يۇمشىتىش ئۈچۈن تائامدىن ئاۋۋال يېيىلىشى كېرەك. سۇ
ۋە تۇز بىلەن قاينىتىپ، مور ۋە زەيتۇن يېغى بىلەن
خۇشبۇي قىلىنغان قويپېچەك ھەم (پايدىلىق). چىلپايە يىل-
تىزىنى توخۇ شورپىسىغا، يا لەۋلەگى شورپىسىغا، يا كەرەم
شورپىسىغا سېلىنسا (ئۇلارغا مۇۋاپىق بولىدۇ.)

ياغ بىلەن ھۇقنە قىلىش ھەم قېرىساللارغا پايدا قىلى-
دۇ. چۈنكى بۇنداق ھۇقنىدە ئىچنى بوشىتىش بىلەن بىللە
ئىچكى ئەزالارنى يۇمشىتىشى بار، بولۇپمۇ شېرىن زەيتۇن
يېغى بىلەن ھۇقنە قىلىنسا، قېرىساللار ئۈچۈن ئەڭ ياخشى
شاراب كونا قىزىل شارابتۇر. چۈنكى ئۇ ھەم سۆيدۈكنى
راۋان قىلىدۇ، ھەم (گەۋدىنى) قىزدۇرىدۇ. (ئۇلار) شاراب-
نىڭ يېڭىسىدىن ۋە ئېقىدىن ساقلىنىشى كېرەك.

ئىبنىسىنا: «تىببىي ئۆگەتلەر» — (تاشكەنت «مېھنەت» نەش-
رىياتى 1991-يىل نەشرى)گە ئاساسەن ئۇيغۇرچىلاشتۇرۇپ تەي-
يارلاندى.

(تەييارلىغۇچى: گۇما ناھىيەلىك ج خ ئىدارىسىنىڭ پېنسىيونېرى)

2015.1

**ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن!**

سىزنىڭ قوللىشىڭىز بىلەن ژۇرنىلىمىز مۇشۇ كۈنگە كەلدى. شۇنى تۆۋەنچىلىك
بىلەن سەمىڭىزگە سالىمىزكى، 2010 - يىلىدىن ئېتىبارەن ژۇرنىلىمىزنى كىتابخانىلارغا
سېلىشنى توختاتتۇق. شۇڭا پەقەت مۇشتەرىلىرىمىزلا ژۇرنىلىمىزدىن ھوزۇرلىنىشقا
مۇيەسسەر بولالايدۇ. مۇبادا سىز بىزنىڭ سادىق ئوقۇرمىنىمىز بولسىڭىز مۇشۇ گەپنى
ئۇرۇق - تۇغقانلىرىڭىزغا، ئاغىنە - بۇرادەرلىرىڭىزگە، خىزمەتداشلىرىڭىزغا، يېقىن -
يورۇقلىرىڭىزغا يەتكۈزۈپ قويىدىغانلىقىڭىزغا ئىشەنچىمىز كامىل.

# خاتا دىننى چۈشەنچىلەرگە رەددىيە

ھاجى رېھىمجان روزى ھەسرىتى
(قازاقستان)

(بېشى ئالدىنقى ساندا)

«ئوقۇغىن، پەرۋەردىگارىڭ ئەڭ كەرەملىكتۇر، ئۇ قەلەم بىلەن خەت يېزىشنى ئۆگەتتى. ئىنسانغا بىلمىگەن نەرسىلەرنى بىلدۈردى»، (ئەلەق سۈرىسى، 3 ـ ، 4 ـ 5 ـ ئايەتلەر).

ھەقىقەتەن ئاللاھ بەندىلىرىنىڭ بىلمىگەن نەرسىلىرىنى ئىلىم ئارقىلىق بىلدۈردى. ئىلىمنى ئاللاھ ئەقىل ئارقىلىق پەيدا قىلدى. بىراق ساۋاتسىزلىق ۋە ئاللاھقا ئېتىقاد قىلىشنىڭ خاتا يولىغا كىرىپ كەتكەنلىكتىن مازارلارغا ئېتىقاد قىلىش (تېۋىنىش)، ئاللاھنىڭ ئورنىغا ئۆلۈكتىن پاناھ تىلەش ۋە پىر ئوقۇش، يا ئاللاھ دېمەي، ياپىرىم دېيىش، ئاللاھنىڭ ئورنىغا ئادەمنى قويۇش ئىسلامدا «ھارام» دەپ كۆرسىتىلگەن بولسىمۇ يەنە تەرەققىي قىلىشقا باشلىدى. ئۇلار راست ئەۋلىيا سۈپەت ئادەملەر بولغان بولسا، ئەۋلادلارغا قالدۇرۇپ كەتكەن تۆھپە ـ مىراسلىرىنىڭ شاراپىتىگە ھۆرمەت ـ ئېھتىرام كۆرسىتىشنى ئۆز يولىدا قىلغان بولسا توغرا بولاتتى. مىڭ ئەپسۇس، مازارلارغا قانچە رەت باش قويۇپ يىغلىساقمۇ ئۇلار بىزگە ھېچنېمە قىلىپ بېرەلمەيدۇ، شۇڭلاشقا مازارلار ھېچقاچان قۇتقۇزغۇچى بولالمايدۇ. مانا شۇنداق ئىشلارغا دەۋەت قىلغۇچىلار ھەددىدىن ئاشقان ئالدامچىلار، ئۇلارغا ئەگەشكۈچىلەرمۇ بىچارە ئەخمەقلەر بولۇپ، ئۇلار ئىسلامنى بۇزغۇچى، ئاللاھنى كەمستكۈچى، ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرگۈچى مۇشرىكلاردۇر، بۇ ھەقتە ئاللاھ ئۆز كالامىدا مۇنداق دېگەن:

«ئۇلار ئاللاھنى، مۆمىنلەرنى ئالدىغۇچى بولىدۇ. ھەقىقەتەن تۇيماستىن ئۆزلىرىنى ئالدايدۇ. ئۇلارنىڭ دىللىرىدا كېسەل (يەنى مۇناپىقلىق، شەكلىنىش) بار» (بەقەرە سۈرىسى، 9 ـ ،10 ـ ئايەتلەر).

ئۇلار سوپىزم شېئىرىيىتىنىڭ ۋەكىلى بولغان «دىۋان ھېكمەت» ناملىق داستانىنىڭ مۇئەللىپى (1116 ـ ، 1205 ـ يىللار ئارىلىقىدا ياشىغان) ئەھمەد يەسەۋى (قۇل خوجا ئەھمەد)نىڭ قەبرىسى بار تۈركىستان شەھرىنى « 2 ـ مەككە» دەپ ئاتىۋالغان. شۇنىڭ بىلەن مەككىگە بارغۇچىلار ئالدى بىلەن تۈركىستانغا بارمىسا ھەج ئىبادىتى قوبۇل بولمىغۇدەك دېگەن پەتىۋا پەيدا بولغان ۋە خەلقنى ئەگەشتۈرۈشكە باشلىغان.

دىننى پەتىۋالار قۇرئاندىن چىقىدۇ. قۇرئاننىڭ سىرتىدىكى ئەقىل ئۆلچىمىدىن تاشقىرى پەتىۋالارنىڭ ھەممىسى يالغاندۇر. ئىلغار ئىدىيەلىك موللىلارنىڭ بەزى ياخشى تەبىرلىرى بار. بۇلار نەق قۇرئاندىن ئېلىنمىغان بولسىمۇ، قۇرئان ئايەتلىرىگە ياخشى ياندىشىدۇ. ياخشىلىقلارغا دەۋەت قىلىدۇ، ئەقىلگە مۇۋاپىق، چۈنكى ئاللاھنىڭ ھۆكۈملىرى ئەقىلدىن تاشقىرى ئەمەستۇر.

موللا مۇسا سايرامىنىڭ «تارىخى ھەمىدە» ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق باياناتلارنى ئۇچرىتىمىز «خەلقلەر تۇرپاننىڭ «تۇيۇق» دېگەن يېرىدىكى بىر غارنى ئەسھابىل كەھبە دەپ ئاتاپ، ئۇنىڭغا چوقۇنۇپ، باش قويۇپ كەلگەن. بۇ يەرگە پۈتۈن يەرلىك ئۇيغۇرلاردىن تاشقىرى پەرغانە، تۈركىستان، ھىندىستان قاتارلىق يەرلەردىن كېلىپ تاۋاپ قىلىپ كېتىدىكەن. بۇ يەرنىڭ شەيخلىرى زىيارەتچىلەرگە ھەر تۈرلۈك يالغان ـ ياۋىداق رىۋايەتلەرنى ئېيتىپ، ئۇلارنىڭ ئىشەنچىسىگە ئىگە بولىدىكەن. شۇنىڭ بىلەن نەزىر ـ چىراغقا ئاتىغان مال ـ دۇنياسىنى ئېلىپ قالىدىكەن، ھەتتا بۇ يەرنى 2 ـ مەككە دەپ ئاتىۋالغانىكەن. ئەسھابىل كەھبىنى بىر قېتىم زىيارەت قىلغانلىق يېرىم ھاجىلىق بىلەن باراۋەر ئىكەن ۋە مۇنداق ئادەملەردىن

ھەج ساقىت بولىدىكەن، دېگەن يالغان ئويدۇرمىلارنى ئويدۇرۇپ چىقارغان.»

«... مۇنداق ئەقىدە قىلغۇچىلار گەرچە نۇرغۇن ياخشى ئىشلارنى قىلغان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ھەممە ياخشى ئىشلىرى تامامەن بىكار بولۇپ كېتىدۇ، ھەتتا بۇ ئېتىقادىغا ئازىراق ئىشەنگۈچىلەر ياكى بۇنى كۆڭلىگە گۇمان بىلەن مۆكتۈرۈپ قويغۇچىلارنىڭ دىنىي ئېتىقادىمۇ زىيانغا ئۇچرايدۇ.»

«... ياقۇپ بەگە بەدەۋلەت زامانىدا خوتەننىڭ ھاكىمى نىياز ھېكىم بىر مۇنچە ئالتۇن-كۈمۈشلەرنى يەرگە كۆمۈپ، ئۈستىگە تۇغ شادىلارنى بېكىتىپ، بىر كاتتا مازار پەيدا قىلغانىدى. نىياز ھېكىم بەگە يىراق-يېقىندىن بۇ يەرگە كەلگەن دۇئاگوي غېرىب بىچارىلەردىن تاشقىرى، ھىندىستان، تۈركىستان ياكى پەرغانە ۋىلايىتى ۋە بەدەخشانلاردىن كەلگەن ھەزرەت ئىشانلارنى مەزكۇر مازاردا بىر ھەپتە، ئەقەللىي ئۈچ كۈن دۇئا ئېتىكاپىدا ئولتۇرغۇزۇپ، ئاندىن ئۇلارنى قوبۇل قىلىپ:

— بۇ مازار شېرىبىنىڭ پەيزى سىرلىرى قانداقراق ئىكەن، بىرەر كەپشى كارامەتلەر بولدىمۇ قانداق؟ — دەپ سورايدىكەن.

دۇئاگۆي تاماگەرلەر بولسا:

— ناھايىتى ئۇلۇغ مازارى شېرىپ ئىكەن. بىزگە ھېچقانداق مازارى شېرىپتە بۇنچىلىك پەيزى بولمىغانىدى، پەيزى كارامەتنى بۇ مازارى شەرىپتىن كۆردۇق، — دېگەندە ئۇ تەبەسسۇم قىلىپ:

— بۇ مازارى شېرىپ ئىلگىرى مەخپىي ئىكەن، پەقەت جانابى ئالىينىڭ (ياقۇپبەگنى دېمەكچى) دۆلەت كۆچىدىلا ئاندىن ئاشكارا بولدى، — دەيدىكەن. ئاخىر ئۇ كورلىدا دورا بېرىپ ياقۇپبەگنى ئۆلتۈرۈپ، مانجۇلارنى خوتەنگە باشلاپ بېرىپ مەزكۇر مازارنىڭ توغ، ئەلەم ۋە بايراقلىرىنى تامامەن يۇلۇپ تاشلاپ قەبرىنى ئېچىپ، ئىچىدىكى ئالتۇن-كۈمۈشلەرنى ئېلىپ، چېرىكلەرنىڭ ھەققى دەپ تاپشۇردى.»

ئالدامچىلار پەقەت ئېتىقادى بوش، نادان ئادەملەرنىلا ئالدايدۇ. مۇنداق ئادەملەر:

«شامال چىقسا خۇددى دېڭىز دولقۇنىغا ئوخشاش تەۋرىنىپ تۇرىدۇ. مۇنداق كىشى ئۆزىنىڭ بارلىق يوللىرىدا بىقارار، تۇراقسىز بولىدۇ. ئۇ خۇدادىن بىر نەرسىگە ئىگە بولىمەن دەپ ئويلىمىسۇن»، (ئىنجىل 1- قىسىم 7- ئايەت ياقۇپنىڭ سالام خېتى).

خەلق 2- مەككە، قۇتقازغۇچى ماكان دەپ ئىبادەت قىلىۋاتقان، ئاللاھنى قايرىپ قويۇپ پۇل-مەنپەئەت ئۈچۈن دىننى قالايمىقان قىلغۇچى ئىشان-شەيخلەرگە نىسبەتەن، شائىر ئەھمەد يەسەۋى ئۆزىنىڭ «ھېكمەت» ناملىق داستانىدا:

«رىيالىق شەيخنى كۆرسەم تەپكۈم كېلۇر» دەپ يازىدۇ.

ئەينى چاغدا مىللىتىمىزنىڭ خۇراپاتلىق بىلەن قاتقان، تەرەپبازلىقتىن گاڭگىرىغان كاللىسىدا ئەقىل تەپەككۇردىن ئەسەر قالمىدى. ئۇلار «ئاق تاغلىق»، «قارا تاغلىق» خوجا ئىشانلارغا ئەگىشىپ ئۆزئارا قىرغىنچىلىق قىلىشقا، بىر-بىرىنىڭ قېنىنى تۆكۈشكە، ئىنسانىي ھوقۇقلىرىدىن ۋاز كېچىشكە، مازار خانىقالاردا تۈنەشكە رازى بولدۇكى، ھەرگىزمۇ «بىز ئىنسان، بىز تەپەككۇر ئىگىسى، بىز ھەممىمىز تىلى، دىنى، قېنى بىر قېرىنداش، بىزنىڭ ئۆزىمىزنى سۆيۈش، ھاياتنى قەدىرلەش ھوقۇقىمىز بار!» دېگەنلەرنى ئويلاپ قويمىدى. ئىسلام دىنى گەرچە ئەقىلنى تەشەببۇس قىلغۇچىدىن بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار ئەقىل بىلەن ئىش كۆرۈشنى، تەپەككۇرنى ئىشقا سېلىشنى ئۆزىگە راۋا كۆرمىدى.

ئالمۇتا شەھىرىنىڭ ئەتراپىدىكى مەھەللىلەرنىڭ بىرىدە نايىپ ئىمام (ئورۇن باسار ئىمام) دېگەن ئادەم 2003-يىلى نورۇز بايرىمىغا دىنىي تۈس بېرىپ، بۇ مىللىي بايرامنى دىنىي بايرامغا ئايلاندۇرۇپ شەرھلەپ، پۈتۈن پائالىيەت ھوقۇقىنى ئىلكىگە ئۆتكۈزۈۋېلىپ، ئەسلىي بۇ بايرىمىمىزغا يېتەكچىلىك قىلىشقا تېگىشلىك زىيالىيلارنى ئىككىلەمچى ئورۇنغا چۈشۈرۈپ قويۇشتەك بىمەنە ئىشنى سادىر قىلغان.

قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ كونستىتۇتسىيەسىدە مۇنداق مەزمۇنلار بار: دىن ھۆكۈمەتتىن، مەكتەپ مەسچىتتىن ئايرىۋېتىلگەن. دىنىي مۇراسىملاردىن باشقا ئىشلارغا دىن رەھبەرلىك قىلالمايدۇ، جامائەتچىلىك ئاساسىدىكى دىنىي ئىشلار ئۆز ئالدىغا ئېلىپ بېرىلىدۇ. شۇڭلاشقا دىنىي زاتلار دېپۇتاتلىققا كۆرسىتىلمەيدۇ.

دىن ئـەركىنلىكى يـولغا قـويۇلغاندىن كـېيىن خـەلقتە توسمىنى ئېچىۋەتكەندەك ئـەھۋال يـۈز بـەردى. يـىغىلىپ قالغان ئەخلەت۔ چاۋا، لاتقا۔ پاتقاق قارىقويۇق ئېقىپ كەل۔ مەكتە، ئەمدى بۇنىڭغا ياخشى سۈزگۈچ كېرەك بولۇۋاتى۔ دۇ.

«قۇرئان كەرىم»دە شەيتان:

«مـەن ئـەلۋەتتە سـېنىڭ بـەندىلىرىڭدىن مـۇئەييەن ساندىكىلىرىنى ئېگىلەيمەن، شۇنداقلا چوقۇم ئۇلارنى ئاز۔ دۇرىمەن. ئۇلارنى خام خىيال قىلدۇرىمەن» دېگەن (نىسا سۈرىسى، 118 ۔، 119 ۔ ئايەتلەر).

شـۇڭلاشقا مـۇتەئەسسىپلەر شـەيتاننىڭ ئـارقىسىغا كىرىپ خام خىيال قىلمىسۇن.

«خالايىق يەھيا پەيغەمبەرنىڭ ئالدىغا سۇغا چۆمدۈ۔ رۈپ چىقىش مۇراسىمىدىن ئۆتۈش ئۈچۈن توپ۔ توپ بولۇپ كېلىشتى. (خىرىستىيانلاردا بـۇ مۇراسىم ھازىرمۇ بار) بىراق يەھيا پەيغەمبەر ئۇلارغا:

ـــ ھەي ھىيلىگەرلەر! سىلەر زەھـەرلىك يىلاندىنمۇ يامان. كىم سىلەرگە توۋا قىلماي خۇدادىن كېلىدىغان جا۔ زادىن قېچىپ قۇتۇلۇش ئۈچۈن ‹چۆمدۈرۈپ چىقىش مۇ۔ راسىمىدىن ئۆتۈڭلار› دېگەن. مۇنداق قىلىشقا قەتئىي بول۔ مايدۇ، ئـەگەر گـۇناھلىرىڭىزغا تـوۋا قـىلدۇق دېسـەڭلـەر ئۇنى ئىسپاتلاڭلار! ـــ دېگەن.»

(ئىنجىل 3۔ قىسىم، 7۔،8۔ ئايەتلەر).

پەيغەمبەرلىرىمىز بالا ۋاقتىدا ئىككى پـەرىشتە كـۆك۔ سىنى يېرىپ ۋۇجۇدىنى شەيتاننىڭ نۇقسانلىرىدىن تـازىلى۔ غان. ئەمدى بىزنىڭ ۋۇجۇدىمىزنى نېمە تازىلايدۇ.

نورۇز دىنى بـايرامۇ؟ يـاق! نـورۇز دىنىي بـايرام بـولغان بـولسا، ئـەرەبىستاندا بـاشلانغان بـولاتتى ھـەم «قۇرئان كەرىم»دە بۇ ھەقتە بىرەر بېشارەت بېرىلگەن بولاتتى، ئەيسۇسكى ئەرەبلەردە بۇ بايرام يوق.

نورۇز دېگەن سۆز يېڭى كۈن دېگەن مەنىنى بىلدۈ۔ رىدۇ. مـەسىلەن، نـەۋتال۔ يـېڭى تـال، نـەۋ بـاھار۔ يـېڭى بـاھار يـاكى بـاھارنىڭ بـاشلىنىشى دېگـەن سـۆزلەرگە ئوخشاش. لېكىن بەزى ئادەملەر بۇ بايرامغا دىنىي تـۈس بېرىپ، بايرام باشلىنىشنىڭ ئالدىدا قۇرئان۔ تـىلاۋەت قـە۔ لىشنى چىقاردى. ئەمدى نورۇز نامىزى ئوقۇشنى چىقىرد۔ دىغان ئوخشايدۇ. بۇ دىنىنى چـاكىنىلاشتۇرۇش بـىلـەن ئىسلام يۈكىنى ئېغىرلاشتۇرىدىغان ئىشلارنىڭ بـىرى. ئاللاھ ئۆز كالامىدا «(ئاللاھ بەلگىلەپ بـەرگەن) چەكتىن ئاشماڭلار، ئـاللاھ چەكتـىن ئـاشقۇچىلارنى ھـەقىقەتەن دوست تۇتمايدۇ» دېگەن.

(مائىدە سۈرىسى، 87۔ ئايەتنىڭ ئاخىرى).

ئاللاھ يەنە نىسا سۈرىسىنىڭ 27۔ ئايىتىدە:

«ئاللاھ سىلەرنىڭ يۈكۈڭلارنى يېنىكلىتىشنى (يـەنى شـەرئىئەت ئـەھكاملىرىنى ئـاسانلاشتۇرۇشنى) خـالايدۇ» دەپ كۆرسەتكەن.

بىز نۇرغۇن يەرلەردە ئاللاھنىڭ كالامىغا قارشى چە۔ قىۋاتقانلىقىمىزنى ھېس قىلالمايمىز، ھەتتا ئاللاھ بۇيرۇغان پەرزنى قايرىپ قويۇپ سۈننەتنى پەرزدىن بۇرۇن ئـوقۇي۔ دىغان يـەرلىرىمىزمۇ بـار. مـەسىلەن، بـامدات نـامىزىنىڭ ئىككى رەكئەت سۈننىتى، پېشىنىنىڭ تۆت رەكئەت سۈننىتى۔ نى پەرزدىن بۇرۇن ئوقۇيمىز. ئۇنىڭ ئۇستىگە پـېشىن نـا۔ مىزىدىكى پـەرزدىن بـۇرۇن ئـوقۇلىدىغان تـۆت رەكئـەت سۈننىتى بـىلـەن پـەرزدىن كـېيىن ئـوقۇلىدىغان ئـىككى رەكئەت سۈننىتى بار. خۇپتەندە سۈننەتتىن كېيىن ئـوقۇل۔ دىغان ۋىتىر نامـىزى جۈمە نـامىزىدىكى ئـىككى رەكئـەت ‹تەھىيەتى مەسچىت› (مەسچىت ھەققىي نـامىزى) ئـوقۇل۔ دۇ. ئـارقىدىن خۇپتەن ئـوقۇلىدۇ ۋە بـاشقىلار. ئـەمدى نورۇز نامىزى دېگەننى پەيدا قىلسا «ئاللاھ سىلەرنىڭ يۈ۔ كۈڭلارنى يېنىكلىتىشنى خـالايدۇ» دېگـەن ئـاللاھنىڭ كالامىغا ئەگەشكەن بولىمىزمۇ؟ ئىسلامنىڭ دۇنياۋى مەر۔ كىزى بولىدىغان مەككە مۇكەررەمەدە ۋە باشقا نۇرغۇنلى۔ غان مۇسۇلمانلارنى ئـاساس قـىلغان دۆلـەتلەردە نـامازدا سۈننەت ئوقۇلمايدۇ. بىز ئۇيغۇرلار ئىسلام يولىدا ئەقىل۔ پاراسەت بىلەن ئىش قـىلايلى. «ئـاراڭلاردا ئـەقىل۔ پارا۔ سەتلىك كىشى بارمۇ؟ ئەگەر بار بولسا ئۇ گۈزەل ھـايات بىلەن ئەقىل۔ پاراسەتتىن كېلىپ چىققان كىچىك پېئىللىق بىلەن ياخشى ئەمەلىيەتلەرنى كۆرسەتسۇن! لېكىن قـەلبىڭ۔ لاردا ئۆتەتەك كۆرەلمەسلىك، ھەسەت بولسا، ئەقىل۔ پارا۔ سىتىڭلاردىن ماختانماڭلار!»...

(ئىنجىل 3 ۔ قىسىم، 13 ۔ ئايەت، ياقۇپنىڭ سالام خې۔ تىدىن).

دەرۋەقە بىر مىللەتتە ئۆزىنىڭ ئۆتۈقلىرىدىن ماختە-
نىش بىلەن بىللە، يەنە ئۆز زەئىپلىكلىرى ۋە ئاجىزلىقلىرد-
نى ئېتىراپ قىلىدىغان جۈرئەت بولۇشى كېرەك. شۇنداق
قىلالىغاندىلا ئالغا ئىلگىرىلىگىلى، تەرەققىي تاپقىلى بولى-
دۇ.

يېقىندىن مۇستەقىللىقنى تىكلىگەن ئوتتۇرا ئاسىيا
جۇمھۇرىيەتلىرىدە خەلق نوپۇسى ئاساسەن مۇسۇلمانلار-
دىن تەشكىل قىلىدۇ. يېڭى جۇمھۇرىيەتلەرنىڭ روھىي ھالى-
تى مۇتەئەسسىپلەرنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىماسلىقى كېرەك.
ئەزەلدىن شەيخ، پالچى، سوپى-ئىشانلارنىڭ قالدۇرۇپ
كەتكەن خۇراپاتلىقتا بۇلغانغان پاك ئىسلام دىنىمىز تازى-
لانماي تۇرۇپ ئەۋلادلارنىڭ 21-ئەسىردە ئەركىن ئاياغ
بېسىپ مېڭىشى قىيىن بولىدۇ.

رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، شا مەشرەپ يەكەندىن خو-
تەنگە بارغاندا خوتەندىكى بىر قىسىم نادان ئادەملەر
ئۇنى ئەۋلىيامىش دەپ شا مەشرەپكە باش قويغان. بۇ
مەنزىرىنى كۆرگەن شا مەشرەپ قاتتىق غەزەپ بىلەن،
‹ئېي ئازغۇن بەندىلەر! بىر ئاللاھنى قويۇپ مەندەك بىر
بەندىگە باش قويۇپ چوقۇنۇشقا قايسى ئېتىقادىڭلار يول
قويىدى؟› دېگەنمىش.

ئوتتۇرا ئاسىيادا ئۆتكەن مەشھۇر دىنىي ئالىم مۇسا
جارۇللا 1920-يىلى قەشقەرگە كەلگەندە قازى-قوزان،
ئىشان-شەيخلەر بىلەن شەھەرنى ئارىلاپتۇ، شۇ جەرياندا
بىر پاھىشىخانىغا دۇچ كېلىپ قاپتۇ ۋە پاھىشە ئاياللار
بىلەن سۆھبەتلىشىپ، كۈنىنىڭ ئېغىرلىقىدىن بۇ رەسۋا
ئىشقا قەدەم قويغانلىقىنى ئۇقۇپتۇ. شۇندا مۇسا جارۇللا
ئۇلاردىن:

— يۇيۇنامسىلەر؟ — دەپ سوراپتۇ. ئاياللار:

— سۇنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ يۇيۇنىمىز — دېيىشىپتۇ.

— تۇرمۇشنىڭ قاتتىقلىقى سىلەرنى بۇ ئىشقا مۇپتىلا
قىلىپتۇ. ئەمما پاك يۈرۈكىڭلار، دەپ چىقىپ كېتىپتۇ. قەشقەر-
نىڭ بايىقى كاتتىلىرى پاھىشەخانە ئىشىكىدە بۇ زاتنى
كۈتۈپ تۇرغانىكەن. ئۇلار مۇسا جارۇللانىڭ پاھىشىخانىغا
كىرگىنىگە نارازىلىقىنى بىلدۈرۈپتۇ. مۇسا جارۇللا جاۋابەن:

— بۇ ئاياللار سىلەردىن نەچچە ھەسسە پاك ئىكەن.
سىلەرنىڭ كاساپىتىڭلاردىن بۇ ئەزىز قىزلىرىمىز مۇشۇ
ھالغا چۈشۈپ قاپتۇ. ئىسلام قەشقەرگە كەينىچىلەپ كىر-
گەنىكەن، — دەپتۇ. ئوتتۇرا ئاسىياغا ئۇلۇغ يۈزى بىلەن
كىرگەن ئىسلام يۇقىرىقىدەك مۇناپىقلار كاساپىتىدىن تە-
تۈرگە ئايلىنىپ كەتكەن. ھازىرچە بۇ تەتۈرلۈكنىڭ تەرسا
ۋەكىللىرى يالغان پەتۋارلار بىلەن خەلقنىڭ بېشىنى ئاي-
لاندۇرماقتا، بۇلارنىڭ ھەممىسى مېڭىنىڭ يېغىنى يەيدىغان
ئىشلار خالاس.

مۇشۇ كۈنلەردە قانچىلىكى دۇئا-تەكبىرچىلەر ئون
مىنۇت قۇرئان ئوقۇسا، 15 مىنۇت مەدداھلارچە دۇئا
قىلىپ خەلقنىڭ ۋاقتىنى ئالماقتا ۋە زېرىكتۈرمەكتە ھەم ئۇ
دۇئالارنىڭ كىملەرگە بېغىشلانغانلىقىنى بىر-بىرلەپ
ئېيتىپ چىقىپ ئاللاھنى ئاگاھلاندۇرماقتا. دۇئانىڭ كىمگە
تېگىشلىك ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بەرمىسە قۇدرەتتى ئاللاھ ئا-
دىشىپ قالارمۇ؟ بۇ دىنىي زاتلار قۇرئاندىكى «ئاللاھ
ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچى، ھەممە ئىشنى كۆرۈپ تۇرغۇ-
چى، ھەممىنى سېزىپ تۇرغۇچى» دېگەن تەكرار-تەكرار
ئاگاھلاندۇرۇلىدىغان ئايەتلەرنى بىلمەمدۇ؟! ئەگەر بىلسە
نېمىشقا ئاگاھلاندۇرۇپ قايتا-قايتا جېكىيدۇ؟ ئاللاھ
نەرسە-كېرەك سېتىۋالغىلى بازارغا ئەۋەتكەن بالىمىدى. ئال-
لاھقا ۋەز-نەسىھەت، ئاگاھلاندۇرۇش كەتمەيدۇ. سورۇن-
لاردا ئۆزىمىزنى جامائەتكە تەنتەنىلىك كۆرسىتىش ئۈچۈن
غۇلاچلاپ دۇئا ئوقۇيمىزكى، ئاللاھنىڭ قۇدرەت كامالى-
نىڭ كەمستىلىۋاتقانلىقىنى ئويلىمايمىز، مەن ئاكام ھەمرا
ئاخۇنۇمدىن ئاڭلىشىمچە، دۇئادا ئىككى ئالقاننى ئېچىپ
كۆتۈرۈپ تۇرۇشنىڭ سەۋەبى ئوقۇلىدىغان قۇرئان ئارقى-
لىق ئاللاھنىڭ نۇرى ئالقىنىغا چۈشەرمىش. بىز ئۇ نۇرنى
ئۆزىمىزگە سۈركەيدىكەنمىز، ئەكسىچە شۇنچىلىكى ئۇزۇن
دۇئانىڭ نۇرى يەرگە تۆكۈلۈپ كېتىش ئېھتىمالى يوقمى-
دۇ؟ ئەلۋەتتە بەزىلەر ئوقۇغان ئاللاھنى كەمستىۋاتقان
دۇئادا ئاللاھنىڭ نۇرى بولمايدۇ، تېخى بەزىبىرى نادان-
لار ئەرۋاھلار دۇئاسىراپ قالغاندەك، دۇئا-تەكبىر ئۆت-
كۈزۈپ تۇرۇش كېرەك. دەيدىغان ۋەز-نەسىھەتلەرنى قى-
لىشىدۇ. دېمەك، روھلارنىڭ ئۇ دۇنيادىكى تەقدىرى ئال-
لاھنىڭ ئىلكىدە بولماي، بۇ دۇنيادىكى تىرىكلەرنىڭ دۇ-
ئاسىدا ئىكەندە. يەنە كېلىپ روھلارنىڭ ئاخىرەتلىكى
ئۇلارنىڭ بۇ دۇنيادىكى پاك ئېتىقادى بىلەن ياخشى-

يامان ئەمەللىرىدە ئەمەس ئىكەندە. ياق، ئۇنداق ئەمەس! نەزىر-چىراغ ئۇ دۇنيادىكى ئادەملەرنى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ھازىدارلارغا تەسەللىي بېرىش، يېتىم-يېسىرلارنىڭ كۆڭلىنى ئېلىش، ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا بارغىچە ئەمەلىي ساۋاب ئىزدەش ئۈچۈندۇر، دۇئا-تەكبىر تىرىكلەرنى ئاللاھنىڭ بۇيرۇغانلىرىغا ئەمەلدە ئىشلەشكە دەۋەت قىلىش ئۈچۈندۇر. چۈنكى بەندىلەر ئاللاھقا موھتاج «ئاللاھ بىزنى ياخشى ئەمەللىرىمىز بىلەن موھتاجلىقتىن چىقارغۇچى».

«ھەممە ئاللاھقا موھتاجتۇر» (ئىخلاس سۈرىسى، 2-ئايەت).

بىز مەدىنىدە پەيغەمبەرلىرىمىزنىڭ قەبرىسى بار مەسچىت «نەبەتىرى»دىن چىقىپ ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ قەبرىسى بار «جەننەتۇل باقى» قەبرىستانىغا كىردۇق. بۇ يەردە بىزگە قۇرئان ئوقۇپ دۇئا قىلماسلىقنى ئالاھىدە ئۇقتۇردى. بۇنىڭ سەۋەبى بەندىنىڭ ۋەزىپىسى — تىرىك چېغىدا ئاللاھ بۇيرۇغان ياخشى ئىشلارنى قىلىش ئىكەن. «ئۆلگەندىن كېيىن ئاللاھنىڭ ئىلكىگە ئۆتۈپ كېتىدۇ. ئۇ يەرگە ھېچ نەرسە بارمايدۇ، دۇئا بىلەن ھېچ نەرسە ئۆزگەرمەيدۇ» دەيدىكەن.

«سىلەر ئاشكارا قىلىنىدىغان كۈندە (يەنى قىيامەتتە) ئۇنىڭدىن (يەنى ئىنساندىن ئازابنى دەپئى قىلىدىغان ئاللاھتىن باشقا) ھېچ كۈچ ۋە ياردەمچى يوقتۇر» (نادىق سۈرىسى، 9-، 10-ئايەتلەر).

دېمەك، بەندىنىڭ ئۇ دۇنيا ئىشىغا ئارىلىششىغا ھەققى يوق.

ئەنقەرە شەھىرىدىكى تۈركىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ دۆلەت ئاتىسى مۇستافا كامالنىڭ قەبرىسىنى زىيارەت قىلىشقا باردۇق. كىرىش ئالدىدا ئىشىكتە تۇرغان ساقچى بىزگە:

— باش كىيىمىڭلارنى ئېلىۋېتىڭلار، قۇرئان ئوقۇپ، دۇئا قىلىشقا بولمايدۇ، — دەپ ئەسكەرتتى...

مېنىڭ كىچىك ئانام ۋاپات بولغاندا يەرگە قويۇپ لەھەتنى بېكىتىدىغان چاغدا يەرلىكۆچى سېپىتاخۇنۇمغا قاراپ:

— تەلىم بېرىۋەتسىلە! — دەپ مۇراجىئەت قىلدى.

ئاخۇنۇم جامائەتكە قاراپ:

— بۇ مەزلۇم تىرىكىدە مەدرىسلەردە ئوقۇپ تەلىم ئالغان، تەلىم بېرىشنىڭ كېرىكى يوق. تەلىم-تەربىيەنى تىرىكىڭلاردا ئېلىڭلار!

تىرىكىدە تەلىم سىڭمىگەن ئادەمگە ئۆلگەندە تەلىم سىڭمەيدۇ — دېگەنىدى.

دېمەك، ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆلگەندىن كېيىن ياسىن ئوقۇشنىڭ پايدىسى يوق دېگىنى راست ئىكەن.

موردىنىڭ بېشىغا داڭگال قويۇش، كېسەككە ئايەت يېزىپ ھەمراھ قىلىش، بۇلار پۈتۈنلەي ئەخمەقچىلىكتىن باشقا نەرسە ئەمەس. ئەگەر ياخشى ئەمەللىرىنىڭ ۋە ئىمانىڭ ھەمرا بولمىسا سېنىڭ ئايەت ھۆرگەن چالمىلىرىڭ، كېسەكلىرىڭ ھېچ نەرسىگە يارىمايدۇ. ئاللاھنىڭ سۆزىنى يەنە تەكرارلايمىزكى:

«ئەي مۆئمىنلەر ئاللاھ بەلگىلەپ بەرگەن چەكتىن ئاشماڭلار، ئاللاھ چەكتىن ئاشقۇچىلارنى دوست تۇتمايدۇ» (مائىدە سۈرىسى، 87-ئايەت).

بىزگە ئاللاھ «قۇرئان كەرىم» ئارقىلىق دوستلۇق-ئىتتىپاقلىقنى ھەر نەرسىگە كەڭ، توغرا قاراش كېرەكلىكىنى، ھەتتا باشقا دىندىمۇ ئەھلى كىتابلارنىڭ ۋە ئەھلى ئادەملەرنىڭ بار ئىكەنلىكىنى، ئۇلارغىمۇ ئاللاھ مەغپىرەت قىلىدىغانلىقىنى ئوچۇق كۆرسىتىپ بەردى.

مەسىلەن، «ئەھلى كىتاب ئارىسىدا ھەقىقەتەن ئاللاھقا ئىمان كەلتۈرىدىغان، سىلەرگە نازىل بولغان كىتابلارغا (يەنى قۇرئانغا) ئۆزلىرىگە نازىل بولغان كىتابلارغا (يەنى تەۋراتقا، ئىنجىلغا) ئىشىنىدىغانلار بار. ئۇلار ئاللاھقا ئېتىقاد قىلىدۇ... ئۇلارغا پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ دەرگاھىدا ساۋاب بېرىلىدۇ...» دەپ كۆرسەتكەن (ئال ئىمران 199-ئايەت)

بىزدە كاپىر چۈشەنچىسى پۈتۈنلەي بۇزۇلۇپ كەتتى. بۇ سۆز «دۈشمەن» دېگەن مەنىدە بولۇپ، ئاللاھنىڭ پەيغەمبەرلىرىگە، ئۇلارنىڭ پائالىيەتلىرىگە، ئۇلارغا چۈشۈرۈلگەن كىتابلارغا قارشى چىققان ئادەملەرگە قارىتىلغان. ئەپسۇسكى قۇرئانىنى ياخشى ئۆگەنمەي، قېتىرقىنىپ مۇلاھىزە قىلىپ كۆرمەي، ئىسلامدىن باشقا دىندىكىلەرنىڭ، ئەھلى كىتابلارنىڭ ھەممىسىنى بىر تاياقتا

ھەيدەپ «كاپىر»نىڭ ئىچىگە ئەكىرگۈزۈۋەتكەن. شۇ سەۋەبتىن بىر - بىرىنى قوۋۋەتلەيدىغان پەيغەمبەرلەرگە ۋە ئۇلارنىڭ ئۇممەتلىرىگە دۈشمەنلىك شەكىللەنگەن، يۇقىرىقى ئايەت مەزكۇر قاراشلارنىڭ، چۈشەنچىلەرنىڭ توغرا ئەمەسلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. بەزى يەرلەردە غەيرىي دىنىدىكىلەر مۇسۇلمانلارنىڭ مەسچىتىگە كىرسە «كاپىر» دەپ رۇخسەت قىلمايدۇ، غەيرىي دىندىكىلەرنىڭ چېركاۋ ۋە ئىبادەتخانىلىرىغا مۇسۇلمانلار كىرسە، ئىززەت- ھۆرمەت بىلەن قارشى ئېلىنىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى شۇ دىندىكى خەلقنىڭ چۈشەنچىسىگە، ئاڭ- سەۋىيەسىگە، مەدەنىيىتىگە باغلىق. بۇ مەسىلە دوستلۇقنى، ئىككىنچىدىن دىننى ھۆرمەت قىلىدىغانلىقنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. ئەكسىچە ئىسلام مۇتەئەسسەسپلىرى توغرا كەلسە ھەممىنى قايرىپ قويىدۇ.

گېرمانىيەلىك ساياھەتچى لىكوك تۇرپاندىكى بىر ئەھۋالنى مۇنداق دەپ يازىدۇ: «... بىر كۈنى بىز چۈشكەن ئۆيگە قازىئاخۇن ۋە بىر قانچە يۇرت مۆتىۋەرلىرى كەلدى. بىز ئۇلارنى ھۆرمەت- ئېھتىرام بىلەن كۈتۈۋالدۇق. بىر ئاز ۋاقىتتىن كېيىن ئۇلار گەپ تەشتى:

— تەخسىر، ئىككىلىرى يىراق ئەللەردىن بىزنىڭ يۇرتىمىزغا مۇساپىر بولۇپ كېلىشىپلا، شۇڭا بۇ يۇرتتا بۇنداق بويتاق يۈرۈشىسلە قاملاشماس، ئەڭ ياخشىسى ئۆي - ئوچاقلىق بولۇپ باشلىرىنى ئوڭشىۋالسىلا، بىز شۇ ۋەجىدىن كەلدۇق — دېيىشتى.

— بىز ئاللىقاچان توي قىلىپ بولغان، ئائىلىمىز بار دېدۇق — ھەيرانلىق ئىلكىدە.

ئەتىسى بىر ئەپەندىم:

— بىراق ئىككىلىرىنىڭ مەزلۇملىرى ناھايىتى يىراقتا. ئەر كىشى سەپەرگە چىققاندا ئۈچ ئاي جەريانىدا خوتۇنسىز يۈرسە شەرىئەتكە خىلاپ بولىدۇ. بىزنىڭ يۇرتىمىزنىڭمۇ خاتىرجەملىكى بۇزۇلىدۇ، شۇڭا بۇ يەردە نىكاھلانماقلىرى بەرھەق. ئەگەر خالىسىلا قازىئاخۇنۇم بىلەن غوجامنىڭ قىزلىرىنى ئېلىشسىلا، — دېيىشتى ئۇلار ساقاللىرىنى سىلىكىپ...

مۇتەئەسسىپلەر پايدىغا كەلگەندە دىن ئايرىمىغان بىلەن دىل ئارىسىنى بۇزۇپ كەلگەنلەردۇر. دەرۋەقە بۇگۈنكى كۈندە مۇستەقىللىقنى ئەمدى قولىغا ئېلىپ، ئۇنىڭ ئۇلىنى مۇستەھكەملەشكە ھەرىكەت قىلىۋاتقان دۆلەتلەردە ھەر قانداق مىللىي ۋە دىنىي ئۆچمەنلىك تۇغدۇرغۇچىلار بىزنىڭ ئورتاق دىشمىنىمىزدۇر.

ئاللاھ بەندىلىرىنى ھەممىدىن ئۇلۇغ، ئەزىز ياراتتى. ئىنسانىيەتكە ئېتىقادنى تەۋسىيە قىلدى ۋە ئۇنىڭدىن ھېساب ئالىدىغان بولدى. شۇڭلاشقا ئادەمنىڭ ئۇلۇغلۇقى ئۈچۈن ئاللاھ:

«پەرىشتىلەرگە ئادەمگە سەجدە قىلىڭلار! دېدۇق. ئىبلىستىن باشقىسى ھەممىسى سەجدە قىلدى. ئىبلىس باش تارتتى...» دەپ كۆرسىتىلگەن (بەقەر سۈرىسى، 34 - ئايەت).

«قۇرئان كەرىم»دە ئادەمنىڭ ئۇلۇغلۇقى سۈپەتلەنگەن. تەسەۋۋۇپ ئەقىدىسىنىڭ مۇتەپەككۇرى مەنسۇر ھەللاجنىڭ «ئاللاھ ئۆزىنىڭ ئوبرازىغا ئاساسەن تۇنجى ئادەمنى ياراتقان... ئادەمنىڭ يارىتىلىشىدا ئاللاھ ماھىيەتلىرىنىڭ پۈتكۈل تەرەپلىرى نامايان بولغان» دېگەن كۆز قاراشلىرى يۇقىرىقى ئايەتلەردىن كېلىپ چىققان.

«بىز خۇدانى سۆيىمىز. چۈنكى خۇدا ئالدى بىلەن بىزنى سۆيدى. ئەگەر بىرسى ئالدى بىلەن خۇدانى سۆيىمەن دەپ، قېرىنداشنى (ياخشىلارنى) ئۆچ كۆرسە، ئۇ يالغانچىدۇر».

(«ئىنجىل» يۇھاننىڭ سالام خېتى 11920 - ئايەتلەر)

ئىسلامنىڭ تەرجىمىسى تىنچلىق دېگەن بولىدۇ. تىنچلىق، ئىمانلىق، ئىتتىپاقلىق، ھەمكارلىق، تەرەققىيات مەدەنىيەت ۋە ئىبادەتتۇر. شۇڭلاشقا بىزگە تىنچلىق كېرەك، دوستلۇق كېرەك.

ئالمۇتا شەھرىنىڭ سۇلتان قورغان مەھەللىسىدىكى چوڭ مەسچىتنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىدا خرىستىيان دىنى بويىچە ئالمۇتا — شىمەي ئېپىسكوپى تەبرىك سۆزى سۆزلەپ: «مانا بۈگۈن ئاللاھنىڭ يەنە بىر ئۇلۇغ دەرگاھى ئېچىلدى. ھەممىمىزگە خۇدا مۇبارەك قىلسۇن» دېگەنىدى. بۇ «كاپىر»نىڭ، سۆزى دۈشمەننىڭ سۆزىمۇ ياكى دوستنىڭ سۆزىمۇ؟

«بىر كىشى يولدا قاراقچىلارغا ئۇچراپ قاپتۇ. قاراقچىلار ئۇ كىشىنىڭ مال - دۇنياسىنى بۇلاپ، ئۆزىنى

ئۇرۇپ چالا ئۆلۈك قىلىپ تاشلاپتۇ. ئۇزاق ئۆتمەي بىر دىنىي زات ئۆتۈپ كېتىپ بېرىپ ئۇنىڭغا قاراپ قويۇپ پەرۋا قىلماپتۇ. بىر ئازدىن كېيىن بىر تەقۋادار ھېلىقى چالا ئۆلۈككە قاراپ قويۇپ ئۆتۈپ كېتىپتۇ. يەنە بىر ئازدىن كېيىن بىر دەھرى سۈپەت ئادەم ھېلىقى ئادەمنى كۆرۈپ ئېشكدىن چۈشۈپ ئۇنى ئۆيىگە ئەكىلىپ داۋالاپ ساقايتىپ يولغا سېلىپ قويۇپتۇ. مۇشۇ ئۈچىنىڭ قايسىسى خۇداغا يېقىن، (ئەلۋەتتە) 3 ـ كىشى ھەم خۇداغا يېقىن، ھەم بەندىنىڭ دوستى ‹ئىنجىل›دىن.»

ئۈچ كىشى ھەجگە مېڭىپتۇ. بىر ئۆيىنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىپ بارسا بىر ئايالنىڭ يىغىسى ئاڭلىنىپتۇ. نېمە ئىشكەن دەپ، ئۆي ئىچىگە كىرسە ئايال يىغلاپ ئولتۇرغۇدەك. باللىرى ئاچلىقتىن ئۆلۈم ھالىتىدە ياتقۇدەك. ھېلىقى ھەجگە ماڭغانلارنىڭ بىرى زىيارەتكە ئاتىغان دۇنياسىنى ئايالغا قالدۇرۇپ ئارقىغا مېڭىپتۇ، قالغان ئىككىسى پەرزنى ئادا قىلماسلىق بولمايدۇ، دەپ ھەج قىلغىلى كېتىپتۇ. بۇلارنىڭ قايسىسى ھەقىقىي مۇسۇلمان؟

«سىلەرنىڭ كۈن چىققان، كۈن پاتقان تەرەپكە يۈز كەلتۈرۈشۈڭلارنىڭ ئۆزىلا ياخشى ئەمەلگە كىرمەيدۇ... ئاللاھنى سۆيۈش يۈزىسىدىن ئەخش ـ ئەقرىبالارغا، مىسكىنلەرگە ئىبنى ـ سەبىلەرگە... پۇل، مال ياردەم بېرىش، ناماز ئوقۇش، زاكات بېرىش، ۋەدىگە ۋاپا قىلىش... ياخشى ئەمەلگە كىرىدۇ. ئەنە شۇلار ئىماندا راستچىل ئادەملەردۇر» (بەقەر سۈرىسى، 177 ـ بەت).

ـــ ھەي مۇسۇلمانلار! سىلەر تەقۋادارلىق قىلىپ يۈرگىنىڭلار بىلەن يۇقىرىقى ئايەتنىڭ بىرەر تارمىقىغا ئوخشامسىلەر؟

غالجاتلىق ئەيسا باي ھەج سەپىرىگە كېتىپ بېرىپ مەشھۇر دىنىي ئالىم مۇسا جارۇللاغا قول بېرىپ ئۆتەي دەپ ئات بېشىنى شۇ ياققا بۇراپتۇ. سالام ـ سائەتتىن كېيىن جارۇللا:

ـــ ئۇلۇغ سەپەرگە يول ئاپسەن، بىراق يۇرتۇڭدا مەكتەپ بارمۇ؟ دەپ سوراپتۇ. ئەيسا باي:

ـــ يوق، ـــ دەپ بېشىنى چايقاپتۇ.

ـــ خەلقىڭنى قاراڭغۇلۇقتا تىقىپ قويۇپ ئۆزۈڭنىلا يورۇتماقچىمۇسەن؟ ـــ دەپتۇ. شۇ گەپتىن كېيىن ئەيسا باي كەينىگە يېنىپ كېلىپ يۇرتىغا مەكتەپ سالدۇرغانكەن، مانا بۇ ئەمەلىي ئېتىقاد، يەنە ئاللاھنىڭ سۆزىنى تەكرارلايمىز.

«ئۇلارنىڭ راست ئىبادەت قىلىۋاتقانلىقىنى ئەمەللىرىدىن كۆرمەمسىلەر. كۆرۈنۈشى ئىبادەت، ئەمەللىرى ھاراملىقتۇر».

بىر كىشىنىڭ مەسچىتنىڭ ئىماملىقىنى تالىشىشى ياكى ھەر تۈرلۈك يوللار بىلەن تارتىپ ئېلىشى، ھەجگە بېرىش ئۈچۈن پۇل قەرز بېرىپ ئۆزىگە تەرەپدار توپلىشى، يالغان پەتىۋالارنى چىقىرىپ خەلقنى قالايمىقانچىلىققا سېلىشى، ئۆلۈم ـ يېتىم، نەزىر ـ چىراغلاردا تاماگەرلىك قىلىپ مەدداھلارچە دۇئا قىلىپ ئۆزىنى كۆرسىتىشكە تىرىشىشى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش بىدئەت سۆز ـ ھەرىكەت قىلىقلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھنىڭ كالامى بويىچە ھارامدۇر!

ئىسلام دۇنياسىدا يۈز بەرگەن يۇقىرىقىدەك قالايمىقانچىلىقلار دىنغا ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشنىڭ تەقەززاسىنى پەيدا قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە ۋاھابىلار ھەرىكىتى مەيدانغا كەلدى. ئۇنىڭ ئاساسچىسى 1703 ـ ، 1791 ـ يىللار ئارىلىقىدا ياشىغان مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇل ۋاھابىدۇر. ۋاھابىلارنىڭ ئاساسلىق تەشەببۇسلىرى ئىسلام شەرقىدە ئەۋج ئالغان، ئىسلامىيەتنىڭ ئەسلىي ماھىيىتىگە يات بولغان غەيرىي ئادەت ـ يوسۇنلار، قائىدە ـ قانۇنلارنى ئىسلامدىن چىقىرىپ تاشلاپ، «قۇرئان كەرىم» روھى ۋە ئەسلىدىكى ئىسلام ئەقىدىلىرىگە قايتىش، ئاتالمىش «ئۇلۇغلار»غا، مازارى ماشايىخلارغا تاۋاپ قىلىشنى قاتتىق مەنئى قىلىپ، «قۇرئان كەرىم» روھىدىن چەتنىگەن «ئاللاھ بىلەن بەندىلەر ئوتتۇرىسىدا ۋاستىچى مەۋجۇت» دېگەن پەتىۋالارغا رەددىيە بېرىش قاتارلىق جەھەتلەردە ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان...

«ئۇلارنىڭ قارىشىچە بىر ئاللاھتىن باشقا ھېچكىم بەندىلەرنىڭ ھامىيسى «قۇتقۇزغۇچىسى) ئەمەس...» (ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەدئىمىن: «ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخى» 362 ـ بەت) ھەم سۈننەتنى پەرز دەرىجىسىگە كۆتۈرۈپ، پەيغەمبەرلەرنى ئاللاھقا تەڭ قويۇشتەك ئەقىدىلەرنى ئىسلاھ قىلماقچى. شۇنىڭ بىلەن ئىسلام دۇنياسىغا بەلگىلىك تەسىر كۆرسەتكەن. سەئۇدى ئەرەبىستان ۋە نۇرغۇنلىغان ئىسلام ئەللىرى مۇشۇ ئەقىدە ئاساسىدا ماڭماقتا.

ئۆتكەن بىر روزا ھېيت نامىزىدا ئىمام ۋەز ئوقۇپ،

نامازدا ئايەتنى ئۈنلۈك ئوقۇش «ۋاھابىزم» بولىدۇ دەيدۇ. ئۈنلۈك، ئۈنسىز ئوقۇشنىڭ ۋاھابىغا نېمە مۇناسىۋىتى بار. ئۈنلۈك، ئۈنسىز ئوقۇش شارائىتىغا باغلىق چىققان پەتىۋا، ئۇنىڭ ئىسلام ھۆكۈملىرىدە ئاساسى يوق. ھەتتا نامازغا ئەزان ئېيتىشنىڭ ئۆزىمۇ ۋاقىت شارائىتىغا ئاساسەن پەيدا بولغان. ئەزاننىڭ پەيدا بولۇشى «مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرجىمھالى»دا تۆۋەندىكىچە بايان قىلىنىدۇ:

«نامازنىڭ ۋاقتى كەلگەندە غاپىللارنى ئويغىتىدىغان، بىخۇدلارنى ئەسلىتىدىغان، ھەممىنى يىغىلىشقا ئۈندەيدىغان بىر ئامالنى يولغا قويۇش توغرۇلۇق پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلەر بىلەن مەسلىھەتلەشكەن... دېيىلىدۇ. بەزىلەر بايراق چىقىرايلى دېسە، بەزىلەر ئېگىز دۆڭگە ئوت ياقايلى دېيىشتى. بەزىلەر بورىغا چالايلى دېدى. بەزىلەرنىڭ خىرىستىيانلارغا ئوخشاش داڭ ئۇرۇش پىكرىمۇ رەسۇلۇللاھقا ياقمىدى. ئەڭ ئاخىرىدا ناماز ۋاقتىدا ئەزان ئېيتىش پىكرى ماقۇل كۆرۈلدى. ئاما ئەزاننىمۇ مەزھەپلەر ھەر تۈرلۈك ئېيتىدىغان قىلىۋالغان» (يۇقىرىقى كىتاب، 139 ـ ، 142 ـ بەتلەرگە قارالسۇن).

بۈگۈن بىزنىڭ ئالدىمىزدا مۇسۇلمانلار نېمىشقا باشقا دىنلارغا كىرىپ كېتىپ بارىدۇ؟ دېگەن جىددىي سوئال تۇرماقتا. بۇنىڭ سەۋەبى دىنىي ۋەكىللەرنىڭ ئىسلامنى چۈشىنىشنىڭ تۆۋەنلىكىدىن، پائالىيەت يۈرگۈزۈشنىڭ ناچارلىقىدىن، ئۇلارنىڭ پەتىۋالىرىنىڭ ئەقىلگە مۇۋاپىق ئەمەسلىكىدىن، مۇسۇلمانچىلىق ئىسلام خەلقىگە ياخشى چۈشەندۈرۈلمىگەنلىكىدىن دېيىشكە بولىدۇ.

دىنىي ۋەكىللەرنىڭ ئۆزلىرى چىقارغان پەتىۋالىرىنىڭ ئاساسى يوق. ئۇنىڭدىن ئادەملەر، يەنى ياشلار ياخشى قانائەتلەنمەيدۇ. بار نەرسىنى «يامان بولىدۇ» دېگەن بىلەن تۈگىمەيدۇ. نېمىشقا يامان بولىدۇ؟ ئۇنىڭ ئاساسلىرى چۈشەندۈرۈلمەيدۇ، باشقا دىندىكىلەر، بولۇپمۇ خىرىستىيانلار ئۆز دىنى توغرۇلۇق كۈچلۈك، ئەمەلىي تەشۋىقات ئېلىپ بارىدۇ. ئۇلارنىڭ چېركاۋلىرىنىڭ يېنىدا مۇساپىرلار، يېتىملەر ئۆيلىرى بولىدۇ. دىنىي ئەربابلار ساۋاتلىق. باللار ۋە چوڭلار ئۈچۈن ھەر تۈرلۈك رەسىملىك كىتاب ۋە ژۇرنال، گېزىتلەر چىقىرىدۇ. ئۇلاردا ئاتوم بومبىسىنىڭ زىيانلىرىدىن تارتىپ ھاۋانىڭ ئۆزگىرىشلىرى، بۇزۇلىشى، ئادەملەر ھاياتىدىن تارتىپ گۈل-گىياھلارنى ئاسراشقىچە ئىلمىي، تەھلىل مۇنازىرىلەر يۈرگۈزۈلىدۇ. ئىسلام دىنىدىكىلەر ئارقىدا قالغانلىقىدىن ھازىرغىچە بىر مازارنى تېپىپ ئېلىپ ئۇنىڭغا چوقۇنىدەك ئولاشماقتا. مەسچىتلەردە ئىلىم-پەن، قىرائەتخانىلارنىڭ بولۇشىدىن گەپ ئېچىش مۇمكىن ئەمەس، ئەڭ چوڭ ئالىم بولغىنى قۇرئاننى يادا ئېلىش، بەلكىم گېزىت-ژۇرنال پەننىي كىتابلار مەسچىتتە بولسا يامان بولار. «بەزى دىنىي زاتلار بار، خۇددى پاكىستانلىق ئىسلام ئالىمى ئەكبەر ئەخمەت ئېيتقاندەك، مۇسۇلمان ئالىملىرى ئۈچۈن سىرتقى دۇنيا مەۋجۇت ئەمەستەك بولۇپ قالدى... ماركېس ئەسەرلىرى ئۇلارغا نامەلۇم. ئۇلار ئېينىشتېيننى تەتقىق قىلسا يەھۇدىيغا ئايلىنىپ قالىدىغاندەك، فىيىرباخنىڭ ئەسەرلىرىنى ئوقۇسا ئاتېزمچىغا ئايلىنىپ قالىدىغاندەك قورقىدۇ. مۇستەھكەم ئىمان ئۆز ئەتراپىدىكى توغرا، خاتا ھادىسىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆزىگە ئىبرەت قىلىپ، ئاڭلىق، ئۈنۈملۈك پائالىيەتكە ئايلىنالايدۇ. (ئابدۇقادىر جالالىدىننىڭ «شىنجاڭ سەنئىتى» ژۇرنىلى 2002-يىل 1-سان). بۈگۈنكى ئادەملەر، بولۇپمۇ ياشلار بۇرۇنقىلاردىن ئەمەس، «كافىرلار رادىيونىڭ ئىچىگە شەيتاننى سولاپ قويۇپ سۆزلىتىدۇ» دېيىلسە بۈگۈنكى ئون ياشلىق بالا ئۇنىڭغا كۈلىدۇ، ھەم شۇ رادىيونى رېمونت قىلالايدۇ، كۆپلىگەن ياشلارنىڭ كۆزى ئوچۇق. نېمە دېسە ئالدىنىپ كېتىۋەرمەيدۇ، ئەقىلگە سىغمايدىغانلارغا قولنى سىلكىپ كېتىۋېرىدۇ.

بىر يىلى ئالمۇتانىڭ ئورېتا مەھەللىسىدە ئىپتار بولىدۇ. بىر مەھەللىنىڭ ئىمامى ۋەز ئوقۇپ «شەۋقەدرى» كېچىدە بىر كېچە قىلىنغان ئىبادەت 40 يىللىق ئىبادەتكە تەڭدۇر» دېدى. ئۇنداق بولسا ھەر يىلى بىر كېچە ئىبادەت قىلىپ، 40 يىل بىكار يۈرسەك بولامدۇ؟ دەپ كۈلۈشتى بەزىبىر ئەقىل-پاراسەتلىك كىشىلەر، شۇ نادان ئىمامنىڭ مەنتىقىسىز سۆزى بىلەن ئىسلام كۈلكىگە قالدى. بۇنىڭ بىلەن ياشلارنى ئەگەشتۈرۈپ مېڭىشقا بولامدۇ؟

«بىز قۇرئاننى ھەقىقەتەن مۇبارەك-كېچىدە (يەنى

شۇ قەدرى كېچىدە) نازىل قىلدۇق. بىز ھەقىقەتەن ئىنسانلارنى (قۇرئان بىلەن) ئاگاھلاندۇرغۇچى بولدۇق. ئۇ كېچىدە ھەر بىر ھېكمەتلىك (يەنى ھېكمەتنىڭ تەقەززاسى بويىچە قىلىنغان) ئىش (بەندىلەرنىڭ رىزقى، ئەجىلى ۋە باشقا ئەھۋالى) ئايرىلىدۇ»، (روھان سۈرىسى، 3-،4-ئايەتلەر).

بۇ يەردە تۈنەشنىڭ 40 يىللىق ئىبادەتكە مۇناسىۋەتلىك ھېچقانداق گەپ يوق. بۇ يەردە پەقەتلا ھەر ھېكمەتنىڭ، ئىشنىڭ ئايرىلىشىلا، يەنى ئىشنىڭ خۇلاسىسى ئۈستىدە سۆزلىنىۋاتىدۇ.

بۇ سۆز بىر كېچىلىك ئىبادەتنىڭ ئۇلۇغلۇقىدا ئەمەس، شۇ قەدرىنىڭ ئۇلۇغلۇقى ئۈستىدە بولۇۋاتىدۇ. ئەگەر ئەھۋال پەتىۋاچىلارنىڭ ئېيتقىنىدەك بولسا ھەممىلا ئادەم ئۈچ-تۆت قەدرى كېچىسىدە تۈنەپلا جەننەتكە يۈگۈرۈپلا كىرىپ كەتكەن بولماسمىدى؟ ھەر بىر پەتىۋاچى ئىسلامغا مۇشۇنداق قوشۇۋېرىپ بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە بەزى ئادەملەرنىڭ ئىسلامدىن چېكىنىش ھالىتىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان.

جۇڭگو ۋە ھىندىستاندا بۇنىڭدىن 2000 مىڭ يىللار بۇرۇن «ئۇماي» ھەققىدە بىر رىۋايەت تارقالغان. مەزكۇر رىۋايەت ئۇيغۇرلاردا بىردە «شىۋا»، بىردە «ئوما» ياكى «ئۇماي»، «ئومايا» بولۇپ ئاتىلىشقا باشلىغان. (ئوماش— ئوماياش يەنى ئومايىنىڭ ئىشى) بارا-بارا ئومايىنىڭ ئورنىنى «شىۋا» ئىگىلەپ كەتكەن. «شىۋا» قەدىمكى زامان بۇددا ئېتىقادى بويىچە «ياخشىلىق، مۇھەببەت تەڭرىسى» بولۇپ، ئاسماندىن شىۋا نۇرى چۈشىدۇ، دەپ چۈشەنگەن ۋە كېچىدە ئوت يېقىپ تۈنەشكەن، «شىۋا قەدرى» دېگەن ئۇقۇم شۇنداق پەيدا بولغان. «قەدرى» تامچە، نۇر مەنىسىدە ئىشلىتىلگەن. مۇشۇ رىۋايەتكە قارىغاندا قۇرئاندىكى «شەبى قەدرى» بىلەن «شىۋا قەترى» بىر-بىرىگە ئارىلىشىپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن، چۈنكى تۈنەشنىڭ ئۆزى بۇددا، شامان دىنلىرىدىن كەلگەن ئادەت.

خۇلاسە كالام، ھەر تۈرلۈك ئاجىزلىقلار، چۈشەنمەسلىكلەر، يالغان پەتىۋالار تۈپەيلى بىز ئادەملەرنى ئىسلام ئېتىقادىدىن چېكىندۈرۈپ قويۇۋاتىمىز، دىني مەدەنىيەتنىڭ ئادەملەرگە كۆرسىتىدىغان تەسىرى سۇس بولۇۋاتقاچقا ياكى كۈچلۈك تەسىر كۆرسىتەلمەيۋاتقاچقا خۇراپاتلىقنى بۆسۈپ چىقالمايۋاتىمىز. ناۋادا دىني ئەربابلار چىرايلىق، پاكىز كىيىنىپ، چاچلىرىنى پارقىرىتىپ، سەللىنى چاققان ئوراپ يۈرسە يامىنى بولامتىمۇ؟ قۇرئاندا كىيىم كىيىش ھەققىدە ھېچقانداق كۆرسەتمە بېرىلمىگەن، شۇنداق بولسىمۇ كىيىمنى دىنلاشتۇرىدىغانلار بار.

«قۇرئان كەرىم»دىكى سۈرە-ئايەتلەرنىڭ ھەممىسى بىر سەۋەبكە باغلاپ چۈشۈرۈلگەن. مەسىلەن، ئايالالارنىڭ ئۆزىنى يېپىش توغرىسىدىكى ئايەتنىڭ كېلىش سەۋەبىنى يۇقىرىدا كەلتۈردۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قۇرەيش مۇشرىكلىرى تەرىپىدىن بولۇۋاتقان تۈرلۈك ئازار كۆلپەتلەرگە چىداشقا مەدەت بېرىدىغان قۇرئان ئايەتلىرىنى ئاللاھ نازىل قىلىپ تۇراتتى.

«ئىرادىلىك پەيغەمبەرلەر سەۋر قىلغاندەك سەۋر قىلغىن...» (ئەھقاپ سۈرىسى، 35-ئايەتنىڭ باش قىسمى).

بۇ ئايەت ئاللاھنىڭ بارلىق بەندىلىرىگە مۇناسىپ.

«بەقەر» سۈرىسىنىڭ 142-، 143-ئايەتلىرىنىڭ چۈشۈش سەۋەبى مۇنداق:

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىدە تۇرغان ئالتە ئاي جەريانىدا بەيتۇل مۇقەددەسكە قاراپ ناماز ئوقۇغانىدى، ئۇ نامازدىكى چېغىدا خۇدا ئۇنىڭغا قىبلىنىڭ كەئبە تەرەپكە ئۆزگەرگەنلىكىنى ۋەھى قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نامازدا تۇرۇپلا قىبلىنى ئۆزگەرتىپ كەئبە تەرەپكە يۈزلەندى. ھازىر بۇ مەسچىت مەدىنىدە «قىبلە تەيىن»، يەنى ئىككى مېھرابلىق دەپ ئاتىلىدۇ. چۈنكى كەبە قىبلە قىلىنغاندىن كېيىن بۇرۇنقىسىنى ئېتىۋېتىپ، يېڭى مېھراب ئاچقانىكەن. مانا مۇشۇ مەسىلىلەر سەۋەبلىك تۆۋەندىكى ئايەتلەر چۈشۈرۈلگەن:

«بەزى ئەخمەق كىشىلەر ئۇلارنى (يەنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن مۆمىنلەرنى) قاراپ كېلىۋاتقان قىبلىسىدىن (يەنى بەيتۇل مۇقەددەستىن) نېمە ئۈچۈن يۈز ئۆرىگەندۇ؟ دەيدۇ... سەن يۈز كەلتۈرۈپ كېلىۋاتقان تەرەپنى (يەنى بەيتۇل مۇقەددەسنى) قىبلە قىلغانلىقىمىز پەيغەمبەرلەرگە ئەگەشكەنلەرنى ئاسىيلىق قىلغانلاردىن (يەنى مۇرتەد بولۇپ كەتكەنلەردىن) ئايرىۋېلىشىمىز ئۈچۈن

ئىدى». مانا مۇشۇنداق ھەر بىر سۈرە، ئايەتلەرنىڭ تارىخي سەۋەبى بار، ئۇلار ئەۋلادلارغىمۇ نەمۇنە بولۇپ كەلمەكتە.

بىر كۈنى ئالمۇتا شەھىرىنىڭ ئايرودورۇم مەھەللىسىدىكى بىر مۇراسىمدا قولغا سۇ ئالدىغان بالا گالستۇك تاقىۋالغانىكەن. شۇ يەردە بىر پەتىۋاچى پەيدا بولۇپ، بۇ «كافىرلارنىڭ ئىشى» دەپ ھۆكۈم چىقاردى. بىر كۈنى تويغا بىر ھاجى چىرايلىق كىيىنىپ گالستۇك تاقىغان ھالدا يالاڭباش كىرىپ كەلدى. ئولتۇرغانلاردىن بىر قانچىسى «مۇشۇمۇ ھاجى بولامدۇ، يالاڭباش، تېخى گالستۇك» دەپ كوتۇلداشتى. ھاجى بولغانلار ئاق كېپەندىن باشقىسىنى كىيسە دۇرۇس بولمايدىغان ئوخشايدۇ. ئەرەبلەرنىڭ ئاقا ئورۇنۇپ يۈرگىنىنىڭ سەۋەبى كۈننىڭ ئىسسىقلىقىدىن پەيدا بولغان ئادەت، ئۇلار ئۇنىڭغىمۇ باي بولغاندىن كېيىن يېتىشتى.

سەنئەت مەسىلىسىدە ئەخمىقانە پەتىۋالار تارقىلىپ يۈرىدۇ. سىزىلغان سۈرەت ئاخىر زاماندا «ماڭا جان بەرگىن» دەپ دەۋا قىلغۇدەك. دۇتار دوزاخ چۆمۈچى، پالانچى ياخشى قارى ئىدى. ناخشا ئېيتىپ يۈرۈپ ئابرۇيىنى تۆكۈۋالدى، دېگەنگە ئوخشاش بىلجىرلاشلار. ئۇ قارىنىڭ ئابرۇيىنى ناخشا تۆكمەيدۇ، تۆكسە مۇتەئەسسىپ جاھىللار تۆككەن. بولمىسا ناخشا ئېيتقانغا ئابرۇي تۆكۈلمەيدۇ. ئۇيغۇر خەلقى مەشھۇر ناخشىچى، ئەل-نەغمىچىلەرنى ئەزەلدىن ھۆرمەت-ئېھتىرامغا ئوراپ كېلىۋاتىدۇ. ھەتتا پەيغەمبىرىمىزمۇ ناخشا ئېيتقان ئەمەسمۇ؟ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە كېلىپ «يەنى نەججار» مەھەللىسىنىڭ ئالدىدا تۆگىسى چۆككەن يەرگە مەسچىت سېلىشقا كىرىشتى (ھازىر بۇ يەردە پەيغەمبىرىمىزنىڭ مەقبەرىسى بار)... مەسچىتنىڭ قۇرۇلۇشىغا مۇسۇلمانلار بىلەن بىرلىكتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامۇ قاتناشتى، ئۇلار مەسچىتكە ئىشلەش جەريانىدا تۈرلۈك ناخشا-شېئىرلارنى ئوقۇيتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامۇ ناخشىچىلار بىلەن بىللە:

كۆزلەيمىز رەببىمىزدىن ئاخىرەتنىڭ ساۋابىنى،
مۇھاجىر ئەنسارلەرگە رەھىم-شەپقەت ئەيلىگىن...

دەپ ناخشا ئېيتاتتى دەپ كۆرسىتىدۇ. «مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرجىمھالى» ناملىق كىتابتا، يەنە مەسىلەن، زەبۇرنىڭ 150-قىسمىدا شېئىر بىلەن «مەدھىيەلەڭلار پەرۋەردىگارنى، مەدھىيەلەڭلار كارناي، سۇنەي چېلىپ، مەدھىيەلەڭلار ئۇسسۇل ئويناپ، داپلارنى چېلىپ» دەپ ھەمدۇسانا ئېيتىلغان. يۇقىرىقى ناخشا-شېئىرلاردا ئاللاھ مەدھىيەلەنگەن دېيىلگەن تەقدىردە ھازىرقى ناخشا-شېئىرلاردا ئاللاھ تەلەپ قىلغان ياخشى سۆز، ياخشى تەربىيەدىن باشقا يامان سۆز يوق.

خېلى يىللار بۇرۇن ئىلى ۋىلايىتى قاش مەھەللىسىدىن چىققان شاۋۇپ موللا بىزنىڭ ئۆيگە پەتىگە كىرىپ كەلدى. بىر ئازدىن كېيىن ناماز ۋاقتى بولۇپ جايناماز سورىدى. مەن جاينامازنى تەييارلاپ بەرگەندىن كېيىن قىبلە تامدىكى سۈرەتلەرنى ئېلىۋېتىشكە تەمشەلدىم. ئۇ كىشى، «قوي، ئېلىۋەتمە، تۇرۇۋەرسۇن، مەن چوقۇنمايمەن» ناماز ئوقۇيمەن دېدى. بۇ بولسا ئېتىقادنىڭ مەھكەملىكىدىن دالالەت بېرىدىغان بىر ئىسپات ھەم چۈشەنچىنىڭ كەڭلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مىلادى 630-يىلى رامىزان ئېيىنىڭ 21 دە مەككىگە تىنچلىق بىلەن كىرىپ، كەبىنى ئاچقۇزۇپ ئۇنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ چوڭ بۇت «خوبال»نى ھاسىسى بىلەن ئىتتىرىپ ئۇرىدۇ. بەش كۈندىن كېيىن بەتىن قەبىلىسىنىڭ «نەخلە» دېگەن يېرىگە ئادەم ئەۋەتىپ، «ئۇززا» دېگەن بۇتنى چاققۇزىدۇ. يەنە ئادەم ئەۋەتىپ ھۇزەيلى قەبىلىسىنىڭ ئەڭ چوڭ بۇتى «ساۋا»نى چاققۇزىدۇ. يەنە مۇشەللە دېگەن يەرگە ئادەم ئەۋەتىپ «مانات» دېگەن بۇتنى چاققۇزىدۇ. شۇنداقلا يەنە ئادەم ئەۋەتىپ سەقىب قەبىلىسىنىڭ «لات» دېگەن بۇتنى چاققۇزىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن كەئبىنى مەسچىتكە ئۆزگەرتىپ، بۇنىڭدىن كېيىن ئۆيۈڭلەرگە بۇت قويماڭلار. سۈرەت ئاسماڭلار... دەيدۇ. («غەسسان قىزى» ناملىق ئىسلام تارىخى بىلەن «مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرجىمھالى»غا قارالسۇن)

بۇنىڭ سەۋەبى، يەنى مۇسۇلمانچىلىققا ماڭىدىغانلارنىڭ دىلىدىن بۇتپەرەسلىكنى ئۆچۈرۈش ئۈچۈن ئىدى. بۇ سۆزنى مۇتەئەسسىپ دىندارلار تا مۇشۇ كۈنگىچە سۆرەپ كەلگەن. ھازىرقى ئەھلى مۇسۇلمانلارنىڭ دىلىدىن بۇتپەرەسلىكنىڭ ئاللىقاچان ئۆچۈپ كەتكەنلىكى بىلەن ئۇلارنىڭ كارى يوق.

رەسساملىق، ھەيكەلتىراشلىق دەۋرنى ئەكس

ئەتتۇرىدىغان سەنئەتكارلىقتۇر.

«ئۇلار سۇلايمانغا ئۇ خالىغان كاتتا سارايلارنى (مەسچىت، ئەينەكتىن ئاجايىپ) ھەيكەللەرنى كۆلدەك چوڭ لىگەنلەرنى مىدىرلىمايدىغان قازانلارنى ياساتتى».

(سەبەھ سۈرىسى، 13 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى).

بۇ ئايەت ھەممىلا نەرسىنىڭ بۇتپەرەسلىك بولمايدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ تۇرىدۇ. بابۇرنىڭ نەۋرىسى رەسسام ئىستىبداتىغا يۈكسەك باھا بەرگەنىدى: «مېنىڭچە، رەسسام ئاللاھنى ھېس قىلىشتەك ئالاھىدە ئىستىبدات ساھىبىدۇر. چۈنكى جانلىق مەۋجۇداتلارنى تەسۋىرلىگەن چاغدا ئۇلارغا جان ئاتا قىلالمايدىغانلىقىنى ياخشى چۈشىنىدۇ. بۇ دىل ئۇنى ھايات بەخش ئەتكۈچى پەرۋەردىگار ھەققىدە كۆپرەك ئويلاشقا مەجبۇر قىلىدۇ».

مىلادى 1215 ـ يىلى چىڭگىزخان بېيجىڭغا ھۇجۇم قىلىپ ئۇنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، ئوت قويۇپ، بۇزۇپ ـ چېقىپ، توپ تالاس قىلىۋەتكەن. يۈەن سۇلالىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، قۇبلايخان كوچالىق ئۇيغۇر بىناكارى، ئەختەرىدىننى بېيجىڭگە چاقىرتىپ، خان تەرىپىدىن بېيجىڭنى قايتىدىن قۇرۇپ چىقىش تەكلىپىنى بەرگەن. ئەختەرىدىن بۇ ۋەزىپىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن بېيجىڭنىڭ (خان بالىق) قۇرۇلۇشىنى لايىھەلەپ، شەھەرنى باشقىدىن قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن كۈچ چىقارغان. بۇ قۇرۇلۇشتا ئەختەرىدىن نەچچە يۈزلىگەن ئۇيغۇر ئۇستىلار باشچىلىق قىلىپ، ئاجايىپ ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشقان.

ئىلىم ـ پەن ئەزەلدىن مۇتەئەسسىپلەر بىلەن رىقابەتلىشىپ كەلدى. بۇ رىقابەت جەريانىدا ئىلىم ـ پەن ھامان غالىب كەلسىمۇ، مۇتەئەسسىپلەرمۇ ھامان مەغلۇبىيەتكە تەن بەرمەي كەلمەكتە، شۇڭلاشقا بۇ دۇنيا ئىككى نەرسىنىڭ — ياخشىلىق بىلەن يامانلىقنىڭ، ئىلغارلىق بىلەن قالاقلىقنىڭ كۆرەش مەيدانى بولۇپ كەلدى.

بىز نامازغا تۇرغاندا «سەپنى تۈزۈڭلار» دېگەن سۆزنى نۇرغۇن ئاڭلايمىز. بۇ مەسىلىگە جامائەت سەپنى تەڭشەپ، تەكشى تۇرۇپ ناماز ئۆتەش كېرەك ئىكەن دېگەن چۈشەنچە بىلەنلا چەكلىنىپ كەلدى. تەبىئىيكى سەپنى تەكشى قىلمىسا بىر ئادەم يەنە بىر ئادەمگە دەخلى قىلىدىغان ئەھۋاللار كېلىپ چىقىدۇ. بۇ ھەممىگە مەلۇم ئىش. ئەسلىدە ئۇ تۆۋەندىكى ئەھۋالدا كېلىپ چىققان چاقىرىق:

بەدرە ئۇرۇشى غەلىبە قىلغاندىن كېيىن غەنىيمەت ئالغان مالنى تەقسىم قىلىشتا قېرىلار بىلەن ياشلار ئارىسىدا زىددىيەت پەيدا بولغان. بۇ ئىختىلاپ كۆچىنى ئاجىزلىتىپ، دىللاردا ئاداۋەت تۇغدۇراتتى. شۇ سەۋەبتىن «غەنىيمەتلەر ئاللاھقا، پەيغەمبەرگە خاس، ئاللاھقا تەقۋادارلىق قىلىڭلار، ئاراڭلارنى تۈزۈڭلار...» دېگەن ئايەت نازىل بولغان. «ئەنفال سۈرىسى، 1 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى).

ئۇنىڭ ئۈستىگە مۇسۇلمانلار بىلەن سۇلھى تۈزدۈق دەپ ئالداپ سەپ ئىچىگە كىرىۋېلىپ بۇزغۇنچىلىق قىلغان مۇناپىقلارمۇ خېلى كۆپ ئىدى. شۈبھىسىزكى، مۇسۇلمانلارغا قارىغاندا مۇناپىقلارنىڭ زىيىنى چوڭراق ئىدى. چۈنكى مۇناپىقلار مۇسۇلمانلارنىڭ ئارىسىدا بولغاچقا ئۇلارنىڭ ئىچكى سىرلىرىنى مۇشرىكلارنىڭ ئارىسىغا تارقىتاتتى. مەدىنىدە مۇسۇلمانلار بىلەن يەھۇدىيلار ئارىسىدا بىر ـ بىرىگە چېقىلماسلىق ئاساسىدا كېلىشىم تۈزۈلگەن. يەھۇدىيلار ئاز ۋاقىتتىن كېيىن قىلغان ۋەدىسىدىن يېنىۋېلىپ دۈشمەنلىكىنى ئاشكارىلىدى. بۇ ھال مۇسۇلمانلارنى ئۇلاردىن ئېھتىيات قىلىشقا، مەدىنىدە مۇسۇلمانلار بىلەن دۈشمەنلەر ئارىسىدا ئۇرۇش يۈز بەرگەن چاغلاردا يەھۇدىيلارغا ئىشىنىشكە بولمايدۇ دېگەن تونۇشقا ئېلىپ كەلدى.

شۇ سەۋەبلەردىن سەپنى تۈزەڭلەر دېگەن چاقىرىق پەيدا بولغان. بۇ ھەقتە «قۇرئان كەرىم»دە نۇرغۇنلىغان ئايەتلەر كەلتۈرۈلگەن. مەسىلەن، ئاللاھ سىلەر ياقتۇرىدىغان غەلىبىنى كۆرسەتكەندىن كېيىن زەئىپلىشىپ قالدىڭلار، پەيغەمبەرنىڭ ئەمرى توغرىسىدا جاڭجاللاشتىڭلار، (پەيغەمبەرنىڭ ئەمرىگە بويسۇنمىدىڭلار) بەزىڭلار دۇنيانى كۆزلىدىڭلار... (ئال ئىمران سۈرىسى، 152 ـ ئايەت).

بۇ ئايەت سەپنىڭ بىر قېتىم بۇزۇلغانلىقىنى بېشارەت قىلىدۇ. بۇگۈنكى كونا ئۇيغۇرلارنىڭ سىپى تازا بۇزۇلغان ۋاقىت. يەتتە ـ سەككىز يىلدىن بېرى خەلقىمىز ئىتتىپاقلىقنى تەشەببۇس قىلىپ كەلدى. ئەپسۇسكى خەلق كۈتكەن ئىتتىپاقلىق بولمىدى. ئەكسىچە بىر ـ بىرىنى غاجىلاپ،

خەلقنىڭ ئازۇ - ئارمانلىرىنى دەسسەپ ئۆتۈپ كەتتى. سەپ بۇزۇلدى. بۇزغۇنچىلىق ئەۋج ئېلىپ كەتتى، خەلق ئېزىقتۇرۇلدى. ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدىغان يېرى شۇكى، ھېچقانداق تالاشقا ئەرزىمەيدىغان ئاساسى يوق ئۆزىدىن كېچىش ئىدىيەسىنى خەلق ئىچىگە تارقىتىش ئارقىلىق تالاش - تارتىش تۇغدۇرۇلۇپ ئىتتىپاقلىق دەپسەندە قىلىندى.

1924 - يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تاشكەنتتە چاقىرىلغان، 1 - قۇرۇلتىيىدا ئابدۇللا روزى باقىيوۋ كەسكىنلىك بىلەن: تارانچىلار، قەشقەرلىكلەر ۋە ئالتە شەھەرلىكلەر، دەپ تۇرلۇك ناملاردا ئاتىلىپ كەلگەن كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئەمەلىيەتتە بىرلا خەلقنى يەنى ئۇيغۇرلارنى كۆرسىتىدۇ. بۇنىڭدىن كېيىن ھەممىسى بىر مىللەتنىڭ ئومۇمي نامى بولغان «ئۇيغۇر» ئاتالغۇسىنى قوللىنىش كېرەك، دەپ كۆرسەتتى. ئەپسۇسكى، بۇ مۇبارەك تەكلىپكە قارشى تۇرغۇچىلارمۇ چىقتى.

بىز مۇسۇلمانلار ئىسلام توغرۇلۇق سۆزلىگەندە تەلىمىزغا شەيتان سالغان سۆز بىلەن سۆزلەپ دىلىمىزدىكى ئىمانىنى بۇلغىۋالساق، ئۇنى پاكلىماق قىيىن. مەسىلەن، ھازىرغىچە چىقىم چىقىرىپ، ۋاقىت چىقىرىپ ئەتكەن بىر قاچا تاماقنى بىر تال نىجىس بۇلغايدۇ. شۇڭلاشقا ئۇيغۇر ئاتىلىرىمىز «گەپنى چايناپ يېقىپ، تەمنى تېتىپ يېقىپ قىل» دېگەنىدى، بولمىسا بۇ يۇمشاق تىل تاش يارىدۇ ئەمەسمۇ.

«تىلدا خاتالاشمىغان كىشى مۇكەممەل كىشىدۇر. چۈنكى ئۇ پۈتۈن ۋۇجۇدىنى تىزگىنلەشكە قادىر. بىز ئاتلارنى تىزگىنلەش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئېغىزىغا يۈگەن سالساق خالىغانچە ماڭدۇرالايمىز، يەنە ئالايلى: كېمە قانچە چوڭ بولسىمۇ كىچىك بوران تەرىپىدىن ئىشتىرىلسىمۇ، رولچى ئۇنى كىچىككىنە رول بىلەن خالىغانچە ماڭدۇرالايدۇ، شۇنىڭغا ئوخشاش، تىل قانچە كىچىك بولسىمۇ، باشقۇرۇلمىسا چوڭ خاتالىقلارنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.» (ئىنجىل 5 - قىسىم، 2 -، 5 - ئايەتلەر).

شۇنىڭغا ئوخشاش، ئەقىلسىز باش بىلەن باشقۇرۇلمىغان تىلدىن چىققان يالغان پەتۋالار بىر قازان ھالال تاماقنى بۇلغايدىغان نىجىستۇر.

دېمەك، پانىي دۇنيانىڭ قەدرىنى ئادا قىلالمىغان ئادەم باقىي دۇنيانىڭمۇ جەننىتىگە كىرەلمەيدۇ. پانىي دۇنيانىڭ ئىنسانلىق ۋەزىپىلىرى ناھايىتى نۇرغۇن بولۇپ، دۇنيانى گۈللەندۈرۈشتىن تارتىپ يىقىلغان بىر ئادەمنى يۆلەپ قويۇشقىچە بارىدۇ.

مەن بىر كۈنى مۇنداق ئىشقا دۇچ كەلدىم. بىر مەھەللىدە بىر كىشى توي ئۆتكۈزگەنىكەن. جامائەتنىڭ چوڭلىرىدىن ئۈچ - تۆت ئادەم مەھەللىگە يېڭىدىن كۆچۈپ كەلگەن بىر مۇساپىردىن ھال سورايمىز دەپ تويغا ئازراق كېچىكىپ كېتىپتۇ. لېكىن ساھىبخانا (ئۆزى ھاجى ئايال) بۇلارغا غالۋاراپ كەتتى. لېكىن چوڭلاردىن بىرى، «ۋاي ھاجى ئۇنداق قىلمىسىلا، بىز بىر ساۋابلىق ئىش بىلەن ھايالLAپ قالدۇق» دېسە ئۇنىمىدىغان. مەقسەت: ئۆزى ئالدىغا قويماق، تەكەببۇرلۇق قىلماق يەنى چوڭچىلىق قىلماق. ئۇلارنىڭ ھاجىلىقى، مۇسۇلمانلىقى شۇمۇ؟ ھەتتا ئىنسان سۈپىتىمۇ يوق. ئۇنداقلار ھېچنېمىدىن يانمايدۇ، ئۇلارغا ئۆزىدىن باشقىنىڭ قىممىتى يوق. ئۇلار ئۆزىگە ئوخشاشلارنى ئەزىزلەيدۇ، ئۆزى ئوخشاشلارغا بېرىلگەن زەربىنى ھار ئالىدۇ ۋە ئۇلارنى ئاقلاشقا، ھىمايە قىلىشقا تىرىشىدۇ.

«ئەي مۆئمىنلەر، ئۆزۈڭلاردىن بولمىغانلارنى (مۇناپىقلارنى) سىرداش قىلىۋالماڭلار، ئۇلار سىلەرگە بۇزغۇنچىلىق قىلىشتا بوشاڭلىق قىلىپ قالمايدۇ...» (ئال ئىمران سۈرىسى، 118 - ئايەت).

ئۇلار سىلەرگە بۇزغۇنچىلىق قىلىشتا بوشاڭلىق قىلىپ قالمايدۇ... (ئال ئىمران سۈرىسى، 118 - ئايەت).

دېمەك بىز ئادەم بولىمىز، ئادەمدەك ياشايمىز دەيدىكەنمىز، ئارىمىزنى بۇزىۋاتقان، دىلىمىزنى بۇلغىۋاتقان دىنىي مۇتەئەسسىپ، ئەسەبىيچىلەردىن ھەزەر ئەيلىشىمىز لازىم.

ئەقىل - پاراسەت ئاللاھنىڭ بەندىلىرىگە بەرگەن سوۋغىسى، بىز ئىشلەتكۈدەك بىلىمىمىز يوق ھالەتتە ئەقلىمىزنى ئىشلىتىشكە تىرىشايلى. ئاللاھنىڭ ھۆكۈملىرى ئەقىلدىن تاشقىرى ئەمەس.

(تامام)

سلاۋىيان يېزىقىدىن ئالماشتۇرغۇچى: ئابدۇللا ئىبراھىم
(غۇلجا شەھەرلىك ئۆي - زېمىن ئىدارىسىنىڭ پېنسىيونېرى)
نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئابلەت ئابدۇللا

# «مىراس» ژۇرنىلىغا مۇشتەرى بولۇڭ

ئەسسالامۇئەلەيكۇم، ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن!

«مىراس» ژۇرنىلى «مەملىكەت بويىچە 100 نۇقتىلىق ژۇرنال»، «مەملىكەتلىك سەرخىل ژۇرناللار سىپىدىكى قوش ئۈنۈم ياراتقان ژۇرنال»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەن تۈردىكى مۇنەۋۋەر ژۇرنال»، «شىنجاڭ 2 ـ نۆۋەتلىك مۇنەۋۋەر ئىجتىمائىي پەن ژۇرناللىرى مۇكاپاتى»غا ئېرىشكەن ژۇرنال بولۇپ، سەھىپىلىرىنىڭ رەڭدارلىقى بىلەن ئوقۇرمەنلەرنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشىپ كەلدى. ژۇرنىلىمىزدىكى «ئالىم بولساڭ ئالەم سېنىڭكى» سەھىپىسىدە ھەرخىل تېمىدىكى نادىر ئىلمىي ماقالىلەر، «ئادەت قېرىماس» سەھىپىسىدە خەلقىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى گۈزەل ئۆرپ ـ ئادەتلىرى، «بۇرۇنىنىڭ بۇرۇنىسىدا» سەھىپىسىدە ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزنىڭ ئەقىل دۇردانىلىرى جۇلالىنىپ تۇرىدىغان ھېكايەتلەر، «يىلتىزسىز دەرەخ بولماس» سەھىپىسىدە خەلقىمىزنىڭ ئوبرازلىق تارىخىي كەچمىشلىرى بىلەن ئەجدادلىرىمىزنىڭ نەسەپ يىلتىزىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان ئەپسانە ـ رىۋايەتلەر، «كۆلكە ــ جان ئوزۇقى» سەھىپىسىدە قىزىقارلىق لەتىپە ـ يۇمۇرلار، «ئايدىڭ كېچىلەر» سەھىپىسىدە ئاشىق ـ مەشۇقلارنىڭ پاك ئىنسانىي سۆيگۈ مۇھەببىتى كۈيلەنگەن سۆيگۈنامىلەر، «ساقلىقىڭ ــ شاھلىقىڭ» سەھىپىسىدە خەلقىمىزنىڭ ئوزۇقلىنىش ئادەتلىرى ۋە سالامەتلىك ھەققىدىكى ھېكمەتلەر، «مىللىتىم ساپ بولسۇن دېسەڭ، ئىشنى ئائىلەڭدىن باشلا» سەھىپىسىدە پەرزەنتلەرنى دانا ۋە ئەخلاقىي رەنالاردىن قىلىپ تەربىيەلەش توغرىسىدىكى ئۆگۈت ـ بىلىملەر، «چەت ئەللىكلەر نەزەرىدىكى ئۇيغۇرلار» سەھىپىسىدە چەت ئەللىكلەرنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخ مەدەنىيەت ئەنئەنىلىرى ھەققىدىكى تەتقىقات نەتىجىلىرى، «دۇنياغا نەزەر» سەھىپىسىدە چەت ئەلنىڭ ئىلغار مەدەنىيەتلىرى تونۇشتۇرۇلىدۇ.

قىسقىسى، «مىراس» ژۇرنىلى ئاۋامغا جاھاننامە، ئالىملارغا بايلىق، ئاشىقلارغا ۋىسال، ئاتا ـ ئانىلارغا مەسلىھەت، پەرزەنتلەرگە ئىنساپ، قىزلارغا شەرم ـ ھايا، يىگىتلەرگە غۇرۇر، بالىلارغا ئەقىل ـ پاراسەت، ئاغرىقلارغا شىپا، ئاجىزلارغا ئۈمىد بېغىشلايدۇ!

بىز سىزلەرنىڭ ژۇرنىلىمىزنىڭ 2011 ـ يىللىق سانلىرىغا مۇشتەرى بولۇپ، ئەجدادلىرىمىزدىن قالغان تەۋەررۈك مىراسلىرىمىزنى ئەۋلادلارغا يەتكۈزۈپ بېرىش يولىدا ئىشلەۋاتقان جاپالىق خىزمىتىمىزگە يېقىندىن يار ـ يۆلەكتە بولۇشىڭىزلارنى ئۈمىد قىلىمىز، ژۇرنىلىمىزنىڭ مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن نومۇرى: CN65 ــ 1130\1

خەلقئارالىق نومۇرى: ISSN1004 ــ 3829
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 60 ـ 58
تېلېفون نومۇرى: 4554017 ـ 0991
E−mail:miras uyghur @126.com
ژۇرنىلىمىزنىڭ يىللىق باھاسى 36.00 يۈەن، يەككە باھاسى: 6.00 يۈەن
ھۆرمەت بىلەن: «مىراس» ژۇرنىلى نەشرىياتى



# ئورۇنلاش نەزەرىيەسى ھەققىدە دەسلەپكى ئۇچۇرلار

ياسىن مۇھەممەدنىياز تىكە

ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى تەتقىقات ئۇزاقتىن بۇيان تېكىست تەتقىقاتى ھەققىدىكى دەسلەپكى ئىزدىنىشلەردىن ھالقىپ كېتەلمەيۋاتىدۇ. تېكىست تەتقىقاتى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىدىكى مۇناسىۋەتلىك تىرمىنلارنى ئىستاتىستىكىلاش ياكى ئۇستاز تەتقىقاتچىلارنىڭ ئەسەرلىرىدە دېيىلگەن قاراشلارنى تەكرار ئىسپاتلاشتىن ئىبارەت تەتقىقات دەرىجىسىدە تۇرۇپ قالماقتا. بۇ كىشىنى ئىنتايىن ئەپسۇسلاندۇرىدىغان ئەھۋال. خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان فولكلور تەتقىقاتىدا تېكىستنى تىرىك ھالدا خاتىرىلەش، تېكىست خاتىرىلەشتە يەنە سورۇن، سۆزلىگۈچى ياكى ئورۇنلىغۇچى، جامائەت قاتارلىقلار ھەمىشە بىزنىڭ نەزىرىمىزدىن ساقىت قىلىنماقتا. مەزكۇر ماقالىدە مەن (تولىمۇ كىچىككەن ھالدا) ئامېرىكا مەدەنىيەت سەنئەت تەتقىقاتچىسى رىچارد باۋمەننىڭ «ئاغزاكى ئىجادىيەت بىر خىل ئورۇنلاشتۇر» ناملىق ئەسەرى ئاساسىدا، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى تەتقىقاتىدىكى يېڭىچە مېتود «ئورۇنلاش نەزەرىيەسى» ھەققىدە ئۇچۇر بەرمەكچىمەن. تەتقىقاتچىلارنىڭ ئازدۇر-كۆپتۇر دىققىتىنى تارتىپ قالسا ئەجەب ئەمەس.

**1. ئورۇنلاش نەزەرىيەسىنىڭ مەيدانغا كېلىشى**

ئورۇنلاش نەزەرىيەسى ئاغزاكى بايان ئىجادىيىتىنى ① تەتقىق قىلىشتىن كېلىپ چىققان بىر خىل ئېقىم. ئورۇنلاش نەزەرىيەسى ئاغزاكى بايان ئىجادىيىتىنى ئۆلۈك تېكىست ئىچىدە ئەمەس، بەلكى ئورۇنلىغۇچىنىڭ سورۇن تەسىرى ئاساسىدا تەتقىق قىلىدىغان بىر خىل تەتقىقات مېتودىدىن ئىبارەت. ئاغزاكى بايان ئىجادىيىتى ئەپسانە، رىۋايەت، چۆچەك، يۇمۇر، لاپ، چاقچاق، سۇژىتلىق قوشاق ۋە داستانلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئورۇنلاش نەزەرىيەسى «ئامېرىكا ئورۇنلاش نەزەرىيەسى ئېقىمى»دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇ ئېقىم ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 70-يىللىرىدا ئامېرىكىدا مەيدانغا كەلگەندىن باشلاپ ھازىرغىچە خەلق ئاغزاكى ئىجادىيىتى تەتقىقاتىدا جەلپكار ئورۇننى ساقلاپ كەلمەكتە.

تەتقىقاتچىلار ئورۇنلاش نەزەرىيەسىنىڭ مەيدانغا كېلىشىنى مۇنداق ئۈچ سەۋەبكە يىغىنچاقلىغان:

**1.1 پەلسەپە تەتقىقاتى ۋە ئانتروپولوگىيە تەتقىقاتىنىڭ تەسىرى**

20-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە ياۋرو-ئامېرىكا فولكلور تەتقىقاتىدا تارىخشۇناسلىق ئېقىمى غوللۇق ئورۇندا تۇرۇپ كەلگەن بولۇپ، ئۇلار ئاساسلىق مەلۇم بىر مەدەنىيەت ھادىسىسىنىڭ يىلتىزىنى تېپىشقا ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىپ كەلگەندى. (ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدا ھېلىھەم بۇ خىل يىلتىزنى ئىزدەش ئۇسۇلى مۇھىم ئورۇندا تۇرۇپ كەلمەكتە. بىز تار مەنىدىكى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر خەلق مەدەنىيەت يىلتىزىنى ئىزدەش، چۈشەندۈرۈش بىلەن مەشغۇل بولۇپ، ئۇيغۇرلار بىلەن نەسلداش مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت مىراسلىرىدىمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ يىلتىزلىق مەدەنىيەت ئامىللىرىنىڭ ساقلىنىۋاتقانلىقىغا سەل قاراۋاتىمىز). كېيىن ئامېرىكا تەتقىقاتچىلىرى مەۋجۇدىيەت پەلسەپىسىنىڭ ۋە ئانتروپولوگىيەنىڭ كۈچلۈك تەسىرىگە ئۇچرىدى. ئۇلار مۇنداق قارىدى: «بىز ھەقىقەتەن فولكلور ئامىللىرى ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتلەرنى بىلدۇق. ئەمما بىز مۇشۇ مۇناسىۋەتنى بارلىققا كەلتۈرگەن ئانتروپولوگىيەلىك ئەزەلىي كۈچ بايقىيالمايۋاتىمىز. بىز بىر قىسىم مەۋجۇت رامكىلارنى بايقىغان بولساقمۇ، ئەمما مۇشۇ رامكىلار قانداق ئەمەلىي پائالىيەتلەر جەريانىدا ئىجاد قىلىنغان دېگەن مەسىلىنى بىلەلمەيۋاتىمىز. ئانتروپولوگىيە بىزگە ئىنسانىيەت مەدەنىيىتى ئۆزئارا پەرقلىق بولىدىغانلىقىنى ئەسكەرتسە، مەۋجۇدىيەت پەلسەپىسى بىزگە ھەقىقىي، خۇسۇسىي بولغان ئادەمنىڭ قانداق قىلىپ رېئال پەيتتە تارىخنى ئىجاد قىلىدىغانلىقىنى، يەنى تارىخ خۇسۇسقا تەسىر كۆرسەتمەستىن، بەلكى خۇسۇس تارىخ ② قا تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقىنى ئەسكەرتىدۇ» ③.

ئامېرىكا ئالىملىرىنىڭ يېڭىلىق يارىتىشقا مايىل بۇ خىل قاراشلىرىدىن كۆرۈشكە بولىدۇكى، ئۇلار خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى شەكىللىرىنى بىر توپ كوللېكتىپنىڭ دېگەن قاراشنى ئېتىراپ قىلىش بىلەن بىللە، يەنە ئۇنىڭ تەرەققىياتىدىكى خۇسۇسنىڭ رولىنى ئالاھىدە تەكىتلەيدۇ. ئۇلار: «بىز خاتىرىلىگەن ئاشۇ تېكىست قانداق قىلىپ، ئاشۇنداق ئېيتىلىپ قالدى» دېگەن مەسىلىگە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلگەن. مەلۇم بىر ناخشىچى ياكى ھېكايىچىنىڭ ئېغىزىدىن ئېيتىلىپ چىققان نەرسىنى، ئەزەلدىن شۇنداق ئېيتىلىۋاتقان ئۇقۇم دەپ قارىماستىن، ئۇنى، شۇ بايان قىلغۇچى توقۇۋاتقان شەكىل دەپ قارىغان. شۇڭا ئۇلارنىڭ قارىشىچە ئەسەر ئورۇنلىنىۋاتقان شارائىتتا ئىجاد قىلىنىدىغان بولغاچقا، ئەسەرنىڭ مەلۇم بىر خىل شەكىلدە ئوتتۇرىغا چىقىشىدا ، شەخسنىڭ ئوينىغان رولى ئىنتايىن مۇھىم.

**1.2 تىلشۇناسلىقنىڭ تەسىرى**

20-ئەسىرنىڭ 70-يىللىرىدا ئامېرىكىدا نۇم جۇمىسىكى ۋەكىللىكىدىكى تىلشۇناسلار، سۇشسۇرنىڭ تىلشۇناسلىق قاراشلىرىغا گۇمانلىق قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشۇپ تىل ئىقتىدارى تۇغما مۇكەممەل بولغان نەرسە، ئۇ بىر پارچە ئابستراكت رەسىم، ئەمما تىلنى قوللىنىش بولسا نورمال تىل ئىقتىدارىنىڭ مۇكەممەل بولمىغان شەكىلدە ئوتتۇرىغا چىقىشى، تىلشۇناسلىقنىڭ ھەقىقىي كۆڭۈل بۆلىدىغىنى تىل (تەركىبلىرى — ئا)نىڭ قوللىنىشى ئەمەس، بەلكى تىل ئىقتىدارى (ئىپادىلەش ئىقتىدارى — ئا) دەپ قارىغان. ئامېرىكا تىلشۇناسلىرى تىلنىڭ ئابستراكت فورمال قانۇنىيەتلىرىنى تەتقىق قىلغاندىن كۆرە، ئەمەلىيەت جەريانىدىكى تىلنىڭ ئىشلىتىلىشىگە ئالاھىدە دىققەت قىلغان.

ئامېرىكا تىلشۇناسلىق ساھەسىدىكى بۇ خىل قاراش خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى تەتقىقاتىدا كۆڭۈل بۆلۈشكە تېگىشلىك نەرسە، تېكىست قۇرۇلمىسى ئەمەس، بەلكى تېكىست قۇرۇلمىسىنىڭ ئىشلىتىلىش مەسىلىسى، يەنە كېلىپ ئەمەلىيەت جەريانىدىكى قوللىنىلىش ئىقتىدارىدۇر دېگەن ئىدىيەنى بارلىققا كەلتۈرگەن.

**1.3 ئارخېئولوگىيە ۋە دالا تەكشۈرۈش**

دالا تەكشۈرۈش ئارخېئولوگىيەدە ئىنتايىن كەڭ قوللىنىلىدىغان ئاساسىي ئۇسۇللارنىڭ بىرى. بۇ خىل ئۇسۇلدا تارىخچىلار كۇتۇپخانىلاردىن چىقىپ كەڭ دالىلاردا ئارخېئولوگىيەلىك قېدىرىپ تەكشۈرۈش ئارقىلىق ئىسپاتلىق خاراكتېرىگە ئىگە تېپىلمىلارنى ئىزدەيدۇ. بۇ ئۇسۇل ياۋرو-ئامېرىكا مەدەنىيەت تەتقىقاتىدا ئىنتايىن كەڭ قوللىنىلىپ، نۇرغۇن ئۈن-سىن ماتېرىياللىرى يىغىلغان. ماتېرىيال يىغقۇچىلار ئوخشاش بىر ئورۇنلىغۇچىنىڭ ئوخشاش ئەسەرنى سورۇن ئوخشىماسلىقى سەۋەبىدىن ئوخشىمىغان ۋارىيانت شەكىلدە ئورۇنلىغانلىقىنى بايقىغان. بۇلارنىڭ

تېپىك ۋەكىلى «فورمۇلا نەزەرىيەسى»نى كەشىپ قىلغۇ-
چى پاررى ــ لوردلاردۇر. لورد 1960-يىلى «ھېكايىنى ناخ-
شىلاشتۇرغۇچى» دېگەن ئەسەرنى يازغان. ئۇ ئېپوسچىنىڭ
ئېپوسنى ئاڭلىغۇچى، ئورۇنلانغان ۋاقىت، ئورۇن،
مۇھىت قاتارلىقلار بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ ئەسەر
ئىجادىيىتىدىكى مۇھىم رولىنى تەكىتلىگەن. گەرچە ئۇلار
قارىماققا ئورۇنلاش جەريانىنى تەتقىق قىلىۋاتقاندەك كۆ-
رۈنسىمۇ، ئەمما ئاخىرىدا تېكىست ئىچىدىكى فورمۇلالار-
نى تەتقىق قىلىشتىن ئىبارەت، تېكىست تەتقىقاتىنىڭ يەنە
بىر خىل كۆرۈنۈشىدىن خالىي بولالمىغان.

قانداقلا بولمىسۇن، پاررى-لوردلارنىڭ دادىل سىنى-
قى ئورۇنلاش نەزەرىيەسىنىڭ شەكىللىنىشىدە تۈرتكىلىك
رول ئوينىغان. ئۇلارمۇ ئوخشاشلا ناخشىچى، ناخشا ئو-
رۇنلانغان مۇھىت، ۋاقىت، ئورۇن قاتارلىقلارغا ئالاھىدە
دىققەت قىلىشقا باشلىغان.

## 2. ئورۇنلاش نەزەرىيەسىدىكى بىر قانچە مۇھىم ئامىل

### 2.1 سورۇن

سورۇن④غا ئاللان داندىس: «سورۇن فولكلور پا-
ئالىيىتىدىكى تارىخى ۋە ئىجتىمائىي شارائىتلارنى كۆرسە-
تىدۇ» دەپ تەبىر بەرگەن ⑤.

سورۇن ئورۇنلاش نەزەرىيەسىدىكى ئەڭ ھالقىلىق
ئامىللارنىڭ بىرسى. باۋ مەن سورۇننى مەنە سورۇنى،
ئادەت سورۇنى، ئالاقە سورۇنى، خۇسۇسىي سورۇن،
ئىجتىمائىي سورۇن، شارائىت سورۇنى قاتارلىق تەرەپلەر-
گە بۆلگەن. كۆرۈشكە بولىدۇكى، ئورۇنلاش نەزەرىيەسى-
دە سورۇن چېتىلمايدىغان بىرمۇ ئامىل كەم قالمىغان. ئو-
رۇنلاش نەزەرىيەسى ھەققىدىكى ئەسەرلەرنى ئوقۇغاندىن
كېيىنكى دەسلەپكى خۇلاسەم شۇكى، سورۇن ــ خەلق
ئاغزاكى ئىجادىيىتىنى ئورۇنلاشتا ئورۇنلاشنى ئوراپ
تۇرغان بارلىق شارائىتنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ شەخسنىڭ سۇب-
يېكتىپ ھالىتىدىن باشلاپ، ئىجتىمائىي مۇھىتقىچە بولغان
بارلىق ئامىللارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مەسىلەن، سەھنە
(ئورۇنلاش ماكانى)، تاماشىبىن، ساز، ناخشا ئېيتىش
(بايان قىلىش)، ھەتتا بايانچىنىڭ كىيىنىشىدىن، ئورۇنلاش
جەريانىنى تەشكىللىگۈچىگە بولغان بارلىق ئامىللارنى ئۆز
ئىچىگە ئالىدۇ. شۇڭا ئورۇنلاش نەزەرىيەسىنىڭ قارىشى
بويىچە كۆزەتكەندە خەلق ئاغزاكى ئىجادىيىتى سورۇن
ئىچىدىكى ئورۇنلىنىۋاتقان نومۇردۇر.

### 2.2 ئالاقە

ئورۇنلاش نەزەرىيەسى خەلق ئاغزاكى ئىجادىيىتىنى
بىر خىل ئالاقە دەپ قارايدۇ. بۇ خىل ئالاقە ئورۇنلىغۇ-
چى خەلق ئاغزاكى ئىجادىيىتىگە تەييارلىق قىلغاندىن تاكى
ئورۇنلاش ئاخىرلاشقىچە داۋاملىشىدۇ. بايانچى ياكى ناخ-
شىچىنىڭ ئېلىپ بارغان بارلىق پائالىيەتلىرى ئالاقە دائى-
رىسىگە مەنسۇپ. «نېگىزىدىن ئېيتقاندا، ئاغزاكى تىل
ئالاقە رامكىسى بولغان ئورۇنلاش ئورۇنلىغۇچى تاماشىبىنغا
نىسبەتەن ئۆزىنىڭ ئالاقىلىشىش ئىقتىدارىنى نامايان قىلىش-
تا ئىپادىلىنىدۇ. بۇ خىل ئالاقە ئىقتىدارى كىشىلەر ئېتىراپ
قىلغان شەكىل ئارقىلىق ئالاقە قىلىدىغان بىلىم ۋە ئىقتى-
دارغا تايىنىدۇ. ئورۇنداش نۇقتىسىدىن قارىغاندا، ئورۇن-
داش ئورۇندىغۇچىدىن ئاڭلىغۇچى بىلەن ئالاقىلىشىشنى
تەلەپ قىلىدۇ، ھەرگىزمۇ مەزمۇن يەتكۈزۈشىلا ئەمەس»
⑥.

ئورۇنلاش نەزەرىيەسى خەلق سەنئەتكارىنىڭ
بارلىق پائالىيەتلىرىنى بىر خىل ئالاقە دەپ قارىغان بولغاچ-
قا، ئۇ تاماشىبىننىڭ ئەسەرنىڭ پۈتكۈل ئامىللىرىغا كۆرسە-
تىدىغان تەسىرىنىمۇ ئالاھىدە تەكىتلەيدۇ. ئورۇنلىغۇچىنىڭ
نېمە ئېيتىدىغىنى ئىلگىرىكى تەتقىقات ئۇسۇللىرىغا
ئوخشاش نوقۇل ھالدىكى مۇتېفنىڭ تەكرارلىنىشى ياكى
ئالدىنقىلارغا ۋارىسلىق قىلىنىشى دەپ قارىمايدۇ. ئورۇن-
لىغۇچىنىڭ نېمىنى ئېيتىدىغانلىقىغا ئەمەس قانداق ئېيتىد-
غانلىقىغا، قانداق مەزمۇننى نېمە ئۈچۈن شۇ چاغدا ئېيتى-
دىغانلىقىغا، قانداق باغلايدىغانلىقىغا بەكرەك قىزىقىدۇ.
دىققەتكى، ئۇلار بۇنى تەتقىق قىلىشتا يەنە تېكىست تەتقى-
قاتى ئىچىگە كىرىپ قالمايدۇ. باۋ مەننىڭ نەزەرىدە
بارلىق سەنئەت شەكلى بىر خىل ئالاقە بولغانىكەن قانداق
مەزمۇننىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى ۋە قانداق باغلىنىشى ئالاقە
قىلىۋاتقان سورۇن بىلەن بىۋاستە باغلىنىشلىق بولىدۇ.
چۈنكى سورۇن ئالاقىگە قاتنىشىدىغان ئەڭ مۇھىم ئامىل.

### 2.3 ئورۇنلاش

ئەنئەنىۋى فولكلور تەتقىقاتى فولكلور ھادىسىلىرىنى،
بولۇپمۇ ئېغىز ئەدەبىياتى ھادىسىلىرىنى بايانچىنىڭ مۇستە-
قىل ھەرىكىتى سۈپىتىدە تەتقىق قىلىدۇ. ئەمما ئورۇنلاش

نەزەرىيەسى بولسا، ئېغىز ئەدەبىيات ھادىسىلىرىنى تەتقىق قىلغاندا، ئۇنى ئورۇنلاشتىن باشقا نەرسە ئەمەس، ھەرقانداق فولكلور ھادىسىسى، جۈملىدىن، ئېغىز ئەدەبىياتى ھادىسىلىرىدە ئورۇنلاشتىن ھالقىپ كەتكەن ھېچ نەرسە مەۋجۇت ئەمەس دەپ قارايدۇ. ئورۇنلاش نەزەرىيەسىنىڭ يادرولۇق قارىشىدا، فولكلور ھادىسىلىرىنى بىر كوللېكتىپ ئەزالىرىنى ئالاقە جەريانىغا باشلاپ كىرىدىغان پائالىيەت، ئۇنىڭدا كۆپچىلىك بىر-بىرى بىلەن پىكىر ئالماشتۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشىدۇ دېيىلىدۇ. بۇ قاراشلار ئاساسىدا ئامېرىكا فولكلورشۇناسلىرى بىر قىسىم فولكلور ئاتالغۇلىرىغا قايتىدىن قاراپ چىقىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشكەن.

### 2.3.1 كوللېكتىپ سەنئەت ئالاقىسى

ئامېرىكا ئورۇنلاش ئېقىمىدىكىلەرنىڭ قارىشىچە مەدەنىيەتنىڭ ئورۇندىلىشى بىر ئەل ئىچى كوللېكتىپىغا قارىتىلغان بولۇپ، مەدەنىيەت پائالىيىتى بۇ توپنىڭ مەدەنىيەتتىن ئورتاق بەھرىلىنىشىنى نامايان قىلىدۇ، ئۇ كىشىلەرنىڭ ئورۇنلاش قائىدىسى ۋە ئەندىزىسىگە بولغان ئارزۇسى ۋە ھەم بەھرىلىنىشىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

بۇ يەردە دېيىلىۋاتقان كوللېكتىپ دېگەنلىك ھەرگىزمۇ خەلق (folk)قا تەڭداش ئۇقۇم ئەمەس. ئىلگىرىكى فولكلور تەتقىقاتىدا خەلق ئۇقۇمى ئالاھىدە تەكىتلەنگەن بولسا، ئورۇنلاش سەنئىتى كوللېكتىپنى تەكىتلەيدۇ. شۇڭا ئۇلار كوللېكتىپ دېگەن سۆزنى ھەمىشە ئالاھىدە كوللېكتىپ، مەدەنىيەت دېگەن سۆزنى ئالاھىدە مەدەنىيەت دەپ قوللىنىدۇ. فولكلور ھادىسىلىرى ھەمىشە بىر پۈتۈن مىللەتكە ئورتاق بولغان ھادىسە بولماستىن، مەلۇم بىر ئالاھىدە كوللېكتىپقا مەنسۇپ بولغان ھادىسە، يەنە كېلىپ شۇ كوللېكتىپنىڭ ئۇنى ئورۇنلاش جەريانىدا ئىجاد بولىدىغان ھادىسىدۇر دەپ قارايدۇ.

دەرۋەقە فولكلور تەتقىقاتىدا ئىلگىرى بۇ خىل كوللېكتىپنىڭ تەسىرىگە سەل قارالغانىدى. بۇ خىل كوللېكتىپنىڭ دائىرىسىنى بېكىتمەك بىر قەدەر قىيىن، بىز ئۇنى خاتا ھالدا مەلۇم بىر جۇغراپىيەلىك ئورۇننى بىرلىك قىلغان كوللېكتىپ نامىغا باغلاپ قويماسلىقىمىز كېرەك. بۇ يەردىكى كوللېكتىپ ئۇقۇمى سەنئەت ئورۇنلىنىۋاتقان، شۇ سەنئەت ئارقىلىق ئالاقە قىلىۋاتقان كوللېكتىپنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ سورۇنلۇق ئالاھىدىلىككە ئىگە. مۇشۇ نۇقتىدا فولكلور تەتقىقاتى ھەر خىل مەدەنىيەت ھادىسىلىرىنىڭ ئالاقە تەشكىللىگە قاراپ تەرەققىي قىلىشى لازىم دېگەن يەكۈنگە كەلگىلى بولىدۇ. شۇڭا فولكلور ھادىسىلىرىنى يىغىش-رەتلەش، تەتقىق قىلىش ئەينى بىر ئەسەرنىڭ ئوخشىمىغان سورۇندىكى (پائالىيەت جەريانىدىكى كوللېكتىپ) ئەھۋالىنى تەتقىق قىلىش كېرەك. بىر پۈتۈن جۇغراپىيەلىك ياكى ئېتنىك نام ئاستىدىكى مەدەنىيەت ھادىسىلىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك تەتقىق قىلىش ئۇنى ئابستراكت نۇقتىدىن تەتقىق قىلىشقا باشلاپ قويىدۇ ياكى شۇ كوللېكتىپ ئىچىدىكى كىشىلەرنىڭ ئىجادىيەت خاھىشىغا سەل قاراشنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ.

### 2.3.2 مەدەنىيەتنى تارقىتىش

«ئورۇنلاش نەزەرىيەسىنىڭ ئاساسچىسى باۋ مەن ئورۇنلاش تارقىتىش ھەرىكىتىنىڭ بىر خىل ئەندىزىسى ۋە تارقىتىش ھادىسىسىنىڭ بىر خىل تۈرى دەپ قارايدۇ، ئورۇنلاش ئانالىزى تارقىتىش جەريانىدىكى ئىجتىمائىيەت، مەدەنىيەت ۋە ئېستېتىكلىق مەسىلىلەرنى ئالاھىدە تەكىتلەيدۇ» ⑦.

تارقىتىش جەريانىدا تىل ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدۇ. تىل گىراماتىكىلىق قائىدىلەرگە بويسۇنغان ئالاقە قورالى. ئۇنىڭ قۇرۇلمىسى ئابستراكتلاشقان، ئەقلىلەشكەن ۋە پىرىنسىپلاشقان بولىدۇ. ئەمما مەدەنىيەتنى ئورۇنلاش، تارقىتىش جەريانىدا بايانچى ئىشلەتكەن تىل كونكرېتلاشقان، ئوبرازلاشتۇرۇلغان، نىسپىي ئىختىيارىي نەرسىدىن ئىبارەت. بايانچى بارلىق تىل قائىدىلىرىگە دىققەت قىلىشمۇ ياكى ئۆزى چۈشىنىدىغان (ئۇ ئاڭلىغۇچى چۈشىنىدۇ دەپ قارايدىغان) ئاتالمىش تىل قائىدىلىرىگە رىئايە قىلىشمۇ مۇمكىن. شۇڭا ئورۇنلاش بىر خىل ئىختىيارىي ھالدىكى بايان قىلىش بولۇپ، ئۇ بايانچىنىڭ ئىگىلىگەن ياكى دېيەلەيدىغان ئەمەلىي تىل تەركىبلىرى بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. شۇڭا سىز خەلق سەنئەتكارلىرىنى تىل بايلىقى چەكسىز دەپ قارىماستىن، ئۇلارنى ئورۇنلاش بايلىقى چەكسىز، تارقىتىش، يەتكۈزۈش ماھارىتى ئۈستۈن دەپ قارىشىڭىز كېرەك. مۇشۇ مەنىدە مەدەنىيەت مەلۇم ئادەم چەكلىك تىل ئىچىدە ئورۇنلاۋاتقان چەكسىز ئۆزگىرىشچان نەرسە.

ئورۇنلاش بىر خىل تارقىتىش ۋاسىتىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۇ باشقا تارقىتىش ۋاسىتىلىرىگە ئوخشاش

روشەن تارقىتىش قۇرۇلما ئۇچۇرىغا ئىگە ئەمەس. ئورۇنلاشنىڭ تارقىتىپ بېرىدىغىنى سورۇندا تارقاتقان نىسپىي تۇراقلىق قۇرۇلما ئۇچۇرىدۇر. ئورۇنلاش نەزەرىيەسى ھەر بىر كوللېكتىپ بىر قەدەر روشەن بولغان تارقىتىش قۇرۇلمىسىغا ئىگە بولۇپ، بۇ كوللېكتىپ ئاشۇ تارقىتىش قۇرۇلمىسى ئارقىلىق ئالاقىلىشىدۇ. شۇ كوللېكتىپ ئاشۇ خىل ئالاقە قۇرۇلمىسىغا مايىل، شۇڭا تارقىتىش جەريانىدا مەلۇم فورمۇلالا مەيدانغا كېلىدۇ دەپ قارايدۇ (مەسىلەن، «بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا...، ئاتام زامانىسىدا... سىلەرگە بۈگۈن مەن سۆزلەپ بېرىدىغان ئالاھىدە بىر ھېكايە بار» دېگەندەك).

### 2.3.3 ئورۇنلىغۇچى

ئورۇنلاش نەزەرىيەسىنىڭ قارىشىدا ئورۇنلىغۇچى ئاغزاكى ئەنئەنە شەكلىنى تاللاش، چۈشەندۈرۈش، ئىجاد قىلىش ئارقىلىق ئاڭلىغۇچىلارغا مەدەنىيەت نومۇرىنى ئويناپ بېرىدىغان ئادەم. ئورۇنلىغۇچى ئەركىن، ئۆزگىرىشچان ئادەم. ئۇ ساقلاۋاتقان، ۋارىسلىق قىلىۋاتقان بارلىق خەلق ئاغزاكى ئىجادىيىتى بىر دەك سەنئەتلىك ئىختىرا جەريانىدۇر. شۇڭا مەڭگۈ ئوپمۇ ئوخشاش ئىككى پارچە ئاغزاكى ئىجادىيەتنى بايقاش مۇمكىن ئەمەس. دىققەتكى، ئورۇنلاش نەزەرىيەسى نوقۇل ھالدا ئورۇنلىغۇچىنى تەكىتلىمەيدۇ. ئەسەرنىڭ كۆپ ۋارىيانتلىق بولۇشى ئۇلارنىڭ سەۋەبىدىنلا ئەمەس، بەلكى سورۇنلۇق ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان ئورۇنداشنىڭ تەسىرىدىندۇر. ئەمما ئورۇنلىغۇچى ئورۇنلاش جەريانىدىكى يادرولۇق ئامىل. ئۇنىڭ بايان قىلىۋاتقىنى (ئەنئەنىۋى تەتقىقات قارىشى بويىچە) ئەجدادمۇ ئەجداد داۋام ئېتىۋاتقان، شەخسنىڭ كۈچىدىن ھالقىپ كەتكەن نەرسە ئەمەس، بەلكى ئورۇنلىغۇچىنىڭ تەسىرى ئىنتايىن كۈچلۈك بولغان ئىجادىيەتتۇر.

### 3. ئورۇنلاش نەزەرىيەسىنىڭ ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدا قوللىنىش ئىمكانىيىتى

ئورۇنلاش نەزەرىيەسى ئامېرىكىدا 1960-يىللاردا ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، 40 يىلدىن كېيىن، يەنى 2003-يىللاردا يالىڭ لىخۇي ۋە ئەن دېمىڭ ئەپەندىلەر تەرىپىدىن «فولكلور تەتقىقاتى» ناملىق ژۇرنالدا كەينى-كەينىدىن تونۇشتۇرۇلغان. شۇنىڭدىن كېيىن خەلق ئاغزاكى ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان خادىملار ئورۇنداش سەنئىتىگە يېقىندىن دىققەت قىلدى. 2008-يىلى يالىڭ لىخۇي ۋە ئەن دېمىڭ ئەپەندىلەر يەنە رىچارد باۋ مەننىڭ «ئاغزاكى ئىجادىيەت بىر خىل ئورۇنلاشتۇر» ناملىق ئەسىرىنى تەرجىمە قىلىپ گۇاڭشى پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتىدا نەشر قىلدۇردى. بۇ كىتابنىڭ نەشر قىلىنىشى ئورۇنلاش سەنئىتى ھەققىدە مۇكەممەل نەزەرىيەۋى ئەسەر كەمچىل بولۇشتەك بوشلۇقنى تولدۇردى.

بۇ ئەسەرنىڭ كىتابخانلار بىلەن يۈز كۆرۈشۈشى ئورۇنلاش نەزەرىيەسىنىڭ تېخىمۇ كۆپ تەتقىقاتچىلار بىلەن تونۇشىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. ئانتروپولوگىيە تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلاردىن تارتىپ، ئاغزاكى ئىجادىيەت تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارنىڭ ھەممىسى بۇ نەزەرىيەگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ، ئۇنىڭدىن يېڭىچە كۆرۈش نۇقتىسىغا ئېرىشتى. موڭغۇل ئاغزاكى ئىجادىيىتىگە بېغىشلانغان، تەتقىقاتچى بوتۇلتۇنىڭ «ئورۇنلاش، تېكىست، سورۇن، ۋارىسلىق قىلىش» ناملىق ئەسىرى بۇنىڭغا تىپىك مىسال بولالايدۇ.

نۆۋەتتە خەلق ئاغزاكى ئىجادىيىتى نوقۇل بايانچىنىڭ بايانىنى تەتقىق قىلىشتىن ھالقىپ، ئۇنى سورۇندىكى بارلىق ئامىللار بىلەن بىرلەشتۈرۈپ تەتقىق قىلىدىغان ئەھۋال شەكىللەندى، ئورۇنلىغۇچى، تېكىستنىڭ قوللىنىشى، تاماشىبىن، جامائەت، ئىما-ئىشارەت، مۇزىكا قاتارلىق سورۇندا ھېس قىلغىلى بولىدىغان ئامىللاردىن باشقا، خەلق ئاغزاكى ئىجادىيىتىنىڭ تارقىلىشىغا تەسىر قىلىدىغان مەدەنىيەت، ئىجتىمائىي، سىياسىي قاتارلىق ئامىللارنىڭ تەسىرى تەتقىق قىلىنىدىغان بولدى. خەلق ئاغزاكى ئىجادىيىتىنىڭ بوشلۇق جەھەتتىكى كېڭىيىشى ۋە تارىيىشى قاتارلىق مەسىلىلەرمۇ بۇ ساھەدىكى مۇھىم مەسىلە. مۇنداقچە دېگەندە، خەلق ئاغزاكى ئىجادىيىتى تەتقىقاتى ھەقىقىي بىر سىستېما قۇرۇلۇشىغا ئايلاندى.

ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى باشقا مىللەتلەرنىڭ ئېغىز ئەدەبىياتىدىن روشەن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان ئەدەبىيات ھادىسىسى. ھازىرغا قەدەر ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى تەتقىقاتىدا تېكىست تەتقىقاتى ئاساسىي ئورۇندا تۇرۇپ كەلدى. قوشاقلار مۇزىكىسىز، چۆچەكلەر سورۇنسىز، مەشرەپلەر تاماشىبىنسىز تەھلىل قىلىنسا، ئەسلىدىنلا مۇستەقىل بولمىغان مەدەنىيەت ھادىسىسى، يەككە تۈر

شەكلدە تەتقىق قىلىنىشتەك تار مېتودىكا شەكىللىنىپ قالدۇ.

ئورۇنلاش نەزەرىيەسى بىزگە ئاغزاكى ئىجادىيەتنىڭ نوقۇل ئېغىزدىن چىقىپ، قۇلاققا يېتىدىغان سەنئەت شەكلى ئەمەسلىكىنى ئۇقتۇردى. ئاغزاكى ئىجادىيەتنىڭ ئورۇنلاش سەنئىتى ئىكەنلىكىنى تونۇغاندا ئاندىن ئاغزاكى ئىجادىيەتنىڭ بىر جەريان ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ بىر ئەدەبىي ئەسەر دېيىدىغان تار رامكىدىن ھالقىپ ئۆتۈشى كېرەكلىكىنى بىلگىلى بولىدۇ. بىز ئۇزاقتىن بۇيان بارلىق خەلق ئېغىز ئەدەبىيات ئەسەرلىرىنى، يازغۇچىلار ئەدەبىياتى بىلەن سېلىشتۇرۇپ تەھلىل قىلغان بولغاچقا، بۇلارنىڭ ئەسلىدىنلا تولۇق سېلىشتۇرغىلى بولمايدىغان ئىككى نەرسە ئىكەنلىكىنى بىلمىدۇق. خەلق ئاغزاكى ئىجادىيىتىنىڭ ئورۇنلاش ئالاھىدىلىكى يازما ئەدەبىياتتا ئاساسەن كۆرۈلمەيدۇ. شۇڭا يازما ئەدەبىيات پرىنسىپلىرى بىلەن خەلق ئاغزاكى ئىجادىيىتىنى تەتقىق قىلىش تەتقىقاتىمىزنى تار رامكا ئىچىگە كىرگۈزۈپ قويىدۇ. گېپى كەلگەندە شۇنى دېيىش كېرەككى، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى دېگەن ئۇقۇم ھەققىدە قايتا ئويلىنىشقا توغرا كېلىدۇ. دەل ئۇنى «ئەدەبىيات» دېگەن سۆز بىلەن رامكىداپ قويغاچقا، ئۇنى ھە دېگەندە يەككە شەكىل دەپ چۈشىنىپ قالىمىز. (شۇڭا «مەشرەپ»تىن ئىبارەت ئالاھىدە ئورۇنلاش سەنئىتى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى تەتقىقاتىدا مۇستەقىل تۈر سۈپىتىدە تەھلىل قىلىنمايدۇ)، شۇڭا مەن خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى دېگەن ئۇقۇمغا قارىغاندا «خەلق ئېغىز ئىجادىيىتى» دېگەن نام بىلەن ئاتاش بىر قەدەر مۇۋاپىق دەپ قارايمەن. بۇ ئاتالغۇدا ئۇنىڭ بىر جەريان ئىكەنلىكى ئېنىق مەلۇم بولۇپ تۇرىدۇ.

ئورۇنلاش نەزەرىيەسىنى ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئىجادىيىتىنىڭ بارلىق تۈرلىرىدە قوللىنىش مۇمكىن. چاقچاقنى تىلغا ئالىدىغان بولساق، بىز ئالدى بىلەن ھېسام ئاكىنىڭ چاقچاقلىرىنى ئويلىماي تۇرالمايمىز. ھېسام چاقچاقلىرى تەتقىقاتىدا ئورۇنلاش نەزەرىيەسى ئىنتايىن مۇھىم بولغان نەزەرىيەۋى ئاساس بولالايدۇ. ھېسام چاقچاقلىرى سورۇن بىلەن بىرلەشكەندىلا ئاندىن ھەقىقىي تەتقىقات ئورنىنى تاپقان بولىدۇ. ھېسام چاقچاقلىرى پەقەت ھېسام ئاكىنىڭ چاقچاقلىرى بولغاچقىلا ئۆزىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ساقلاپ قالالىغان ئەمەس. ئۇنىڭدا چاقچاق مەزمۇنىغا ماسلىشىپ بېرىدىغان جامائەت توپى، چاقچاق سەۋەبىدىن كېلىپ چىقىدىغان كۈلكىنىڭ تەسىرى، ئۆرۈمنىڭ ئىنىرتسىيەسى، ھېسام ئاكىنىڭ ئۆزگىچە ئاۋازى، پەسىل، سورۇندا ئولتۇرۇۋاتقان تاماشىبىنلارنىڭ چاقچاققا خېمىرتۇرۇچ بولالىغۇدەك تەق-تۇرقى قاتارلىق ئامىللارنىڭ ھەممىسى تەتقىق قىلىنغاندا ئاندىن ھېسام چاقچاقلىرىنىڭ شۇ قەدەر ئالاھىدە تەرىپىنى ۋە سىرىنى تەتقىق قىلغىلى بولىدۇ. پەقەت شۇنداق بولغاندىلا ھېسام چاقچاقلىرىنىڭ پەقەت ھېسام ئاكىغىلا مەنسۇپ بولغان مەدەنىيەت ھادىسىسى ئەمەس، بەلكى شۇ سورۇندىكى ئالاھىدە ئىجادىيەت ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولىدۇ.

ئورۇنلاش نەزەرىيەسى قوللىنىش ئەڭ ئېھتىياجلىق بولغان خەلق ئاغزاكى ئىجادىيىتى مەشرەپتۇر. ئۇزاقتىن بۇيان بىز خەلق مەشرەپلىرىنى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى نۇقتىسىدىن تەتقىق قىلىش ياكى فولكلور ئومۇمىي نۇقتىسىدىن تەتقىق قىلىش مەسىلىسىدە بىرلىككە كېلەلمىدۇق. مەلۇم مەنىدە مەشرەپنى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ بىر قاتار ژانىرلىرى ئايرىم-ئايرىم ئەكس ئېتىدىغان بىر توپلام دەپ قاراپ تەتقىق قىلىدىغان ئەھۋاللارمۇ مەۋجۇت بولدى. شۇڭا «خەلق مەشرەپلىرىدىكى ئويۇنلار»، «خەلق مەشرەپلىرىدىكى قوشاقلار»، «خەلق مەشرەپلىرىدىكى....» دېگەندەك تەتقىقاتلارنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى ئەنە شۇ جۈملىدىندۇر. ئەمەلدە ئورۇنلاش نەزەرىيەسى شۇنى ئۇقتۇرىدۇكى، خەلق مەشرەپلىرى خەلق ئاغزاكى ئىجادىيىتى ئىجاد بولىدىغان، ئۆزگىرىدىغان، تاكامۇللىشىدىغان ئورۇنلاش سورۇنىدۇر. بىز مەشرەپنى تەتقىق قىلغاندا مەشرەپنىڭ تەييارلىقىدىن باشلاپ، ئاخىرلاشقاندىن كېيىنكى تەسىرىگىچە، ئورۇنلانغان مۇزىكىلاردىن باشلاپ ئادەتتىكى ئاۋازلارغىچە، مەشرەپتىكى يىگىتبېشىدىن ئادەتتىكى تاماشىبىنلارغىچە ھەممىسى خەلق ئاغزاكى ئىجادىيىتىنى بەلگىلەيدىغان ئامىللاردۇر. بولۇپمۇ مەشرەپنىڭ جامائىتى بۇ جەھەتتە بىز ئەڭ دىققەت قىلىدىغان مەسىلىلەردۇر. چۈنكى مەشرەپ جامائىتى مەشرەپتىكى ھەل قىلغۇچ ئامىلنىڭ بىرىدۇر، ئۇ خەلق ئاغزاكى ئىجادىيىتىنىڭ ئۇزۇن-قىسقىلىقى، قانداق ژانىرلارنىڭ قاتنىشىدىغانلىقىنى بەلگىلەيدۇ.

خەلق داستانلىرىنى ئورۇنلاش نەزەرىيەسى نۇقتىسىدىن تەتقىق قىلىشنىڭ ئەھمىيىتى تېخىمۇ زور دەپ قارايمەن. داستانچى دەل ئورۇنلاش نەزەرىيەسىدە ئالاھىدە تەكىتلىنىۋاتقان ئورۇنلىغۇچىدۇر. ئۇ داستان ئورۇنلاش ئۈچۈن ئالاھىدە تەييارلىق قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ كىيىۋالغان كىيىملىرى باشقىلارغا قارىغاندا ئالاھىدىرەك بولىدۇ. داستان ئېيتىش ئۈچۈن داستان پىرى پىرچەڭگىگە ئاتاپ ناماز ئوقۇشىدۇ. باشقىلارنىڭ ئۆزلىرىنى قانداق ئاتىشى بىلەن كارى بولمايدۇ ⑧. ئۇلار بازار، مازار ياكى ھويلىلاردا داستان ئېيتقاندا سەھنە تاللىمايدۇ، ئاڭلىغۇچىلار داستاننىڭ ئورۇنلىنىش جەريانىدا ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدۇ. داستانچى ئورۇنلاش جەريانىدا ئۆزىنى مۇھىم ئورۇنغا ئەمەس، بەلكى ئاڭلىغۇچىلارنى مۇھىم ئورۇنغا قويىدۇ. ئۇلارنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن ئورۇنلىماقچى بولغان مەزمۇننى تەڭشەيدۇ. ئەگەر سىز پەقەت مەزمۇن نۇقتىسىدىنلا تەتقىق قىلماقچى بولىدىكەنسىز، داستان ئورۇنلاش جەريانىدا ئوتتۇرىغا چىققان نۇرغۇن گەپ-سۆزلەرنى داستان بىلەن مۇناسىۋەتسىز دەپ ئويلاپ قالىسىز. ئورۇنلاش نەزەرىيەسى نۇقتىسىدىن قارىغاندا، داستان ئېيتىش جەريانىدىكى ھەرقانداق بىر ئېغىز گەپ-سۆز، ئىش-ھەرىكەت داستان بىلەن ئەمەس، ئەڭ مۇھىمى داستان ئورۇنلاش بىلەن مۇناسىۋەتلىك. شۇڭا خەلق ئاغزاكى ئىجادىيىتىنى خاتىرىلىگەندە داستاننى ئەينى ئېغىز تىلى بىلەن خاتىرىلەش ئەڭ ئەقەللىي ساۋات، بىز ئۇلارنى يەنە سورۇن ھالىتى بىلەنمۇ خاتىرىلىشىمىز كېرەك.

سەھىپە ئېتىبارى ۋە ئوقۇشچانلىقنى كۆزدە تۇتۇپ، ئورۇنلاش نەزەرىيەسى ھەققىدىكى ئۈچۈرلارنى مۇشۇنىڭ بىلەن كۇپايىلىنىمەن. مەن فولكلور تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارنىڭ يېڭى تەتقىقات ئۇسۇلى ئارقىلىق تېخىمۇ يېڭى مەسىلىلەرنى بايقىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

① ئاغزاكى بايان ئىجادىيىتى (民间叙事)نى ئاغزاكى نەسرىي ئىجادىيەت دەپ چۈشىنىش توغرا بولماسلىقى مۇمكىن. چۈنكى نەسرىي دېگەن سۆز بىزدە ھەمىشە تېكىستنىڭ ئورۇنلىنىش ئۇسۇلىغا قارىغاندا كۆپرەك، تېكىستنىڭ خاتىرىلىنىشى ھالىتىگە قارىتىلىدۇ.

② بۇ يەردە تىلغا ئېلىنغان «تارىخ» ئاتالغۇسى، ئەمەلىيەتتە، مەدەنىيەتنى ياكى تار مەنىدە قارىغاندا خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنى كۆرسىتىدۇ.

③ ھېنرى گلاسسىي: «ئامېرىكا فولكلورىنىڭ بۈگۈنكى ۋە ئەتىسى»، پېڭ مۇ رەتلىگەن، «جۇڭگو كىتاب ئوقۇش گېزىتى»، 2000-يىللىق 8-ئاينىڭ 20-كۈنىدىكى سانى

④ ئالدى بىلەن 语境 دېگەن سۆزنىڭ تەرجىمىسى ھەققىدە ئىككىلىك سۆز قىستۇرۇش زۆرۈر. 语境 دەپ قارىلىۋاتقان بۇ سۆز رىچارد باۋمەننىڭ «ئاغزاكى سەنئەت بىر خىل ئورۇنلاشتۇر» ناملىق كىتابىدا context دەپ چۈشەندۈرۈلگەن. بۇ سۆز ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا ئالللىقاچان مەۋجۇت سۆز بولۇپ، بىۋاستە ھالدا «كونتېكست» دەپ ئاھاڭ تەرجىمىسى قىلىنغان. ئەمما مەزكۇر ئەسەرنى ئوقۇش ۋە خاتىرىلەش جەريانىدا ھېس قىلدىمكى، «كونتېكست» دەپ ئېلىنسا، تىلشۇناسلىقتىكى «كونتېكست» دېگەن سۆزنىڭ مۇداخىلىسىدىن ساقلانغىلى بولمايدىكەن، شۇنداقلا «ئورۇنلاش نەزەرىيەسى» دېگەن سۆز بىلەن بولغان باغلىنىشىنىمۇ ھېس قىلغىلى بولمايدىكەن؛ شۇڭا context دېگەن سۆزنى، «كونتېكست»، «شارائىت»، «تىل شارائىتى» دەپ تەرجىمە قىلغاندىن كۆرە، «سورۇن» دەپ مۇقىملاش بىر قەدەر مۇۋاپىق دەپ قارىدىم.

⑤ جۇۋ شىڭ: «فولكلورنىڭ تارىخى، نەزەرىيەسى ۋە مېتودى»، شاڭخەي باسمىسى، 2006-يىلى 3-ئاي نەشرى.

⑥ رىچارد باۋمەن: «ئاغزاكى ئىجادىيەت بىر خىل ئورۇنلاشتۇر»، گۇاڭشى پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 12-بەت.

⑦ جۇۋ شىڭ: «فولكلورنىڭ تارىخى، نەزەرىيەسى ۋە مېتودى»، شاڭخەي باسمىسى، 2006-يىلى 3-ئاي نەشرى.

⑧ «خەلق داستانچىلىرى» دېگەن بۇ ئاتالغۇ ئوخشىمىغان رايونلاردا ئوخشىمىغان شەكىلدە ئاتىلىپ كەلمەكتە. بەزى رايونلاردا ھەتتا «ئەلنەغمىچى»، «سەنەمچى»، «خەلق سەنئەتكارى» دېگەن نام بىلەنمۇ ئاتالماقتا، ئەمەلدە بۇلارنىڭ كۆپىنچىسى مەدەنىيەت-سەنئەت ساھەسىدىكى خادىملارنىڭ ئۇلارغا قويغان سۈنئىي نامىدىن ئىبارەت. بۇنداق ئاتاش بىزنىڭ خەلق داستانچىلىرىنى تەتقىق قىلىشىمىزغا مەلۇم توسالغۇلارنى، ھەتتا خاتا تەتقىقات نىشانىنى بارلىققا كەلتۈرۈپ قويۇشى مۇمكىن. شۇڭا خەلق ئاغزاكى ئىجادىيىتىنى تەتقىق قىلغاندا بىزنىڭ (تەتقىقاتچىلارنىڭ) ئۇلارنى قانداق ئاتىشىمىز قىلچىمۇ مۇھىم ئەمەس، مۇھىمى ئۇلارنىڭ ئۆزىنى قانداق ئاتىشى. مېنىڭچە بۇمۇ ئورۇنلىغۇچىنى تەتقىق قىلىشنىڭ مۇھىم تەرىپى بولۇشى كېرەك. مەسىلەن، خەلق داستانچىلىرىنى نۇرغۇن جايلاردا «ھابدال» دەپ ئاتايدۇ. بۇنداق ئاتاش (ياكى ھابداللارنىڭ داستان ئېيتىش كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلىقى) تۈركىي تىللىق مىللەتلەر دۇنياسىدا ئومۇمىيۈزلۈك ھادىسە. ئەگەر ئۇلارنى ئاتالمىش چىرايلىق نام بىلەن ئاتاپ قويساق ئورۇنلىغۇچىنى ھەقىقىي تەتقىق قىلىشقا ئائىت مۇھىم ماتېرىيالدىن مەھرۇم قالغان بولىمىز.

(ئاپتور: خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ دوكتورانتى)



# تونۇلغان خەلق ئېغىز ئەدەبىياتچىسى «مىراس» ژۇرنىلىنىڭ سابىق باش مۇھەررىرى ئەرشىدىن تاتلىق

ماخمۇت زەيدى

ئەرشىدىن تاتلىق ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ
تونۇلغان تەتقىقاتچىسى، بۇ ھەقتىكى مىراسلارنى يىغىش،
توپلاش، تەتقىق قىلىشتىكى تۆھپىكار، بۇگۈنكى
«مىراس» ژۇرنىلىنى يورۇقلۇققا چىقارغان ۋە بۇ ژۇرنالغا
باش مۇھەررىر بولۇپ تا پېنسىيەگە چىققۇچە ژۇرنالدا
ئىشلەپ بۇ ژۇرنالغا پۇختا ئاساس سالغان. ئۇنىڭ ئەدە-
بىي ئىجادىيەتتە، تەتقىقاتتا، ئەدەبىيات- سەنئەت پائالىيەت-
لىرىدە ئوينىغان رولى، تەسىرى، تۆھپىسىنى خۇلاسىلەش
ئالاھىدە تىلغا ئېلىش نۆۋەتتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

بىز ئادەتتە ئەتراپىمىزدىكى كىشىلەرنىڭ قەدىر- قىم-
مىتىنى ھېس قىلىپ يەتمەيمىز. لېكىن بۇلارنىڭ بىرەرسى
ھاياتىمىزدىن يىراقلاشقاندا ياكى مەڭگۈلۈك ئايرىلىپ
قالغان چېغىمىزدىلا ئاندىن قەدىر- قىممىتىنى ھېس قىلى-
مىز. شۇنداق، جۈملىدىن، بۇ ھالنى ئۆز بېشىمدىن ئۆتك-
كۈزدۈم. بوۋىمىز، يېتۈك تىلشۇناس مەھمۇد كاشغەرىي
«دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» ناملىق كىتابىدا: «بارىدا مىس،
يوق چېغىدا ئالتۇن» دېگەن تەمسىلنى نەقىل كەلتۈرۈپ،
بىزگە ھەر نەرسىنىڭ قەدرىگە يېتىش ئۈچۈن ئىلىم بەرگە-
نىكەن.

مەن شۇ كۈنلەردە xx ئەسىرنىڭ 50 - يىللىرىدىن
تاكى يېقىنقى يىللارغىچە بىر شەھەردە، بىر كەسىپتە ئىشلە-
گەن زامانداشلىرىمدىن بىر قانچىسىدىن ئايرىلىپ قالدىم،
بۇلار مەندىن ئىلگىرى بۇ دۇنيا بىلەن خوشلاشتى. مەن
ئەينى زاماندا چوڭقۇر قايغۇ ھېس قىلغانىدىم، ھەتتا مەر-
سىيەلەرمۇ يازغانىدىم. لېكىن ۋاقىت ئۆزارغانچە بۇ زاماند-
داشلىرىمنى چوڭقۇر ياد ئېتىۋاتىمەن. بۇ يېقىملىرىمنىڭ
بىرى مەرھۇم ئەرشىدىن تاتلىق ئىدى. مەن شائىر ھەم
يازغۇچى ئەرشىدىن تاتلىقنى 1947 - يىلىدىن باشلاپ بىلەت-
تىم. ئۇنىڭ لىرىك شېئىرلىرىنى ئىلى شەھىرىدە نەشر قىلىن-
غان «كۆرەش» ژۇرنىلىدىن ئوقۇپ، بۇ ئاپتور بىلەن

تونۇشۇشنى ئارزۇ قىلىپ كەلگەنىدىم. ئەينى زاماندىكى گېزىت-ژۇرناللاردىن بىلدىمكى ئەرشىدىن تاتلىق 1945-يىلى ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيەسى ئاقسۇنى ئىشغال قىلغان كۈز مەزگىلىدە مىللىي ئارمىيە ئاقسۇ گارنىزونىغا ئۆزىنى مەلۇم قىلىپ جەڭچى بولۇشقا ئىرادىسىنى بىلدۈرگەن. ئارمىيە قوماندانلىق ئىشتابى بۇ 18 ياشلىق يىگىتنى قوبۇل قىلغان. شۇنىڭدىن باشلاپ بۇ يىگىت ئۆزىنى ھەم ئانا دىيارنى قوغداش يولىدا ھاياتىدا يېڭى بەت ئاچقان. جىسمانىي ۋە روھىي جەھەتتىن تىنىماي مەشىق قىلىپ، نەزەرىيە ۋە ئەمەلىيەتتە مول بىلىمگە ئىگە بولغان. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى دەۋرى (1944 — 1949) دە مەتبۇئاتتا مىللىي ئارمىيە باش ئىشتابىنىڭ يەنئەن بىلەن قويۇق مۇناسىۋەتنى بارلىقى، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ ئىچكىرى ئۆلكىلەردىكى پائالىيەتلىرى، گومىنداڭ ئارمىيەسىنى بىت-چىت قىلىپ، ئازاد قىلىنغان رايونلار «كۈرەش» ژۇرنىلى سەھىپىسىدە ئوبزور ئېلان قىلىنغان. (1947-يىلقى «كۈرەش» ژۇرنىلىغا قارالسۇن). ئەرشىدىن تاتلىق بۇ يىللاردا ھەم شائىر، ھەم ئوفىتسېر بولۇپ ئىشلىگەن. شىنجاڭدا ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيەسى گومىنداڭنىڭ 19-دىۋىزىيە قۇرۇقلۇق ئارمىيەسىنى قورالسىزلاندۇرۇپ، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ بىر قىسىم ۋىلايەت، ناھىيەلىرىنى ئازاد قىلغاندا گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيەسىنى ئۇرۇش توختىتىپ، كېڭەشىشنى تەلەپ قىلدى. شۇنىڭ بىلەن 1946-يىلى يىل بېشىدا « 11 ماددىلىق پۈتۈم» ھاسىل بولدى. پۈتۈم «شىنجاڭ گېزىتى» سەھىپىسىدە ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە كۆپ تىراژدا ئېلان قىلىندى. نەتىجىدە شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد قىلىنىشىدا ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيەسىنىڭ مۇھىم تۆھپىسى بولغانلىقتىن، ئەينى زاماندا ماۋزېدۇڭ «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى جۇڭگو دېموكراتىك ئىنقىلابىنىڭ بىر قىسمى. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنى قۇرۇش يولىدا قۇربان بولغان ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىق بەش نەپەر يولداشمىزنىڭ تۆھپىسى مەڭگۈ ئۇنتۇلمايدۇ» دېگەن.

ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئازادلىق ئىنقىلابى ئېلىمىزنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدا ئەڭ يارقىن، ئەڭ چوڭقۇر ئىز قالدۇرغان سەھىپە، ئىنقىلابنىڭ 50 يىللىق خاتىرىسىگە بېغىشلانغان «شىنجاڭ گېزىتى» ئېلان قىلغان (1994-يىل) ماقالىدە ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى شىنجاڭنىڭ كېيىنكى تەرەققىياتى ئۈچۈن ھەربىي ۋە مەمۇرىي ھەم ئەدەبىيات-سەنئەت ساھەلىرى ئۈچۈن يۈز مىڭلاپ كادىر يېتىشتۈرۈپ بەرگەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەن. مانا شۇ كادىرلارنىڭ بىرى ئەرشىدىن تاتلىق ئىدى. ئەرشىدىن تاتلىق شىنجاڭ ئازاد بولغاندىن كېيىن ئىتتىپاق ساھەسىدە بۆلۈم دەرىجىلىك مەسئۇل خىزمەتلەردە بولدى، 1953-يىلدىن باشلاپ ئۈرۈمچىدە «تارىم» ژۇرنىلىدا مۇھەررىر ۋە كەسپىي يازغۇچى بولۇپ ئىشلىدى.

مەن ئەرشىدىن تاتلىق بىلەن 53-يىلدىن باشلاپ رەسمىي تونۇشۇپ بىر ساھە، بىر شەھەردە يېرىم ئەسىر بىللە بولدۇم. بىز بىر ساھەدىلا ئەمەس تۇرالغۇلىرىمىزمۇ بىر ھويلىدا ئۆتكەن. «تارىم» 50-يىللاردا جۇڭگو-سوۋېت دوستلۇق جەمئىيىتىنىڭ قورۇسى (ھازىرقى خەلق نەشرىياتىنىڭ ئائىلىلىكلەر قورۇسى)دا تىل-ئىملا جەمئىيەتى ئىشخانىسىمۇ بىللە ئىدى. بىز ئۆگىنىش، يەنى ئىستىل تۈزىتىش ۋە ئوڭچىللارغا قارشى تۇرۇش ئاممىۋى ھەرىكەتلىرىدە چوڭ گۇرۇپپىدا بىللە ئۆگىنەتتۇق. قىسقى ئىجادىيەت بىلەن تىل-يېزىقنى بىرلىككە كەلتۈرۈش، خەلققە چۈشىنىشلىك تىل بىلەن ئىجاد قىلىش، ئەدەبىي تىلنى جانلىق تىلى بىلەن بىرلىككە كەلتۈرۈش، ھەممىدە ئىشچى-دېھقان ۋە ئەسكەرلەرگە خىزمەت قىلىش نىشانىنى گەۋدىلەندۈرۈش جەھەتلەردە ئورتاق تونۇش ھاسىل قىلغان دوستلار ئىدۇق. ئۇمۇ، مەنمۇ ئاددىي خەلق تىلى، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى، يازما ئەدەبىياتنىڭ بۇلىقى، مۇشۇ بۇلاقتىن قېنىپ سۇ ئىچكەندىلا ھېكمەت ئۈنچىلىرىگە ۋە مارجان سۆزلەرگە ئېرىشىپ، تۇرمۇشنى گۈزەللىك نۇرى بىلەن ئىپادىلەپ بەرگىلى بولىدۇ دەپ چۈشىنەتتۇق. 50-يىللاردا ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ۋە ئەدەبىي تىلى تېخى گۆدەك ئىدى. سوۋېت ئوتتۇرا ئاسىيەدىكى ئەدەبىيات ۋە ئەدەبىي تىل بەرپا قىلىش تەجرىبە ۋە نەزەرىيەلىرىنى ئۆگىنەتتۇق. يەنە بىر تەرەپتىن ئۇيغۇر كلاسسىكلىرىنى، رىۋايەت، داستانلىرىنى، ئون ئىككى مۇقام تېكستلىرىنى كلاسسىكلارنىڭ قول يازمىلىرىغا سېلىشتۇرۇپ بىرلىككە كەلتۈرۈش خىزمىتىنىمۇ بىللە ئىشلىدۇق. ئەرشىدىن تاتلىق شۇ يىللاردا گۆر ئوغلى، تاھىر-زۆھرە ۋە غېرىب-سەنەم قاتارلىق داستانلارنى ئۆگەنگەن ۋە خاتىرىلىگەن

مەرھۇم ئەرشىدىن تاتلىق ۋاپاتىنىڭ 12 يىللىق خاتىرىسى ئۈچۈن يېزىلدى.

بولغاچقا، 1954 ـ ، 1955 ـ يىللاردا تۆردى ئاخۇن ئاكىنىڭ
ئون ئىككى مۇقامنى ئېيتىپ بەرگەن غەزەللەرنى ئۇنىڭ ئاغ-
زىدىن ئاڭلاپ ۋە خاتىرىلەپ (تېپىچان ئېلىيېۋ بىلەن)،
نەۋايى، فۇزۇلى، زەلىلى دىۋانلىرىغا سېلىشتۇرۇپ بىرلىك-
كە كەلتۈرۈشكە مەسئۇل بولغانىدى. ئەرشىدىن تاتلىق
ئەينى يىللاردا خەلق قوشاقلىرىنى كۆپ بىلگەن ۋە شېئى-
رىيەت بىلەن كىچىك چاغلىرىدىلا قويۇق مەشغۇل بولغانلىقى
تۈپەيلى ئون ئىككى مۇقام تېكىستلىرىدىكى ۋارىيانتلارنى
بىرلىككە كەلتۈرۈشتە مۇھىم رول ئوينىغانىدى.

دۇنياۋى شۆھرەتكە ئىگە نامايەندىلەرگە نەزەر سا-
لىدىغان بولساق، ئەدەبىياتنىڭ ھەممىلا خەلقلەر مەدەنىي
ھاياتىدا باشلامچى كارۋان بېشى بولغانلىقىنى، بولۇپمۇ
شېئىرىيەتنىڭ يېڭى دۇنيانىڭ جارچىسى بولغانلىقىنى كۆرد-
مىز. «نەزمىنامە»نىڭ خەنزۇ كىلاسسىك ئەدەبىياتىدا،
«جاڭغىر»نىڭ موڭغۇل كىلاسسىك ئەدەبىياتىدا،
«ماناس» ئېپوسىنىڭ قىرغىز مەدەنىيەت تارىخىدا يول
ئاچقۇچى، ھەرقايسى مىللەتنىڭ ئېتىنىك تارىخىنى ۋە
سەنئەت تالانتىنى نامايان قىلغانلىقىنى كۆرىمىز. ئۇيغۇر
خەلقىنىڭ «ئوغۇزنامە» ۋە «قۇتادغۇبىلىك» داستانلىرىنى
ھەقىقەتەنمۇ شۇنداق دېيىشكە بولىدۇ، ئەرشىدىن تاتلىق
ئەينى زاماندا ئۇيغۇر خەلق داستانلىرى ھەققىدە تەتقىقات
ئېلىپ بارغانىدى.

ئەرشىدىن تاتلىقنىڭ يۇقىرىقىدەك تارىخي تۆھپىسى
ۋە ۋارىسلىق ئىدىيەسى بىر كېچىدە، بىر ئەتىگەندىلا بار-
لىققا كەلمىگەن. بەلكى تالاي يىللارنىڭ بوران- چاپقۇنلى-
رىنى باشتىن كەچۈرۈپ، قېتىرقىنىپ ئۆگىنىش ۋە كىتاب
ئوقۇپ ئۇنى مۇلاھىزە قىلىش جەريانىدا پەيدىنپەي شە-
كىللەنگەن. كونىلارنىڭ ئېيتىشى بويىچە تاغدەك ئىشنىڭ
تېرىقتەك يادروسى بولغاندەك، مەرھۇم دوستىمىزنىڭ كې-
يىنكى تەرەققىياتىغا خېمىرتۇرۇچ بولغىنى يەنىلا شېئىرىيەت-
كە بولغان ھەۋەس ئىدى. مەلۇمكى، نادىر بىر كىچىك
شېئىرمۇ كىشىنىڭ يۈرەك تارىنى چېكىپ ئۇنىڭ يوشۇرۇن
قابىلىيىتىنى ئۇرغۇتالايدۇ. پېشقەدەملەر بىلىدۇ ھەم 50 ـ
يىللاردا (سوۋېت ئىتتىپاقى دەۋرىدە) ئەدەبىيات- سەنئەت
ساھەسى گۈللەنگەن، بولۇپمۇ ستالىن دەۋرىدە ئەدەبىيات
شەخسنى گەۋدىلەندۈرۈشكە ئالاھىدە ئېتىبار بېرىلگەن.
جۈملىدىن، بىز ئوتتۇرا ئاسىيادىكى «شەرق ھەقىقتى»
نەشرىياتى نەشر قىلغان ئەدەبىي توپلاملارنى ئوقۇپ ھۇ-
زۇرلىناتتۇق. غاپۇر غۇلام، خەمىت ئالىمجان، ئۆمەر مۇ-
ھەممىدى ئەسەرلىرىنى بىلمەيدىغانلار يوق دېيەرلىك
ئىدى. دېمەكچى بولغىنىم: ئەينى زاماندا سوۋېت دەۋرد-
نىڭ ئەدەبىيات- سەنئىتى ئۆزىمىزنى تونۇش، سوتسىيالىس-
تىك مەدەنىيەت يارىتىشتا مۇھىم رول ئوينىدى. لېكىن، 60 ـ
يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە چۈشەندۈقكى، ھەر بىر
دەۋرنىڭ، دۆلەتنىڭ ئۆزىنى قوغداش ۋە ئۆزىنى گەۋدە-
لەندۈرىدىغان باش تېمىسى بولىدىكەن. يەنى شۇنىمۇ تە-
كىتلەش ئارتۇقلۇق قىلمايدۇ، 1965 ـ يىلىدىن 1976 ـ
يىللار جەريانىدا دۆلىتىمىزنىڭ باش يول، سىياسىتى سىند-
پىي كۈرەشنى مۇھىم گەۋدىلەندۈرۈش بولۇپ، بۇ جەرياد-
دا ئەدەبىيات- سەنئەت ساھەسى نابۇت قىلىندى. دۆلىتى-
مىزنىڭ ئىقتىسادىمۇ زور زىيانغا ئۇچرىدى، زىيالىيلار
خورلاندى. پەقەت 1976 ـ يىلى 6 ـ ئۆكتەبىر جامائەت
خەۋپسىزلىكى مىنىستىرلىقى «تۆت كىشىلىك» گۇرۇھنى
بىراقلا قولغا ئېلىپ، 10 يىل داۋاملاشقان ئاتالمىش مەدە-
نىيەت زور ئىنقىلابىنى ئاياغلاشتۇرغاندىن كېيىنلا ئەدەبى-
يات- سەنئەت ساھەسىدە قايتىدىن جانلىنىش بارلىققا
كەلدى. بۇ چاغدا شىنجاڭدىمۇ رىيازەت چەككەن زىيالىي-
لار، جۈملىدىن، ئەرشىدىن تاتلىققا ئوخشاش شائىر، ياز-
غۇچىلار ئازاد قىلىندى. شۇنىڭدىن كېيىن ئەرشىدىن
تاتلىق يېڭىچە روھ بىلەن قولىغا قەلەم ئېلىپ، يېڭى- يېڭى
ئەسەرلەرنى يازدى.

شەيئىلەر تەرەققىياتى تۈپتۈز يول بىلەنلا بولمايدۇ.
ئەرشىدىن تاتلىقنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەتتە تۆھپىكار بىر
ئەدىب بولۇپ كۆزگە كۆرۈنۈشىمۇ ئەگرى- توقاي ئۇزاق
تارىخي جەريانني بېسىپ ئۆتۈش ئارقىلىق قولغا كەلگەن.
ئادەمنىڭ ئۆمرىدە ئۈچ قېتىم تەلەي كېلىدىغان مەزگىلى
بولىدۇ، دېگەن ئاتىلار. ئەرشىدىن تاتلىقنىڭ مول ھوسۇل-
لۇق ئەدىب بولۇشىدا ئۈچ نۆۋەت تەلەي ئۇلۇغ كۆزىدە
باققان چاغلىرى بولغان. بىرىنچى قېتىم مىللىي ئارمىيە قى-
سمىدىكى يىللاردا ئۇنىڭ ئەسەرلىرى «كۈرەش» ژۇرنىلى-
دا بېسىلىشى، ئىككىنچى قېتىم «تارىم» ژۇرنىلى تەھرىر
بۆلۈمىدە ئىشلىگەن يىللىرى، يەنى 1956 ـ يىلى ياش ياز-
غۇچىلار قاتارىدا شىنجاڭدىن مەركەزدىكى يازغۇچىلار قۇ-
رۇلتىيىغا ۋەكىل بولۇپ قاتنىشىشى ۋە ئۇنىڭ «سادىق
باپكار» ھېكايىسى پىروزا ئەسەرلەر بويىچە مۇنەۋۋەر
ئەسەر بولۇپ باھالىنىشى ئۇنىڭغا شەرەپ كەلتۈردى. ئۈ
چىنچى قېتىمى، 1980 ـ يىلىدىن باشلانغان ئىسلاھات ۋە
ئىشىك ئېچىۋېتىلگەندىن كېيىنكى يىللار بولدى، مانا شۇ

باسقۇچ ئۇنىڭ ئامىتى كەلگەن، ئارزۇ-غايىسى چاقناپ ئەتراپقا ياخشىلىق ئۇرۇقىنى چاچقان يىللار بولدى.

50-يىللار ئۇيغۇر ئەدەبىياتى گۈللەپ ياشنىغان يىللار بولدى. مۇنداقچە ئېيتقاندا 1949-، 1959-يىللاردا ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىگىلىك تىكلەش، يېڭى مەدەنىيەت بەرپا قىلىش يولىدا دېموكراتىيە كەڭ جارى قىلىنىپ، مەمۇرىيەت، ھاكىمىيەت ئورۇنلىرىدا ئۇيغۇر زىيالىيلىرى ئاساسىي ئورۇندا تۇرۇپ، ئۆز-ئۆزىگە خوجا بولۇش، يېڭىچە مۇناسىۋەتلەر، مىللىي مەدەنىيەت يارىتىش يولىدا مەتبۇئاتلارنىڭ ئېتىبار بېرىشى بىلەن ياشلار ئۆز قابىلىيىتىنى نامايان قىلدى. بۇ يىللاردا «شىنجاڭ ئەدەبىيات-سەنئىتى» (ھازىرقى «تارىم») ئۇيغۇر مىللىي ئەدەبىياتىنى يارىتىشتا باشلامچى بولدى، ئەرشىدىن تاتلىق مانا شۇ تالانت ئىگىلىرىنىڭ بىرى بولۇپ كۆزگە كۆرۈنگەن.

ئۇنىڭ لىرىك ۋە ئېپىك شېئىرلىرى 1956-يىلقى «ماۋزېدۇڭغا خەت» ناملىق توپلامدا، 1954-يىلى «كۆرەش ناخشىلىرى» توپلىمىدا ۋە 1955-يىلى «ئۆكتەبىر گۈللىرى» ناملىق توپلاملاردا ئېلان قىلىندى. 1956-يىلى 30 نەچچە شېئىرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كىتابى (ئاقسۇ دەرياسى) مەتبەئەسىدە نەشر قىلىندى. ئۇنىڭ شېئىرلىرىدا كىشىنى زوقلاندۇرىدىغان يېڭى پىكىر ۋە ھېسسىياتقا تويۇنغان ھېكمەتلەر چاقنايتتى. كىتابخانلار يادلاپ ئالغانلىرىمۇ كۆپ ئىدى. ئۇنىڭ «قارلىغاچ ۋە يىلان» تېمىسىدىكى شېئىرىي پەلسەپۋى روھقا تويۇنغانلىقتىن شۇ يىللاردىكى ئەدەبىيات دەرسلىكىگە كىرگۈزۈلگەن. ئەرشىدىن تاتلىق يېزىقچىلىق ئارقىلىق خەلققە مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى تەقدىم قىلىش يولىدا تىنماي ئىزدەندى. ئەدەبىياتنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكىنى، ئۇنىڭ ئاۋامنى ئويغىتىپ، ئۇيۇشتۇرۇپ يېڭى جەمئىيەت قۇرۇشتىكى ئاكتىپاللىقىنى جارى قىلىش ئۈچۈن ھېكايىچىلىق بىلەنمۇ ئىزچىل مەشغۇل بولغانىدى. 50-، 60-يىللار ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ھېكايىچىلىق ژانىرى يېڭىدىن شەكىللىنىۋاتقان مەزگىلدە ئۇ «ئورنىغا قايتقان ئاشلىق» قاتارلىق ھېكايىلەر بىلەن ئىجتىمائىي تۇرمۇشىمىزدىكى كونا بىلەن يېڭى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتلەرنى مەركەزلەشتۈرۈپ، ئەدەبىيات ئارقىلىق پارتىيەمىزنىڭ يېزا ئىگىلىكىنى كوللېكتىپلاشتۇرۇش چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشتى. كېيىنكى يىللاردا ئۇ «سىناق» تېمىسىدىكى يىرىك ئەسىرى پوۋېستى بىلەن ئۇيغۇر پروزىچىلىقىدا يېڭى بەت ئاچتى.

بولۇپمۇ ئەرشىدىن ئەپەندى «خالتا كوچىدىن يانغاندا» ناملىق ھېكايىسى بىلەن ياخشىلىق، گۈزەللىك ۋە چىنلىقنى تۇرمۇشنىڭ ئىچكى نازۇك دېتاللىرىنى مەركەزلەشتۈرۈپ، ئۆزگىچە ئۇسلۇبتا يېڭى پەللە ياراتقانىدى، بۇ ھېكايىسى ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن مەتبۇئاتلاردا مۇنازىرىلەر بولۇپ، نەتىجىدە ئەرشىدىننىڭ ھېكايىچىلىقتىكى ئىجادچانلىقى مەدھىيەلەندى.

ئەرشىدىن تاتلىق يېزىقچىلىققا ئىشتىياق باغلىغاندىن باشلاپ، قۇمدىن ئالتۇن تاسقىغان كىشىدەك تۇرمۇش دېڭىزىغا چوڭقۇر چۆكۈپ، ئۇنىڭدىن ئېسىل ئۈنچە-مەرۋايىتلارنى سۈزۈپ ئالغان غەۋۋاس بولدى. خەلق تۇرمۇشىنى بارلىق ئەدەبىيات-سەنئەت شەكىللىرى ئۈچۈن تۈگىمەس بۇلاق دەپ بىلدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەم بۇ دوستىمىز خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى ئۆگىنىشنى بىر كۈنمۇ توختىتىپ قويمىدى. خەلق ئىچىدىكى رىۋايەت ۋە داستانلارنى قەلەمگە ئالدى. مېنىڭ خاتىرەمدىكى (دەپتەر) ئەسلىمىلىرىمگە قارىسام، 70-يىللارنىڭ كېيىنكى ۋاقىتلىرىدا بۇ دوستۇم جاھان ئەدەبىياتىدا مەشھۇر «مىڭبىر كېچە» ھېكايىلىرىنى ئۇيغۇرچە نەشر قىلىشقا كىرىشكەنىدى. ھېلىمۇ يادىمدا: «ئۇ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى يۇقىرى دەرىجىگە كۆتۈرۈشتە ‹مىڭبىر كېچە› ھېكايىلىرىنى تەييارلاۋاتىمەن. بىز جاھان ئەدەبىياتىغا تەسىر كۆرسەتكەن ئەسەرلەردىن ئوزۇقلانماستىن يېڭى سەۋىيە يارىتالمايمىز» دېگەنىدى. ئۇزاق ۋاقىت ئۆتمەي «مىڭبىر كېچە» ھېكايىلىرىنىڭ ئۇيغۇرچە نۇسخىسى 1980-يىلى ئىيۇلدا، ئەرشىدىن تاتلىقنىڭ تەييارلىشى بىلەن شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىدا نەشر قىلىنىپ تارقىتىلدى.

ئەرشىدىن تاتلىق 1983-يىلدىن تاكى پېنسىيەگە چىققۇچە ئۆتكەن يىللاردا «مىراس» ژۇرنىلىنىڭ باش مۇھەررىر بولۇپ ئىشلىدى. «مىراس» شۇ يىللاردا فولكلور بايلىقىنى قېزىش ۋە كىلاسسىكلارنىڭ دىۋانلىرىنى تونۇشتۇرۇشنى مەقسەت قىلىپ، ئۇيغۇر كىلاسسىكلىرىدىن باشقا قازاق، قىرغىز خەلقلىرىنىڭمۇ كىلاسسىك داستان ۋە تارىخىي مىراسلىرىنى تونۇشتۇراتتى. 1982- ۋە 1983-يىللىق سانلىرىدا (بۇ ۋاقىتلاردا ژۇرنال «خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى خەۋەرلىرى» دېگەن نامدا چىقاتتى) جاڭغىر داستانى ۋە تاجىك خەلقىنىڭ داستان، رىۋايەتلىرىمۇ تونۇشتۇرۇلغان.

ئەرشىدىن تاتلىق مىللىي مىراسلارنى ئاسراش ۋە تەتقىق قىلىشتا ئەستايىدىل ئىدى. 1984-يىلدىن باشلاپ ژۇرنال نامى رەسمىي يوسۇندا «مىراس» دەپ

بېكىتىلىپ، مەخسۇس ئۇيغۇر فولكلورى ۋە كلاسسىك ئەسەرلەرنى ئاساس قىلغان مۇنبەرگە ئايلاندى. بۇ يىللاردىكى «مىراس» ژۇرنىلىنىڭ كوررېكتورلۇقىنىمۇ كۆپ ھاللاردا ئەرشىدىن تاتلىق ئۆزى كۆرەتتى، ئۇ يىللاردىكى مەتبە ئىشلىرى ھازىرقىدەك تەرەققىي قىلمىغان بولۇپ، ژۇرنال شىنجاڭ تېببىي ئىنستىتۇتىنىڭ باسما زاۋۇتىدا بېسىلاتتى. «مىراس» ژۇرنىلىنىڭ 1984 - يىللىق 1 - سانىدا ««قۇتادغۇبىلىك»تىكى ماقال-تەمسىل ۋە ھېكمەتلەر توغرىسىدا» ناملىق ماقالەم ئېلان قىلىندى. ئەرشىدىن تاتلىق ماقالىنىڭ كوررېكتورىنى كۆرۈش جەريانىدا مەن بىلەن پىكىرلەشتى. مانا شۇ ۋاقىتتا بىز باسما زاۋۇتىنىڭ ئىشخانىسىدا «قۇتادغۇبىلىك»دىكى 180 دىن ئارتۇق ماقال-تەمسىل ۋە ھېكمەتلىك سۆزلەرنى مۇھاكىمە قىلىپ، قەدىمكىسىنى ئامىباب ئىپادىلەش جەھەتتە ئورتاقلىق ھاسىل قىلدۇق. چۈنكى ئىككىلىمىز مىللىي ئالاھىدىلىك ۋە مىللىي خاسلىقنىڭ تارىختىن بۇيان ئەدەبىياتتا چوڭقۇر يىلتىز تارتقانلىقىنى ھېس قىلىپ يەتكەنىدۇق. تۇغۇلغان ماكانىنى قەدىرلەپ سۆيۈش، دوستلۇق، مۇھەببەت ۋە قولۇم-قوشنىدارچىلىق جەھەتلەردىكى ماقاللار «قۇتادقۇبىلىك» داستانىدا ھەرقايسى بېيىتلارغا سىڭدۈرۈۋېتىلگەن.

مەن بۇرادىرىم ئەرشىدىن تاتلىقنى ئويلىغانسېرى ئۇنىڭ تىرىشچان ئوبرازى كۆز ئالدىمدىن ئۆتىدۇ. يىغىنچاقلىسام ئۇ تىرىشچان ھەم ئىشچان ئىدى. ھاردىم دېگەن سۆز ئۇنىڭ تۇرمۇش لۇغىتىدە يوق ئىدى. لۇشۇن ئېيتقاندەك، ئۇ ئاددىي ئوت-چۆپ يەپ سۈت-قايماق بەرگەن كالىدەك مۇلايىم ھەم چىداملىق ئىدى. ئۇنىڭ مۇنداق بەرداشلىق بېرىش ئىرادىسىنىڭ چېڭلىقىدىن، غايىسىنىڭ ئۇلۇغۋارلىقىدىن دېپىشكە بولاتتى. ئۇ: «ئىستىقبالسىز كەسىپ بولمايدۇ، پەقەت ئىستىقبالسىز ئادەملا بولىدۇ. ئادەم ئۆزىنى كەسىپ ئارقىلىق گەۋدىلەندۈرۈپ، قابىلىيىتىنى جارى قىلدۇرۇشى كېرەك» دەيتتى. بۇ تولىمۇ دۇرۇس ئېيتىلغان سۆز. مەرھۇم يېزىقچىلىق كەسپىگە ئۆمۈر بويى سادىق بولۇپ، ۋەتەن، خەلق ئۈچۈن بىر ئۆمۈر ساداقىتىنى نامايان قىلىپ ئالەمدىن ئۆتتى. مەرھۇمنىڭ رەپىقىسى ئۆزىدىن خېلى يىل ئىلگىرى ۋاپات بولۇپ، بۇ جۇدالىق ئۇنىڭغا قاتتىق تەسىر قىلغاچ، سالامەتلىكى ئانچە ياخشى بولمىدى، داۋالىنىشمۇ ئۈنۈم بەرمەي 1999 - يىل 8 - دېكابىر ۋاپات بولدى. مەن ئۇنىڭ جىنازا نامىزىغا ئۈلگۈرەلمىدىم. لېكىن كېيىنكى كېچىسى بۇ جۇدالىقنى ئىپادىلەپ تۆۋەندىكى مەرسىيەنى يازغانىدىم.

**بۇرادىرىم ۋاپاتىغا مەرسىيە**

قەدىردانىم كېتەرىڭنى بىلەلمىدىم،
سەكراتىڭدا بىر يۇتۇم سۇ بېرەلمىدىم.
كەچۈرگىن سەن، تونەپ چىقتىم مەقبەرەڭدە،
دوستلۇقىمىز بۇرچىن بىجا ئېتەلمىدىم.

خەيرلەشمەستىن ئۇ دۇنياغا كېتىپ قالدىڭ،
قايغۇم تېشىپ، كوچىدا مەن تېنەپ قالدىم.
خىيالىمنىڭ ئېكرانىدا بولدى ئايان،
قىرىقىنچى يىللارنى دەل ئەسكە ئالدىم.

ئەسكە چۈشتى ياۋلارغا ئوت ئاچقانلىرىنىڭ،
گومىنداڭنىڭ پوتەيلىرىنى چاققانلىرىڭ.
نىلقىنىڭ تاغ چوققىسىدا دوستلار بىلەن،
باتۇرانە كۆتۈرگەن جەڭ چۇقانلىرىڭ.

ئەخمەتجانغا ساليۇت بېرىپ سەپەر قىلدىڭ،
باتۇرلۇقنى ئىرادەڭگە كەمەر قىلدىڭ.
ئىنقىلابنىڭ سىنىقىدىن دادىل ئۆتۈپ،
غەلبەڭنى يەنئەنگىچە خەۋەر قىلدىڭ.

ئازادلىقنىڭ دەرۋازىسى ئېچىلغاندا،
خۇاڭخې بىلەن ئىلى سۇيى قېتىلغاندا.
قەلەم ئالدىڭ، مىلتىق تۇتقان قولۇڭغا سەن،
مەرىپەتنىڭ تاڭ نۇرلىرى چېچىلغاندا.

شۇنىڭدىن بۇيان ئۆتتى ئازكەم يېرىم ئەسىر،
داۋالغۇلۇق يىللاردا سەن تارتتىڭ جەبىر.
شۇڭغۇپ دېڭىز تېگىگىچە ئۈنچە سۈزۈپ،
تامچىلاردىن دولقۇن ياساپ تاپتىڭ قەدىر.

تاغ-داۋاندا ئاكوپلاردا ئىزىڭ قالدى،
«تارىم» بىلەن «مىراس»لاردا سۆزۈڭ قالدى.
ئىش، ئوبرازىڭ قەلبىمىزدە خۇددى مەشئەل،
ساڭا ۋارىس سانسىز ئوغۇل-قىزىڭ قالدى.

ئاھ، ئەلۋىدا، خەلقىمىزنىڭ ياخشى ئوغلى،
تىنچ يات، نامىڭ قامۇسلاردىن ئورۇن ئالدى.

(ئاپتور: ش ئۇ ئا ر ئاپتونوم رايونلۇق ئىقتىسادىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ پېنسىيونېرى)




ئابدۇقەييۇم مىجىت

## 1. كىرىش

نىكاھ ــ بىر خىل ئىجتىمائىي مەدەنىيەت ھادىسىسىدۇر. نىكاھنىڭ كونكرېت شەكىللىرى قانچىلىك پەرقلىق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئىنسانلار ھامان نىكاھ ئارقىلىق جەمئىيەتنىڭ ھۇجەيرىسى بولغان ئائىلىنى شەكىللەندۈرىدۇ. ئوخشاش بولمىغان مەدەنىيەتلەردە ئائىلىنىڭ شەكلى، كۆلىمى ۋە فۇنكسىيەسى ئوخشاش بولمىسىمۇ، ئەمما نىكاھ ئوخشاش. مۇردوك (P.Murdock George)نىڭ نىكاھ ھەققىدىكى تەھلىلى ئىنسانشۇناسلىقنىڭ نىكاھ قارىشىغا ۋەكىللىك قىلالايدۇ. ئۇ «نىكاھ چوقۇم جىنسىي مۇناسىۋەت ۋە ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتنى ئۆز ئىچىگە ئېلىشى كېرەك. ئىقتىسادىي ھەمكارلىق مۇناسىۋىتى يوق جىنسىي بىرلىشىش كۆپ ئۇچرايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئەر-ئاياللار ئوتتۇرىسىدا جىنسىي مۇناسىۋەتنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدىغان ئىش تەقسىماتىمۇ مەۋجۇت. مەسىلەن: ئاكا-ئۇكا، ئاچا-سىڭىللار ئوتتۇرىسىدا خوجايىن بىلەن ئايال چاكار ئوتتۇرىسىدا ياكى خوجايىن بىلەن كاتىپلار ئوتتۇرىسىدا شۇنداق. ئەمما پەقەت بىر خىل مۇناسىۋەتتە ئىقتىسادىي ۋە جىنسىي بىرلىشىش تەڭ مەۋجۇت بولغاندىلا، ئاندىن نىكاھ شەكىللىنىدۇ. بۇ خىل بىرلىشىشمۇ پەقەت نىكاھ مۇناسىۋىتىدە كۆرۈلىدۇ» ① دەيدۇ. ئىنسانلار نېمە ئۈچۈن نىكاھلىنىشى كېرەك؟ بۇ مەدەنىيەت ئىنسانشۇناسلىقى ئۇزاقتىن بۇيان چۈشەندۈرۈشكە ئۇرۇنۇۋاتقان مەسىلىلەرنىڭ بىرى. ھەر بىر خىل چۈشەندۈرۈشتە نىكاھنىڭ جەمئىيەتتە مەۋجۇت بەزى مەسىلىلەرنى ھەل قىلالايدىغانلىقى ئوتتۇرىغا قويۇلغان. بۇ چۈشەندۈرۈشلەردە نىكاھنىڭ جىنسنى ئاساس قىلغان ئەمگەك تەقسىماتىنىڭ ئېھتىياجى: «جىنسىي رىقابەتتىن ساقلىنىشنىڭ ئېھتىياجى ۋە بوۋاقلارنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك تايىنىش باسقۇچىنىڭ ئېھتىياجى تۈپەيلىدىن كېلىپ چىققانلىقى سۆزلەنگەن. رۇسسېل «نىكاھ ئىنقىلابى» ناملىق ئەسىرىدە: «نىكاھلىنىش ئادىتى ئۈچ خىل ئامىلنىڭ بىرىكمىسى بولۇپ، بۇ ئۈچ خىل ئامىل ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، تۇغما ئىقتىدار، ئىقتىساد ۋە دىنىدىن ئىبارەت» ② دەيدۇ. مەدەنىيەت ئىنسانشۇناسلىرى نىكاھنىڭ جەمئىيەت مۇقىملىقىنى ساقلاش، كېيىنكى ئەۋلادلارنى مۇۋاپىق شارائىتلار بىلەن تەمىنلەش ۋە ئوخشاش بولمىغان ئىنسان توپلىرى ئوتتۇرىسىدىكى بىرلىشىشنى ئىلگىرى سۈرۈش فۇنكسىيەسى بار دەپ قارايدۇ. ئىنسانلار ئۆزىنىڭ نىكاھ تارىخىدا قالايمىقان نىكاھ تۈزۈمى (promiscuity)، توپ نىكاھ تۈزۈمى (marriagegroup)، بىر ئايال كۆپ ئەرلىك تۈزۈم (polyandry)، «پولىئاندرىيە تۈزۈمى» ياكى «بىر خوتۇن كۆپ ئەرگە تېگىش تۈزۈمى» ۋە ياكى «كۆپ

ئەر ئورتاق بىر خوتۇن ئېلىش تۈزۈمى» دېيىشكىمۇ بولىدۇ)، بىر ئەر كۆپ خوتۇن تۈزۈمى (Polygamy، «پولىگامىيە تۈزۈمى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ) ۋە بىر ئەر بىر خوتۇنلۇق تۈزۈمى (monogamy، «مونوگامىيە تۈزۈمى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ) قاتارلىق نىكاھ شەكىللىرىنى بېشىدىن كەچۈردى. بۈگۈنكى كۈندە بۇ خىل نىكاھ شەكىللىرىدىن پەقەت بىر ئەر كۆپ خوتۇنلۇق نىكاھ شەكلى بىلەن بىر ئەر بىر خوتۇنلۇق نىكاھ شەكلى ساقلىنىپ قالدى. بىز بۇ ماقالىدە پەقەت بىر ئەر كۆپ خوتۇنلۇق بولۇش تۈزۈمى توغرىسىدا مۇلاھىزە يۈرگۈزىمىز.

**2. دۇنيادىكى ھەرقايسى مىللەتلەردىكى پولىگامىيەنىڭ ئىزنالىرى**

بىر ئەر كۆپ خوتۇنلۇق بولۇش تۈزۈمى — بىر ئەرنىڭ بىرلا ۋاقىتتا بىردىن ئارتۇق خوتۇن بولۇشتەك نىكاھ شەكلىنى كۆرسىتىدۇ. پولىگامىيە ئىنسانلاردا ئانىلىق ھوقۇقى (ماترىئارخاللىق) دەۋرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە بارلىققا كېلىشكە باشلىغان بولۇپ، ئاتىلىق ھوقۇقى (پاترىئارخاللىق) تۈزۈمىدىكى نىكاھ شەكلىنىڭ ئالاھىدىلىكى. خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك تۈزۈمىنىڭ مەھسۇلى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىققان. پولىگامىيە ھادىسىسى نۇرغۇن قەبىلە-قوۋملارنىڭ تارىخىدا يۈز بەرگەن ھادىسە بولۇپلا قالماستىن، بەلكى بۈگۈنكى زاماندىكى بەزى مىللەتلەردە يەنىلا ساقلىنىۋاتقان بىر خىل نىكاھ شەكلى بولۇپ، ئافرىقا ۋە ئاسىيادىكى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان مىللەتلەردە يەنىلا مەۋجۇت. شىمالىي ئامېرىكا ئىندىيانلىرىدىكى كۆپلىگەن قەبىلىلەردە بىر ئەر بىر خوتۇنلۇق تۈزۈمى يۈرگۈزۈلسىمۇ، بەزى ئاز ساندىكى قەبىلىلەردە قەبىلە باشلىقى كۆپ خوتۇن ئالىدىغان، ئەمما ئادەتتىكى كىشىلەر بىر خوتۇن ئالىدىغان نىكاھ شەكلى ساقلانغان. مورگاننىڭ تەتقىقاتلىرىغا ئاساسلانغاندا، ئىروكمۇلاردا كۆپ خوتۇنلۇق بولۇش قاتتىق چەكلەنگەن. ئېسكىموسلارنىڭ كۆپ قىسىم قەبىلىلىرىدە بىر ئەر بىر خوتۇنلۇق نىكاھ شەكلى بولغان بولسىمۇ، ئەمما ئاز بىر قىسىم قەبىلىلەردە يېرىمدىن كۆپرەك ئەرلەرنىڭ ئەڭ ئاز بولغاندا ئىككىدىن خوتۇنى بولغان، دۇنيا بويىچە بىر ئەر كۆپ خوتۇنلۇق بولۇش تۈزۈمى ئەڭ كەڭ ئومۇملاشقان جاي ئافرىقا بولۇپ، ئافرىقىدىكى يەرلىكلەردە بىر ئەرنىڭ بەش، 10 ـ 20، ھەتتا 50 ـ 60 خوتۇنى بولۇش ئادەتتىكى ئىش ھېسابلىنىدۇ. يەھۇدىيلاردا 9- ئەسىرلەردىن بۇرۇن بىر ئەر كۆپ خوتۇنلۇق تۈزۈم مەۋجۇت بولغان. خىرىستىيان دىنىدىكى «ئىنجىل»نىڭ «كونا ئەھدە» قىسمىدا نۇرغۇن كۆپ خوتۇنلۇق بولغان شەخسلەر تىلغا ئېلىنغان. ھازىر ۋىلىيام لۇك (William Luck)، بىلەيىن روبىنسون (Blaine Robinson) قاتارلىق بەزى ئىنجىلشۇناسلار «ئىنجىل»دا بىر ئەر كۆپ خوتۇنلۇق تۈزۈمى تەشەببۇس قىلىنغان دەپ قارايدۇ. بۈگۈنكى كۈندە ئىران، ئىراق، ئافغانىستان، سەئۇدى ئەرەبىستان قاتارلىق ئىسلام دىنى ۋە مەدەنىيىتى گۈللەنگەن ئەللەردە بىر ئەر كۆپ خوتۇنلۇق نىكاھ ناھايىتى كەڭ ئومۇملاشقان. بەزى ئەللەردە ئەرلەرنىڭ خوتۇنلىرىنىڭ كۆپ بولۇش-بولماسلىقى ئەرلەرنىڭ مۈلكى ۋە ئىجتىمائىي ئورنى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك دەپ قارالغان. مەسىلەن، تانزانىيە، كېنىيەدىكى ماسېيللىقلاردا ئەرلەرنىڭ خوتۇنىنىڭ سانىنىڭ ئاز-كۆپلۈكى ئۇلارنىڭ باي-نامراتلىق دەرىجىسىنى بەلگىلىسە، ئائىلىدىكى مال-چارۋا سانىنىڭ ئاز-كۆپلۈكى ئائىلىنىڭ باي-نامراتلىقىنىڭ بەلگىسى سۈپىتىدە قارالغان. ئۇلاردا ئاياللار بىلەن مال-چارۋىلارنى ئالماشتۇرۇشقا بولىدۇ. بىر ئايالنىڭ قىممىتى ئۈچ تۇياق سىيىر، بىر تۇياق بۇقا ۋە ئىككى قويغا تەڭ. ماسېيللىقلارنىڭ ئائىلىسى بىر قاشا شەكىللىك ھويلا بولۇپ، ئەر ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئۆيدە تۇرىدۇ، چوڭ خوتۇنى ئۇنىڭ ئۆيىنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى ئۆيدە، 2-ئايالى سول تەرەپتىكى 1- ئۆيدە، 3- ئايالى سول تەرەپتىكى 2- ئۆيدە تۇرىدۇ. قالغانلىرى شۇ رەت تەرتىپ بويىچە تۇرىدۇ. ئادەتتە ئۇلارنىڭ پەرزەنتلىرى ئۆز ئانىلىرىنىڭ يېنىدا تۇرىدۇ. ئەرلەر ئاياللىرى بىلەن نۆۋەت بويىچە بىللە تۇرىدۇ. ئەگەر بىر ئەرنىڭ چوڭ-كىچىك خوتۇنلىرى ئوتتۇرىسىدا جېدەل-ماجىرا يۈز بەرسە، ئۇلار شۇ ئۆيگە خوتۇن بولۇپ كىرىشنىڭ ئىلگىرى-كېيىنلىك تەرتىپى بويىچە كىچىكى چوڭىنىڭ گېپىنى ئاڭلايدۇ. شۇڭا بۇ ھەقتە «چوڭ خوتۇن ھەسەت قىلىدۇ، كىچىك خوتۇن ھەسرەت چېكىدۇ» دېگەن سۆز بار. بۈگۈنكى زاماندىمۇ ئوۋچىلىق، يىغىش-تېرىش ۋە ئىپتىدائىي يېزا ئىگىلىكىگە تايىنىپ ياشايدىغان بەزى خەلقلەردە بىر ئەر كۆپ خوتۇنلۇق تۈزۈمى ئاندا-ساندا مەۋجۇت. بۇرۇنقى زامانلاردا بابىلونلۇقلار، ئىبرانىلار، ئەرەبلەر، سلاۋيانلار، سكاندىناۋىيەلىكلەر، ئىرلاندلارنىڭ ھەممىسىدە بىر ئەر كۆپ خوتۇنلۇق تۈزۈمى بولغان. نۇرغۇن تەتقىقاتلار شۇنى كۆرسەتتىكى، بىر ئەر كۆپ

خوتۇنلۇق تۈزۈمى مەۋجۇت قەبىلىلەردە بۇ خىل نىكاھ بىر خىل ئايرىم ياكى ئانچە ئومۇملاشمىغان ئەھۋال بولۇپ، نۇرغۇن قەبىلىلەردە بىر ئايال تۇغالمىغان ياكى ئوغۇل تۇغمىغان ۋاقىتتىلا ئاندىن بىر ئەرنىڭ كۆپ خوتۇنلۇق بولۇشى توغرا چۈشىنىلگەن. پاكىستان، ماراكەش قاتارلىق دۆلەتلەردە ئەرلەرنىڭ چوڭ خوتۇنى قوشۇلسا، توقال ئېلىشقا رۇخسەت قىلىنىدۇ. ياپونلاردا قەدىمكى زامانلاردا باي، كاتتا كىشىلەرنىڭ تۆت-بەش، ئادەتتىكى ئوتتۇراھال كىشىلەرنىڭ ئىككى-ئۈچ خوتۇنى بولغانلىقى مەلۇم. جۇڭگودا قۇللۇق جەمئىيەت ۋە فېئوداللىق جەمئىيەتتە قۇلدار ۋە فېئوداللار ئوچۇق-ئاشكارا كىچىك خوتۇن ئېلىشنى ئاساسىي شەكىل قىلغان كۆپ خوتۇنلۇق تۈزۈمنى يولغا قويغان ھەمدە خوتۇن ۋە توقاللىرىنىڭ قانچىلىكلىكىنى مال-مۈلۈك ۋە ئىجتىمائىي ئورۇنىنىڭ سىمۋولى دەپ بىلگەن. جۇڭگودا يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇشىنىڭ ئالدىدا خەنزۇ، زاڭزۇ، مېنبازۇ، دۇلۇڭزۇ ۋە ۋازۇ قاتارلىق مىللەتلەردە ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە بىر ئەر كۆپ خوتۇنلۇق نىكاھ شەكلى ساقلانغان.

بىر ئەر كۆپ خوتۇنلۇق نىكاھ شەكلىنىڭ ھەرقايسى ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت، تەرەققىيات باسقۇچلىرىدىكى ئومۇملىششى دەرىجىسىنىڭ قانداق بولغانلىقىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش زۆرۈر. ئىنسانشۇناسلارنىڭ تەتقىقاتلىرىغا ئاساسلانغاندا، ئاۋستىرالىيە قەبىلىلىرى ۋە پۇشمان قەبىلىلىرىدىن باشقا، ھەرقانداق تۆۋەن باسقۇچتىكى ئوۋچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان قەبىلىلەر ۋە ئىپتىدائىي يېزا ئىگىلىك باسقۇچىدا تۇرغان قەبىلىلەرنىڭ ھاياتىدا بىر ئەر كۆپ خوتۇنلۇق كەڭ كۆلەمدە ئومۇملاشمىغان. ئۇلاردا بىر ئەر بىر خوتۇنلۇق نىكاھ تۈزۈمى قاتتىق ئىجرا قىلىنغان، ئەمما نىسبەتەن يۇقىرى باسقۇچتا تۇرغان ئوۋچى قەبىلىلەردە بىر ئەر كۆپ خوتۇنلۇق نىكاھ شەكلى نىسبەتەن كۆپ ئۇچرايدۇ. كىشىلەر ئادەتتە بىر ئەر كۆپ خوتۇنلۇق نىكاھ شەكلىنى ئانچە ياخشى بولمىغان ئادەت دەپ قارىسىمۇ، لېكىن بۇ خىل نىكاھ شەكلىنىڭ تارقىلىش دائىرىسى كەڭ بولغان، ئاتىلىق ھوقۇق ئۈستۈن ئورۇندا تۇرغان مەزگىللەردە بىر ئەر كۆپ خوتۇنلۇق نىكاھ شەكلى ئەرلەرنىڭ نوپۇزى، ھوقۇقى ۋە ئەمەلىي كۈچىنىڭ تەسىرىدە تېخىمۇ كەڭ ئومۇملاشتى. بىر ئەر كۆپ خوتۇنلۇق نىكاھ شەكلى ساپ يېزا ئىگىلىكى بىلەنلا شۇغۇللىنىدىغان مىللەتلەرگە قارىغاندا قوشۇمچە چارۋىچىلىق بىلەنمۇ شۇغۇللىنىدىغان يېزا ئىگىلىك مىللەتلىرىدە، تۆۋەن دەرىجىدىكى چارۋىچى مىللەتلەرگە قارىغاندا يېزا ئىگىلىكىنى قوشۇمچە قىلغان چارۋىچى مىللەتلەردە نىسبەتەن كۆپرەك ئۇچرايدۇ. تارىخىي تەرەققىياتلار جەريانىدا بىر ئەر كۆپ خوتۇنلۇق نىكاھ شەكلى بىر ئەر بىر خوتۇنلۇق نىكاھ شەكلىگە قاراپ تەرەققىي قىلغان. بۇنىڭغا ئاساسەن جەمئىيەت ۋە جىنسىي تۇرمۇش سەۋەب بولغان. بەزىلەر بىر ئەر كۆپ خوتۇنلۇق نىكاھ تۈزۈمىدە قىز بوۋاقلارنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتىنىڭ ئوغۇل بوۋاقلارنىڭكىدىن يۇقىرى بولىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويۇشقان. ئەمما بۇنىڭ ئادەمنى قايىل قىلغۇدەك دەلىل-پاكىتى يوق. ھالبۇكى، بەزى ئىنسانشۇناسلار ئومۇمىي نوپۇستا ئاياللارنىڭ سانى ئەرلەرنىڭكىدىن كۆپ بولغان تېخى ئۇچرىمىغان، بىكىك قەبىلە-قوۋملارنىڭ كۆپىنچىسىدە بىر ئەر كۆپ خوتۇنلۇق نىكاھ تۈزۈمىنىڭ يولغا قويۇلغانلىقىنى بايقىغان. غەرب ئالىملىرى 850 جەمئىيەتكە قارىتا تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغاندا، 83% جەمئىيەتنىڭ بىر ئەر كۆپ خوتۇنلۇق نىكاھ شەكلىنى ئەقىلگە مۇۋاپىق دەپ قارىغانلىقى مەلۇم بولغان. ھالبۇكى، بۇ جەمئىيەتلەردە بىر ئەر كۆپ خوتۇنلۇق ئائىلىلەر ئۇنچە كۆپ نىسبەتنى ئىگىلىمەيدىكەن. ئومۇمەن دۇنيادا ئەرلەر بىر ئەر كۆپ خوتۇنلۇق بولۇش («پولىگامىيە»)نى، ئاياللار بىر ئەر بىر خوتۇنلۇق بولۇش («مونوگامىيە»)نى قوللاپ كەلدى. ھالبۇكى ئەرلەر ئۆزىنىڭ كۈچى ۋە نوپۇزىغا تايىنىپ كۆپ خوتۇنلۇق تۈزۈمنى داۋاملاشتۇرۇپ كەلدى.

### 3. ئۇيغۇرلار تارىخىدىكى بىر ئەر كۆپ خوتۇنلۇق نىكاھ شەكلىنىڭ ئىزنالىرى

ئۇيغۇرلاردا بۇرۇنقى زاماندا قەبىلە باشلىقلىرى، بايلار، ئاقسۆڭەكلەر ۋە پادىشاھلارنىڭ كۆپ خوتۇنلۇق بولغانلىقى مەلۇم. خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى بەزى ئەسەرلەرگە قارايدىغان بولساق، بەزى قەبىلە باشلىقلىرىنىڭ ئون نەچچە، بەزى پادىشاھلارنىڭ 40 خوتۇنى بولغانلىقى ھەققىدىكى ئەپسانە، رىۋايەتلەرنى كۆپ ئۇچرىتىمىز. خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدا پادىشاھلارنىڭ خوتۇنلىرىنىڭ سانىنىڭ 40 دەپ مۇقىملىشىشى بەلكىم قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ «40»نى ئادەمگە بەخت-تەلەي ئېلىپ كېلىدىغان مۇقەددەس سان دەپ قارىشى سەۋەب بولغان بولۇشى مۇمكىن. كۆپىنچە چۆچەك، ئەپسانە-رىۋايەتلەردە پادىشاھنىڭ چوڭ خوتۇنى بىلەن توقاللىرى ئوتتۇرىسىدىكى

كەسكىن زىددىيەتلەر ئەسىر ۋەقەلىكىنىڭ تۈگۈنى بولىدۇ، بۇي تارىختىكى بىر ئەر كۆپ خوتۇنلۇق بولۇش نىكاھ شەكلىنىڭ بەدىئىي ئەدەبىياتتىكى ئىپادىسى دېيىشكە بولىدۇ.

مەيلى ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنقى دەۋرلەردە بولسۇن، مەيلى كېيىنكى دەۋرلەردە بولسۇن ئۇيغۇرلاردا، بولۇپمۇ ئاۋام پۇقرالار ئارىسىدا بىر ئەر كۆپ خوتۇنلۇق بولۇش ھادىسىسى كۆپ كۆرۈلمىگەن، شۇنداقتىمۇ بىر ئەر كۆپ خوتۇنلۇق نىكاھ تۈزۈمى ئۇيغۇرلاردا بولمىغان دېيىشكە بولمايدۇ. لىن گەن ئەپەندى «ھۇنلارنىڭ ئومۇمىي تارىخى» ناملىق ئەسىرىدە، «ھۇنلارنىڭ ئۆرپ-ئادىتى بويىچە ئاتىسى ئۆلسە ئۆگەي ئانىسىنى ئوغلى، ئاكىسى ئۆلسە ئۇنىڭ خوتۇنىنى ئىنىسى، ئىنىسى ئۆلسە ئۇنىڭ خوتۇنىنى ئاكىسى خوتۇن قىلغان، شۇڭا ھۇنلاردا بىر ئەر كۆپ خوتۇنلۇق بولۇش ھادىسىسى بىر قەدەر ئومۇملاشقان». دەيدۇ. «ئىبنى فەزلان ساياھەتنامىسى»دە، «يەنە بىر مۇھىم نۇقتا، قەدىمكى تۈرك قەبىلىلىرى ئارىسىدا بىر خوتۇنلۇق بولۇشنىڭ ئادەت ئىكەنلىكىگە دائىر كۆپ قاراشلار توغرا دەپ قارىلىشىدۇ، ئىشىنىمىزكى، بۇ كۆز قاراش خاتا. چۈنكى قەدىمىي تۈرك قەبىلىلىرىدە ئومۇمەن ئاياللار ئەرلەردىن كۆپ ئىدى. ياتلىق بولمىغان قىزلارنى ۋە تۇللارنى قوغداش ۋە ھاياتتا ئۇلارنىڭ مەسئۇلىيىتىنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىش ئۈچۈن ئاياللارنىڭ يېقىنلىرى ئۇنى نىكاھىغا ئېلىشقا توغرا كېلەتتى. ئەگەر پەقەت بىر ئايال بىلەنلا نىكاھلىنىش شەرت بولسا ئىدى. بۇنداق ئاياللارنىڭ تۇرمۇشتا يۆلەنچۈكسىز قېلىش خەۋپى ئوتتۇرىغا چىقاتتى» ③ دېيىلگەن. سوغدىلاردىمۇ بىر ئەر كۆپ خوتۇنلۇق نىكاھ تۈزۈمى بولغان. «مۇغ تېغى سوغدىچە ۋەسىقىلىرىدىن 3-ۋە 4-نومۇرلۇق ھۆججەتلەر سەمەرقەنت پادىشاھى تارخۇننىڭ 10-يىلى (710-يىلى) ئىمزالانغان نىكاھ ئەھدى بولۇپ، مەزكۇر ھۆججەتنىڭ يەشمىسىنى ئىشلىگۈچى لىۋشىس: ‹سوغدى يېزىقىدىكى نىكاھ ھۆججەتلىرى شۇنى كۆرسىتىدۇكى، ئەرب ئىستىلاسىدىن ئىلگىرى سوغدىلاردا كۆپ خوتۇنلۇق تۈزۈم مەۋجۇت بولغان، شۇنداقلا ئۇنىڭ رەسمىي خوتۇن، توقال ۋە ئاشنا قاتارلىق ئۈچ خىل شەكلى بولغان› دەپ قارايدۇ»④. يازما يادىكارلىقلار قەدىمكى تۈركلەردىمۇ بىر ئەر كۆپ خوتۇنلۇق نىكاھ تۈزۈمىنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى دەلىللەيدۇ. مەسىلەن، «كۆلتېگىن مەڭگۈ تېشى»دا «9-قۇر) ئۆگسىز (ogsiz) دېگەن ئاق ئېتىنى مىنىپ، توققۇز ئەرگە [نەيزە] سانجىدى. ئوردىنى بەرمىدى، [شۇنداق قىلمىغان بولسام] ئانام خاتۇن قاتارلىق ئانىلىرىم، ئاچىلىرىم، كېلىنلىرىم مەلىكىلىرىمنىڭ تىرىكلىرى دېدەك بولاتتىڭلار، جەسەتىڭلار بولسا خارابىلىكتە، يولدا قالغان بولاتتى!»⑤ دېيىلگەن بولۇپ، «ئانام خاتۇن قاتارلىق ئانىلىرىم» دېيىلگىنىگە قارىغاندا، كۆلتېگىن خاقاننىڭ ئاتىسىنىڭ كۆپ خوتۇنلۇق بولغانلىقىنى قىياس قىلىش مۇمكىن.

ئۇيغۇرلاردا ھەرقايسى دەۋرلەردە كۆپ خوتۇنلۇق نىكاھ تۈزۈمى مەۋجۇت ئىدى. بىراق ئۇنىڭ ئومۇملىشىش دەرىجىسىدە بەلگىلىك پەرقلەر بار. ئۇيغۇرلاردا ئەرنىڭ كىچىك خوتۇنى «توقال» دەپ ئاتىلىدۇ. «توقال ئەركە بولسا، ئېرىگە تېكە بولار» دېگەن ماقالمۇ بار. ياك شىچمىن «قەدىمكى ئۇيغۇرلار» ناملىق ئەسىرىدە «ئۇيغۇرلاردا يەنە كۆپ خوتۇنلۇق تۈزۈم مەۋجۇت ئىدى، توقال ئالغاندىمۇ تويلۇق سېلىناتتى. خوتۇنلارنىڭ ئاز-كۆپلۈكى ئەرلەرنىڭ مال-دۇنياسىغا باغلىق ئىدى. ئۇيغۇرلار بەزىدە باشقا قەبىلە ياكى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى خەنزۇلارنىڭ قىزلىرىنى بۇلاپ كېلىپ، ئۇلار بىلەن نىكاھلىناتتى⑥ دەيدۇ. لىن گەن ۋە گاۋ زىخۇ ئەپەندىلەر «قەدىمكى ئۇيغۇرلار تارىخى» ناملىق ئەسىرىدە «كونا تاڭنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە»گە ئاساسلىنىپ تۇرۇپ ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە ئۇيغۇر خاقانلىرىنىڭ نىكاھلىنىش ئەھۋالىنى بايان قىلىدۇ ۋە «ئۇيغۇرلاردا ئاتىسى ئۆلسە بالىسى ئۆگەي ئانىسىنى خوتۇن قىلىش ئادىتى بولغاچقا، بىر ئەر كۆپ خوتۇنلۇق بولۇش ئەھۋالى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئەڭ ئالىي ھۆكۈمرانلار ۋە يۇقىرى قاتلام ئاقسۆڭەكلەر ئىچىدە كۆپ خوتۇنلۇق بولۇش تېخىمۇ ئومۇملىشىپ كەتكەنىدى»⑦ دەپ يازىدۇ. ئۇيغۇرلار بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلغان مەزگىللەردە ئۇيغۇرلاردىكى بىر ئەر كۆپ خوتۇنلۇق بولۇش ئادىتىنىڭ سۇسلاشقانلىقى، ھەتتا تەقىب قىلىنغانلىقىنى قىياس قىلىش مۇمكىن، چۈنكى بۇددا دىنىنىڭ شەرىئىتىدە راھىبلارنىڭ توي قىلىشى، ھاۋايى-ھەۋەسكە بېرىلىشى مەنئى قىلىنغان.

ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغاندىن كېيىن، ئىسلام دىنىنىڭ نىكاھ ھەققىدىكى شەرىئەت ئەھكاملىرى ئۇيغۇرلارنىڭ نىكاھ ئادەتلىرىگە، بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ بىر ئەر كۆپ خوتۇنلۇق بولۇش كېرەكمۇ ياكى بىر ئەر بىر

خوتۇنلۇق بولۇش كېرەكمۇ دېگەن مەسىلە ھەققىدىكى كۆز قاراشلىرىغا بەلگىلىك تەسىر كۆرسەتكەن. «قۇرئان كەرىم»دە، «ئەگەر يېتىم قىزلارغا (ئۆيلىنىپ) ئادىل مۇئامىلىدە بولالماسلىقتىن ئەنسىرىسەڭلار، ئۇنىڭ ئورنىغا ئۆزۈڭلار ياقتۇرىدىغان ئاياللاردىن ئىككىنى، ئۈچنى ۋە تۆتنى ئالساڭلار بولىدۇ؛ ئەگەر ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئادىل بولالماسلىقتىن ئەنسىرىسەڭلار، بىر خوتۇن بىلەن ياكى قول ئاستىڭلاردىكى چۆرىلەر بىلەن كۇپايىلەنسەڭلار بولىدۇ. شۇنداق قىلىشىڭلار ئادىللىقتىن چەتنەپ كەتمەسلىكىڭلارغا ئەڭ يېقىندۇر»⑧ دېيىلگەن. بۇ ئايەتنىڭ مەزمۇنىدىن ناھايىتى روشەنكى، ئىسلام شەرىئىتى نەسلىنى قېلىش، كېسەللىك ياكى بۇزۇقچىلىقتىن ساقلىنىش زۆرۈرىيىتى تۈپەيلىدىن، ھەممىسىگە ئادىل، باراۋەر مۇئامىلە قىلىش شەرتى ئاستىدا بىر ئەر كۆپ خوتۇنلۇق بولۇشقا رۇخسەت قىلغان. سەقەفىيلىك غەيلان ئىبنى سەلەمە دېگەن كىشى مۇسۇلمان بولغاندا، ئۇنىڭ 10 ئايالى بار بولۇپ مۇھەممەد پەيغەمبەر ئۇنىڭغا ئاياللىرى ئىچىدىن تۆتنى ئېلىپ قېلىپ، قالغانلىرىنى قويۇۋېتىشنى بۇيرۇغان. بۇنىڭدىنمۇ مۇسۇلمان ئەر كىشىنىڭ بىرلا ۋاقىتتا تۆتتىن ئارتۇق ئايالنى نىكاھىدا تۇتۇشىنىڭ دۇرۇس بولمايدىغانلىقى مەلۇم بولىدۇ. «قۇرئان كەرىم»دە يەنە، «قانچە تىرىشساڭلارمۇ خوتۇنلىرىڭلارغا (دىلىڭلار مايىللىقىدا) باراۋەر مۇئامىلىدە بولۇشقا ھەرگىز قادىر بولالمايسىلەر. شۇنىڭ ئۈچۈن بىرىگە پۈتۈنلەي مايىل بولۇپ، ئىككىنچىسى (ئېرى باردەكمۇ ئەمەس، يوقتەكمۇ ئەمەس) ئېسىپ قويۇلغان خوتۇندەك تاشلاپ قويماڭلار...»⑨ دېيىلگەن. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ «ئىككى خوتۇنى بار ئادەم خوتۇنلىرىدىن بىرىگە بەكرەك مايىل بولۇپ كەتسە، قىيامەت كۈنى جىسمىنىڭ بىر تەرىپى مايماق قوپىدۇ»⑩ دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلغان. بۇنىڭدىن ئىسلامدا كۆپ خوتۇنلۇق بولغان ئەرلەرنىڭ ئاياللىرى ئوتتۇرىسىدا باراۋەر، ئادىل مۇئامىلىدە بولماسلىقىنىڭ گۇناھى قاتتىق ئېغىر ئىكەنلىكى مەلۇم بولىدۇ. ئىسلام دىنى زىنا پاھىشىدىن ساقلىنىش، ئاياللارنى مال-مۈلۈك ئورنىدا كۆرۈش، كۆپ ئاياللارنى نىكاھىدا تۇتۇۋېلىپ ئۇلارنىڭ ئېھتىياجلىرى بىلەن كارى بولماسلىق، ئاياللارنى تۈرلۈك شەكىللەردە قۇل قىلىش قاتارلىق ئىشلارنى مەنئى قىلىش، چەكلەش ئۈچۈن بىر ئەرنىڭ تۆت خوتۇن ئېلىشىغا رۇخسەت قىلغان، تۆتتىن ئاشۇرۇۋېتىشنى قەتئىي چەكلىگەن. بۇنىڭدىن ئىسلام دىنىدا بىرلا ۋاقىتتا نىكاھىدا تۇرغان ئاياللارغا ئادىل، باراۋەر مۇئامىلىدە بولالمايدىغان، ئاياللىرىنىڭ تۈرلۈك ماددىي ۋە مەنىۋى ئېھتىياجلىرىنى قامدىيالمايدىغان كىشىلەرنىڭ كۆپ خوتۇن ئېلىشىغا بولمايدىغانلىقى مەلۇم. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆپ قىسىم ھاياتى بىر ئايال بىلەن ئۆتكەن. ئۇ 25 يېشىدا خەدىچەگە ئۆيلىنىپ تاكى ئۆزى 50 ياشقا كىرىپ خەدىچە ئالەمدىن ئۆتكىچە پەقەت خەدىچە بىلەنلا ئۆي تۇتقان. ئومۇمەن ئىسلام دىنى بىر ئەرنىڭ كۆپ خوتۇنلۇق (يەنى ئەڭ كۆپ بولغاندا تۆت بولۇشقا) رۇخسەت قىلغان بولسىمۇ، لېكىن بىر ئەر بىر خوتۇنلۇق بولۇشنى ئەۋزەل دەپ قارىغان ۋە تەشەببۇس قىلغان.

ئۇيغۇرلاردا بىر ئەرنىڭ نىكاھىدىكى بىر قانچە خوتۇن بىر-بىرىگە نىسبەتەن «كۈندەش» («كۈنداش» دېيىلىدۇ) دەپ ئاتىلىدۇ. مەھمۇد كاشغەرىينىڭ «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»دا، « kuni — كۈنى ~ كۈنە، كۈنداش. ماقالىدە مۇنداق كەلگەن: كۈنداشنىڭ كۆلىگىچە دۈشمەن. يەنى كۈنداش بىر-بىرىگە شۇنداق دۈشمەنكى، ھەتتا ئۇلارنىڭ كۆلىرىمۇ بىر-بىرىنىڭ كۆزىگە ئۆرۈلىدۇ.»⑪ دېيىلگەن. بۇنىڭدىن بىر ئەر كۆپ خوتۇنلۇق ئائىلىلەردە كۈنداشلار ئارىسىدا بىر-بىرىسىدىن ئېرىنى قىزغىنىش، بىر-بىرىگە ھەسەت قىلىش، ئاداۋەتلىشىش، ھەتتا دۈشمەنلىشىشتەك ئەھۋاللارنىڭمۇ سادىر بولىدىغانلىقىنى بىلگىلى بولىدۇ.

ياقۇپ بەگ ئالتە شەھەرگە ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىللەردە ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىكى بايلار تەبىقىسىدە كۆپ خوتۇنلۇق بولۇش بىر مەزگىل ئەۋج ئالغان. كروپاتكىن «قەشقەرىيە» ناملىق ئەسىرىدە «كۆپ خوتۇنلۇق بولۇش باشقا مۇسۇلمان دۆلەتلىرىگە ئوخشاشلا قەشقەرىيەدىمۇ چەكلىمىگە ئۇچرىمايدىكەن، بۇ پەقەت بايلارلا بەھرىمەن بولالايدىغان بىر خىل ئۆرپ-ئادەت ئىكەن» ⑫ دەپ يازىدۇ. موللا مۇسا سايرامى «تارىخىي ھەمىدى»دە، «بۇ چاغدا جانابىي ئالىينىڭ ئەمرى ئەقدە ۋە ئىلكى مۈلكىدە بولغان مۇسۇلمان، تۇڭگانى، خىتاي، شۈغنان، قالماق، قازاقلاردىن ئولجا ئېلىنغان جۇۋان، چوكان، كاتتا ئۇلۇغلار ئەۋلادى قاتارلىق ئايىم ئاغىچا-خوتۇنلىرىنىڭ سانى تەخمىنەن 600 دىن ئارتۇق ئىدى دېگەن قىسسە ۋە ھېكايىلەر بار»⑬ دەيدۇ. روسىيەلىك ئېكسپېدىتسىيەچى نىكولاي مىخايلوۋىچ پېرژېۋالسكىي 1885-

يىل 6 - ئاينىڭ بېشىدىن 10 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە قىلغان ئېكسپېدىتسىيەسى ئاساسىدا يېزىپ چىققان «لوپنۇرغا سەپەر» ناملىق ئەسىرىنىڭ خوتەنگە ئائىت بۆلىكىدە، «ئىسلام دىنىنىڭ قانۇنىغا ئاساسەن، بىر ئەرنىڭ كۆپ خوتۇنلۇق بولۇشىغا يول قويۇلغان. بىراق باي ئائىلىلەرلا شۇنداق قىلالايدۇ، ئادەتتىكى ئەرلەرنىڭ پەقەت بىرلا خوتۇنى بولىدۇ. بىردىن ئاشۇرالايدىغانلار ئىنتايىن ئاز» [14] دەپ يازىدۇ. بۇ 1885 - يىللاردىكى خوتەندىكى ئەھۋالدۇر. بەلكىم شۇ ۋاقىتلاردا خوتەندىن باشقا جايلاردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ نىكاھ ئەھۋالىمۇ شۇنداق بولسا كېرەك. قۇمۇل ۋاڭلىقى دەۋرىدە «نىكاھ ئىشىدا ئاتا - ئانىلارنىڭ نىكاھقا ئىگە ئىكەنلىكى بەلگىلەنگەن بولۇپ، ئاخۇنۇم قاتناشقان نىكاھ قانۇنلۇق ھېسابلىناتتى. ئەرلەر ئۈچ، تۆتكىچە خوتۇن ئالسا بولاتتى»[15]. ياپونىيەلىك ئېكسپېدىتسىيەچى تيەنيا يۈزى «يىراق قىرلار» ناملىق ئەسىرىنىڭ 3 - بۆلۈمى «شىنجاڭغا سەپەر»دە، قۇمۇل ئاياللىرى ھەققىدە توختىلىپ: «بىز تۇرغان ساراي غوجايىنىنىڭ تۆت خوتۇنى بولۇپ، ئۇلار ئارقا ھويلىدا تۇرىدىكەن،... ئۇلارنىڭ ھۇجرىلىرى ئاجايىپ ھەشەمەتلىك بولۇپ، بۇ تۆت خانىمدىن تۇغۇلغان باللار بىر - بىرىدىن ئوماق ئىكەن»[16] دەپ يازىدۇ. 1910 - يىلنىڭ ئالدى - كەينىدە شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا رۇسىيەنىڭ كونسۇلى بولۇپ تۇرغان باگياۋېلېنسكىينىڭ 1906 - يىلى يېزىپ چىققان «سەددىچىنىنىڭ سىرتىدىكى جۇڭگونىڭ غەربىي رايونى» ناملىق ئەسىرىنىڭ توققۇزىنچى بابىدا ئۇيغۇرلار، بولۇپمۇ قەشقەرلىكلەر ھەققىدە توختىلىپ: «ئۇلارمۇ (قەشقەرلىكلەر) باشقا مۇسۇلمانلارغا ئوخشاش كۆپ خوتۇنلۇق نىكاھ تۈزۈمىنى يولغا قويغان»[17] دەپ يازىدۇ. «قەدىمكى لوپلۇقلاردا باشقا جايلارغا ئوخشاش كۆپ خوتۇنلۇق بولۇشقا يول قويۇلغان بولۇپ، ئەرلەرنىڭ ئورنى يۇقىرى بولغان، ئۇلار خوتۇنلىرىنى تالاق قىلىۋېتىشكە ياكى كۆپ خوتۇن ئېلىشقا ھوقۇقلۇق بولغان»[18].

ئۇيغۇر خەلق مەشرەپلىرىدىكى جازا ئويۇن تۈرلىرى ئىچىدە «ئىككى خوتۇن ئېلىپ بېرىش» ئويۇنى بار بولۇپ، ھەرقايسى يۇرتلاردىكى مەشرەپلەرنىڭ ھەممىسىدە دېگۈدەك ئوينىلىدۇ. بۇ ئويۇندا « 30 ئوغۇل ئىچىدىن سەۋەنلىك ئۆتكۈزگەن ياكى قىز - چوكانلارغا باشقىچە نىيەتتە بولغانلار بولسا ئوتتۇرىغا ئېلىپ چىقىلىپ، ئىككى خوتۇن ئېلىپ بېرىشكە بۇيرۇلىدۇ. ئىككى يىگىت ئايالچە ياساندۇرۇلۇپ ئىككى تەرەپتە تۇرغۇزۇلىدۇ. ئاندىن ئوڭ تەرەپتىكىسى، ‹ماڭا نېمە ئېلىپ بېرىسەن؟› دەپ سورايدۇ، يىگىت، ساڭا تاۋار كۆڭلەك ئېلىپ بېرەمەن› دەپ جاۋاب بېرىدۇ، ئوڭ تەرەپتىكىسى، ‹نېمە؟ تاغار كۆڭلەك؟› دەپ ئۇنى ئۇرىدۇ. سول تەرەپتىكىسى سوئال سوراپ يىگىتنى راسا ئەدەپلەيدۇ. بۇ ئازابلارغا چىدىمىغان يىگىت خوتۇنلىرىنى قويۇۋەتكەنلىكىنى جاكارلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئويۇن ئاخىرلىشىدۇ»[19]. ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرىنىڭ بىرى بولغان مەشرەپلەردە ئىككى خوتۇن ئېلىپ بېرىپ جازالاش ئويۇنى ئارقىلىق كىشىلەرنى، بولۇپمۇ ئەرلەرنى ئالا كۆڭۈل بولماسلىققا، مەرد، ۋاپادار بولۇش، پەقەت بىرىگىلا كۆڭۈل بېرىش، قوش خوتۇنلۇق ياكى كۆپ خوتۇنلۇق بولماي، پەقەت بىر خوتۇن بىلەن ئۆي تۇتۇپ ئائىلە ئىناقلىقىغا كاپالەتلىك قىلىشقا دەۋەت قىلغان. «چىن تۆمۈر باتۇر» چۆچىكىدە، «ئى پادىشاھىم، كىچىك خوتۇنلىرى كۈچۈك تۇغدى، — دەپ خەۋەر قىپتۇ...»[20] دېگەندەك بايانلار. بۇ مولچۇللاردىكى بىر ئەر كۆپ خوتۇنلۇق تۈزۈمىدىن ئۇچۇر بېرىدۇ. بۇ يەردە تىلغا ئېلىنغان پادىشاھ موغۇللارنىڭ پادىشاھىدۇر. ئابدۇرېھىم رۇستەم بىلەن تۇرسۇنئاي ئەلى «ئۇيغۇر خەلق داستانى ‹سەنۇبەر›دىكى مۇتىفلار ھەققىدە» ناملىق ماقالىسىدە «سەنۇبەر» ناملىق داستاندا «كۆپ خوتۇنلۇق بولۇش مۇتىفى» بارلىقى ھەققىدە توختىلىپ: «ئۇيغۇر خەلق داستانلىرىدىكى كۆپ خوتۇنلۇق بولۇش مۇتىفىنى خېلى بۇرۇنقى زامانلارغا سۈرۈش مۇمكىن. ‹ئوغۇزنامە› داستانىنى مىسالغا ئالساق، ئوغۇزخان ئۈچ خوتۇندىن توققۇز پەرزەنتلىك بولىدۇ. ‹سەنۇبەر› داستانىدىمۇ كۆپ خوتۇنلۇق بولۇش مۇتىفى بار بولۇپ، داستاندا دىۋىلەر تەختنى كۆتۈرۈپ ھاۋادا بىر نەچچە كۈن يول يۈرگەندىن كېيىن، ئۇلار پەسكە چۈشۈپ، بۇلاق سۈيىدە تاھارەت ئېلىپ ناماز ئوقۇيدۇ. ئاندىن ئۇلار تاغنى ئايلىنىپ بىر گۈمبەزنى ئۇچرىتىدۇ. پەرىزات ئۇ يەرنىڭ قەيەرلىكىنى سورايدۇ، سەنۇبەر بۇ يەرنىڭ ياخشى نىيەت سېھىرگەر قىز مېھىر ئەنگىز تۇرىدىغان يەر ئىكەنلىكىنى ئېيتىدۇ ۋە ئۇنىڭ قىلغان ياخشىلىقلىرىنى پەرىزاتقا ئېيتىپ بېرىدۇ. بۇنى ئاڭلىغان پەرىزات ئۇنى تېپىپ تەختكە ئولتۇرغۇزىدۇ. شۇنىڭ بىلەن سەنۇبەر ناھايىتى خۇرسەن بولىدۇ. كۆپ خوتۇن ئېلىش مۇتىفى پەرىزاتنىڭ كۆڭلى - كۆكسى

كەڭ، ۋاپادار، ئاق كۆڭۈل خاراكتېرىنى يورۇتۇپ بېرىش بىلەن بىللە، داستاننىڭ مۇكەممەل ئاخىرلىشىشىدا مۇھىم رول ئوينىغان»㉑ بۇنىڭدىن قارىغاندا، ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىدە بىر ئەر كۆپ خوتۇنلۇق بولۇش نىكاھ شەكلىنىڭ ئىزنالىرىنىڭ قانچىلىك سالماقنى ئىگىلەيدىغانلىقى ھەققىدە ئىزدىنىپ بېقىشقا توغرا كېلىدۇ.

ئەنۋەر سەمەد قورغان ئەپەندى «ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى ئەخلاقى» ناملىق كىتابىدا، ئۇيغۇرلاردا «تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا ئائىلە ۋە نىكاھنىڭ قەدىمكى شەكىللىرىدىن بىر ئەر كۆپ خوتۇنلۇق تۈزۈم ۋە بىر ئەر بىر خوتۇنلۇق تۈزۈم ئىلگىرى-ئاخىر بولۇپ مەۋجۇت بولغان. قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدا ۋە ئۇيغۇرلارغا ئائىت خەنزۇچە ۋەسىقىلەردە خاتىرىلەنگەن كۆپ خوتۇنلۇق تۈزۈم 10-ئەسىرلەردىن كېيىن تەدرىجىي ئەمەلدىن قالغان... ئىسلام دىنىنىڭ ئۇيغۇرلاردا تارقىلىشى بىلەن نامۇۋاپىق كۆپ خوتۇنلۇق تۈزۈم ئەمەلدىن قېلىپ، ئىسلام ئەركانلىرىغا ئۇيغۇن كۆپ خوتۇنلۇق تۈزۈمگە يول قويۇلغان بولسىمۇ، بىراق ئىقتىسادىي چەكلىمىلىك سەۋەبىدىن ھەممىلا ئەرلەرنىڭ كۆپ خوتۇنلۇق بولۇشى ئەمەلگە ئاشمىغان... بىر ئەرنىڭ كۆپ خوتۇنلۇق بولۇشى مەيلى ئىسلام دىنىدا ياكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىسىدە بولسۇن تەشەببۇس قىلىنغان، ئالقىشلانغان ئىش ئەمەس، شۇنداقلا كەڭ ئومۇملاشقان ئەھۋال ئەمەس»㉒ دەيدۇ. «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى» ناملىق كىتابتا: «ئۇيغۇرلارنىڭ نىكاھ تۈزۈمى ئاساسەن بىر ئەر بىر خوتۇنلۇق تۈزۈمدۇر. نىكاھ دائىرىسى ئادەتتە ئۆز مىللىتى ئىچىدە بولىدۇ. ئازادلىقتىن ئىلگىرى جەمئىيەتنىڭ يۇقىرى قاتلىمىدا بىر ئەر ئىككى-ئۈچ خوتۇن، ھەتتا تۆت خوتۇن ئالىدىغان ئەھۋالمۇ بولغان، لېكىن بۇنداقلار ئىنتايىن ئاز ئىدى»㉓ دېيىلگەن. قىسقىسى، ئەنئەنىۋى ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە كۆپ خوتۇنلۇق تۈزۈمگە يول قويۇلغان بولسىمۇ، بىراق ئىقتىسادىي چەكلىمىلىك سەۋەبىدىن ھەممىلا ئەرلەرنىڭ كۆپ خوتۇنلۇق بولۇشى ئەمەلگە ئاشمىغان، ھەرقايسى تارىخىي باسقۇچلاردا ئۇيغۇرلاردا بىر ئەر بىر خوتۇنلۇق تۈزۈم مۇتلەق ئۈستۈن ئورۇندا تۇرغان.

**4. بىر ئەر كۆپ خوتۇنلۇق بولۇش تۈزۈمىنىڭ كېلىپ چىقىش سەۋەبلىرى**

نېمە ئۈچۈن بەزى مىللەتلەر بىر ئەر بىر خوتۇنلۇق نىكاھ شەكلىنى قوللانسا، يەنە بەزى مىللەتلەر بىر ئەر كۆپ خوتۇنلۇق نىكاھ شەكلىنى قوللىنىدۇ؟ بەزى جەمئىيەتلەرنىڭ ئىجتىمائىي مۇھىتىدا بىر ئەر بىر خوتۇنلۇق نىكاھ شەكلىگە باشلايدىغان ئامىللار كۆپ بولسا، يەنە بەزى جەمئىيەتلەردە بىر ئەر كۆپ خوتۇنلۇق نىكاھ شەكلىگە باشلايدىغان ئامىللار كۆپ بولىدۇ. ۋېستېر مارك (Edward Westermarck) بىر ئەر كۆپ خوتۇنلۇق نىكاھ تۈزۈمىنىڭ كېلىپ چىقىش سەۋەبلىرىنى بىۋاستە سەۋەب ۋە ۋاستىلىك سەۋەب دەپ ئىككى تۈرگە ئايرىغان، بۇ خىل نىكاھ شەكلىنىڭ كېلىپ چىقىشىنىڭ بىۋاستە سەۋەبى تۆۋەندىكىچە:

**بىرىنچى، ئاياللارنىڭ ئېرىنىڭ ئېھتىياجىدىن چەقالماسلىقى.**

بەزى ئاياللارنىڭ كېسەللىك سەۋەبىدىن ئەرلىرىنىڭ ماددىي ئېھتىياجلىرىنى ۋاقتىدا، تولۇق قاندۇرالماسلىقى، ئېرىنىڭ ھاجىتىدىن چىقالماسلىقى ئەرلەرنىڭ كۆپ خوتۇنلۇق بولۇشىنىڭ سەۋەبلىرىدىن بىرى.

**ئىككىنچى، پەرزەنتلىك بولۇشى ياكى تېخىمۇ كۆپ پەرزەنتلىك بولۇش.**

بەزى مىللەتلەردە ئۆزىنىڭ ئائىلە ۋە جەمەت ئەزالىرىنىڭ كۆپلۈكى بىلەن پەخىرلىنىدىغان، كۈچلۈك سانىلىدىغان ئادەت بولغاچقا، نۇرغۇنلىغان ئەرلەر كۆپ خوتۇن ئېلىپ كۆپرەك باللىق بولۇشنى، شۇ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ كۈچ ھەيۋىسىنى زورايتىشنى، تەسىرىنى كۈچەيتىشنى مەقسەت قىلغان. شۇڭا ئەرلەر كۆپ خوتۇن ئېلىش ئارقىلىق ئۇرۇق ئىچىدە ئۆزىنىڭ جەمەتىنى تېخىمۇ كۈچەيتكەن. بەزى مىللەتلەرنىڭ نوپۇس قارىشىدا كۆپ پەرزەنتلىك بولۇش ئەۋزەل كۆرۈلگەچكە، ئۇلار بىر ئەر كۆپ خوتۇنلۇق بولۇش شەكلىدىكى نىكاھقا مايىل بولۇشقا، ئايالىنىڭ تۇغماس چىقىپ قېلىشى سەۋەبلىك نەسلىنىڭ ئۈزۈلۈپ قېلىشى ئېھتىماللىقىدىن ئەنسىرەپ يەنە كۆپ خوتۇن ئالغان.

**ئۈچىنچى، ئەرلەرنىڭ ماددىي، مەنىۋى ئېھتىياجلىرى.**

بىر ئەر كۆپ خوتۇنلۇق بولۇش نىكاھ تۈزۈمىنىڭ كېلىپ چىقىشىغا ئاساسلىقى ئەرلەرنىڭ كۆپرەك خوتۇنلۇق بولۇش ئارزۇسى ۋە جىنسىي ئىستىكى بىۋاستە سەۋەب بولغان. ئاياللارنىڭ ھەيزدارلىق، ھامىلدارلىق، يەڭگەن ۋە بالا ئېمىتىۋاتقان مەزگىللىرىدە ئەرلەر ئۆزىنىڭ فىزىيولوگىيەلىك ئېھتىياجلىرىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن باشقا

بىر ئايالغا موھتاج بولىدۇ، ئاياللارنىڭ ياشلىق مەزگىلى تولىمۇ قىسقا بولىدۇ. بالدۇر توي قىلىش، بالدۇر تۇغۇش، كۆپ پەرزەنتلىك بولۇش، تۇرمۇشنىڭ جاپا-مۇشەققەتلىك بولۇشى ئاياللارنىڭ قېرىشىنى تېزلەشتۈرۈۋېتىدۇ، ئەمما ئەرلەر دائىم چىرايلىق، ياش قىز-ئاياللارنى ياخشى كۆرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلاردىكى بۇ پسىخىك تۈيغۇ ئۇلارنىڭ تېخىمۇ كۆپ ئاياللارنى ئېلىشىغا سەۋەب بولىدۇ. ئۇيغۇرلاردىكى «ئەر قېرىسا قىز ئالار، قىز قېرىسا كىم ئالار» دېگەندەك ماقالمۇ بۇنى دەلىللەيدۇ.

**تۆتىنچى، ئەمگەك كۈچىنى كۆپەيتىپ، تېخىمۇ زور بايلىققا ئېرىشىش ئارزۇسى.**

كۆپلىگەن مىللەتلەردە، ئايالى ۋە پەرزەنتلىرىنى بېقىش ئەرنىڭ مەجبۇرىيىتى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئايال كىشى ۋە پەرزەنتلەرنىڭمۇ ئەر ئۈچۈن ئىشلەش مەجبۇرىيىتى بولىدۇ دەپ قارىلىدۇ. شۇڭا بىر قىسىم ئەرلەر كۆپ خوتۇن ئېلىش ئارقىلىق ئائىلىدىكى ئەمگەك كۈچىنى كۆپەيتىپ، مال-دۇنيانى ئاۋۇتۇپ، راھەت-پاراغەتتە ياشاشنى ئارزۇ قىلىدۇ.

**بەشىنچى، ئۆزىنىڭ ئىجتىمائىي ئورنىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، ئابرۇي-ئىناۋىتىنى ئاشۇرۇش. بەزى جەمئىيەتلەردە كۆپ خوتۇنلۇق بولۇش ئەرلەرنىڭ ئابرۇي-ئىناۋىتى ۋە نوپۇزىنى ئاشۇرۇپ، ئىجتىمائىي ئورنىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشنىڭ ۋاستىسىگە ئايلىنىپ قالغان.**

**ئالتىنچى، مەلۇم بىر جەمئىيەتتىكى ئەر-ئاياللار نىسبىتىنىڭ تەڭپۇڭسىزلىقى.**

ئەر-ئاياللار نىسبىتىنىڭ تەڭپۇڭسىزلىقى بىر ئەر كۆپ خوتۇنلۇق نىكاھ تۈزۈمىنىڭ كېلىپ چىقىشىنىڭ ۋاسىتىلىك سەۋەبى ھېسابلىنىدۇ. دۇنيادا ھەرقايسى مىللەتلەردىكى ئەر-ئاياللارنىڭ نىسبىتى تەڭ بولۇشى ناتايىن. بەزى مىللەتلەردە ئەرلەرنىڭ سانى ئاياللارنىڭكىدىن كۆپ بولسا، بەزى مىللەتلەردە ئاياللارنىڭ سانى ئەرلەرنىڭكىدىن كۆپ بولىدۇ. كۆپ قىسىم ئاتىلىق ئۇرۇقداشلىق جەمئىيەتلىرىدە ئاياللارنىڭ سانى ئەرلەرنىڭكىدىن ئېشىپ كەتكەن. بۇنداق بولۇشنىڭ سەۋەبى، ئەرلەرنىڭ كۆپ قىسمى ئوۋچىلىق ۋە ئۇرۇشقا قاتنىشىش قاتارلىق خەتەرلىك پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بولغاچقا، نۇرغۇن ئەرلەر ھاياتىدىن ئايرىلغان. شۇنىڭ بىلەن جەمئىيەتتىكى بارلىق ئاياللارنىڭ نىكاھلىنالىشى (توي قىلالىشى) تەس بولغان. شۇنىڭ بىلەن بىر ئەر كۆپ خوتۇنلۇق نىكاھ شەكلىنى قوللىنىش زۆرۈر بولغان. بۇ بىر ئەر كۆپ خوتۇنلۇق نىكاھ تۈزۈمىنىڭ كېلىپ چىقىشىنىڭ مۇھىم سەۋەبلىرىدىن بىرى ھېسابلىنىدۇ. بەزى ئۇزاق مۇددەتلىك ئۇرۇش يۈز بەرگەن مەملىكەتلەردە مۇشۇنداق نىكاھ شەكلى ئەمەلىيلەشكەن.

1-ۋە 2-دۇنيا ئۇرۇشىدا ئۆلۈپ كەتكەن كىشىلەرنىڭ زور كۆپ قىسمى ئەرلەر بولۇپ، مىليونلىغان ئاياللار ئەرلىرىدىن ئايرىلغان، تالاي ئاياللار ۋە بالىلار ئىگە-چاقىسىز قالغان. ئەگەر مۇشۇنداق جەمئىيەتتە ئەرلەر بىلەن ئاياللارنىڭ نىسبىتىدە ئېغىر تەڭپۇڭسىزلىق كۆرۈلگەن ئەھۋالدا يەنىلا بىر ئەر بىر خوتۇنلۇق تۈزۈمدە چىڭ تۇرۇۋالساق مىليونلىغان ئاياللار قانداق قىلىدۇ؟ ئاقىۋەتتە ئۇلار مۇنداق ئىككى خىل تاللاشقا مەجبۇر بولىدۇ: بىرى، ئۇلارنىڭ ئەرگە ئېرىشىش ئۈمىدى يوققا چىقىدۇ. ئۇلار ئۆزىنىڭ پاكلىقىنى ساقلاپ، پەرزەنتسىز، يەككە-يېگانە ياشاشقا مەجبۇر بولىدۇ. يەنە بىرى، ئەگەر ئۇلار ئەرسىزلىك تۈپەيلى يولدىن چىقىپ باشقىلارغا ئاشنا بولۇشنى خالىسا، بۇ قانۇن، ئەدەپ-ئەخلاق، دىن تەرىپىدىن ئەيىبلىنىدۇ. كۆپ قىسىم ئاياللار بۇ ئىككى خىل يولنى تاللاشنى خالىمايدۇ. قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇلار ئۆزىنىڭ قانۇنلۇق ئېرى ۋە ئائىلىسىنىڭ بولۇشىنى، تۇرمۇشىنىڭ بىخەتەرلىك ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتىن كاپالەتكە ئىگە بولۇشىنى ئۈمىد قىلىدۇ. مۇشۇنداق ئەھۋالدا بىر ئەر كۆپ خوتۇنلۇق نىكاھ تۈزۈمى بىر خىل مۇۋاپىق تەڭشەش ئۇسۇلى ھېسابلىنىدۇ. ئۇلار رېئاللىققا يۈزلىنىپ، بىر نەچچە ئايال بىر ئەر بىلەن بىللە ياشاشنى خالايدۇكى، ئەرسىز ياشاشنى خالىمايدۇ. 2-دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن ياۋروپادىكى بىر قىسىم دۆلەتلەردە ئاياللارنىڭ نىسبىتى ئەرلەرنىڭ كۆپ بولۇش ئەھۋالى كۆرۈلگەن ھەمدە ئەرلەرنىڭ كۆپ خوتۇنلۇق بولۇشىغا يول قويغان، جەمئىيەتتە ئەر-ئاياللار نىسبىتىنىڭ تەڭپۇڭ ھالەتتە بولۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈش بىر ئەر كۆپ خوتۇنلۇق بولۇشنىڭ ئاساسى ھېسابلانغان. ئۇنىڭدىن باشقا نىكاھ يېشىدىكى قىزلارنىڭ نىكاھ يېشىدىكى ئوغۇللاردىن كۆپ بولۇشىمۇ بىر ئەر كۆپ خوتۇنلۇق بولۇشنىڭ سەۋەبلىرىدىن بىرى ھېسابلىنىدۇ. ھالبۇكى، ئەر-ئاياللارنىڭ نىسبىتىدە نىكاھ يېشىدىكى قىز-ئاياللاردىن نىكاھ يېشىدىكى ئەرلەرنىڭ سانى كۆپ، يەنى قىز-ئاياللارنىڭ سانى ئاز، ئەرلەرنىڭ سانى كۆپ بولغاندا جەمئىيەت تەبىئىيلا بىر ئەر بىر خوتۇنلۇق بولۇش نىكاھ شەكلىگە مايىل بولۇشى مۇمكىن.

**5. بىر ئەر كۆپ خوتۇنلۇق نىكاھ تۈزۈمىنىڭ**

ئۆزگىرىشى
جەمئىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ بىر ئەر
كۆپ خوتۇنلۇق تۈزۈمى بارغانسېرى ھەر خىل چەكلىمە-
لىكلەرگە ئۇچرىدى. بۇلار ئاساسلىقى تۆۋەندىكىچە:
(1) قانۇننىڭ چەكلىمىسى. دۇنيادىكى نۇرغۇن دۆ-
لەتلەرنىڭ نىكاھ قانۇنلىرىدا بىر ئەر بىر خوتۇنلۇق تۈزۈ-
مىنى يولغا قويغان بولۇپ، بىر ئەر كۆپ خوتۇنلۇق
بولۇش قانۇنغا خىلاپ جىنايى قىلمىش دەپ قارالدى،
جۈملىدىن جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىدىمۇ شۇنداق.
(2) ئىقتىسادنىڭ يەر شارىلىشىشىغا ئەگىشىپ، كى-
شىلەرنىڭ ئىقتىسادىي بېسىمىنىڭ بارغانسېرى ئارتىپ بې-
رىشى بىلەن نۇرغۇن ئەرلەرنىڭ ئىقتىسادىي چەكلىمە سە-
ۋەبىدىن كۆپ خوتۇنلۇق بولۇش ئىمكانىيىتى يوق، بول-
سىمۇ ناھايىتى ئاز. يەنە بىر ئەر كۆپ خوتۇنلۇق بولۇش
تۈزۈمىدە ئەگەر ئەر كىشى ئۆلۈپ كەتسە، ئۇنىڭ مىراس-
لىرىنى تەقسىملەش، ۋارىسلىق مەسىلىلىرى تېخىمۇ مۇ-
رەككەپ بولىدۇ.
(3) ئالدىنقى ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن تارتىپ دۇنيا-
نىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا يۈز بەرگەن ئاياللار ئازادلىق
ھەرىكەتلىرىنىڭ تەسىرىدە بىر ئەر كۆپ خوتۇنلۇق
بولۇش ئاياللارنىڭ ئاجىزلىقى، ئىجتىمائىي ئورنىنىڭ تۆ-
ۋەنلىكىنىڭ ئىپادىسى دەپ قارىلىپ تەنقىدلەندى.
(4) ئىنسانلارنىڭ قىممەت قارىشىنىڭ كۆپ قۇتۇپلى-
شىشى ۋە ئىدىيە ئەركىنلىكىنىڭ تەسىرىدە ئىنسانلار ئەر-
ئاياللار ئوتتۇرىسىدىكى مۇھەببەتنى نىكاھلىنىشنىڭ ئەڭ
ئاساسلىق شەرتلىرىنىڭ بىرى دەپ قارالدى. كىشىلەر بىر
يۈرەككە ئىككى ئادەم تەڭ سىغمايدۇ، بىر ئەر ئىككى
ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق خوتۇن ئالسا ئۆزىنىڭ مۇھەببىتى-
نى ئۇلارغا تەڭ تەقسىملىيەلمەيدۇ دەپ قاراپ، كۆپ خو-
تۇنلۇق نىكاھ تۈزۈمىگە قارشى تۇرىدۇ.
يۇقىرىقىلاردىن باشقا، بىر ئەر كۆپ خوتۇنلۇق
بولۇش نىكاھ شەكلى مۇئەييەن ئوبيېكتىپ شەرت-شارا-
ئىتلارنىڭ چەكلىمىسىگىمۇ ئۇچرايدۇ. مەسىلەن، قىزلار-
نىڭ سانى، ئوغۇللارنىڭ ئىقتىسادىي كۈچى، قىز-ئاياللار-
نىڭ ھەسەتخورلۇقى، كۈنداشلىقى، ساپ مۇھەببەتنىڭ مۇ-
قەررەر مەۋجۇتلۇقى قاتارلىقلار كىشىلەرنىڭ بىر ئەر كۆپ
خوتۇنلۇق بولۇشنى چەكلەپ، كونترول قىلىپ تۇرىدۇ.
بىر ئەر كۆپ خوتۇنلۇق بولۇش ئەرنىڭ خوتۇنلىرى
بىلەن پەرزەنتلىرى ئوتتۇرىسىدا پىتنە-پاسات، غەيۋەت-
شىكايەت، ئىناقسىزلىق، پەرزەنت تەربىيەسىدە ئېتىبارسىز-
لىق، ئەرلەرنىڭ ھەممە ئاياللىرىغا تەڭ-باراۋەر مۇئامىلە-
دە بولالماسلىقى قاتارلىق سەۋەبلەر بىلەن ئائىلىنىڭ پار-
چىلىنىشى، ئىناقسىزلىقنى ۋە تۈگىمەس جېدەل-جېدەل-
لەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. جۇڭگو 1930-يىلى مىنگو
ھۆكۈمىتى «ھەق تەلەپ قانۇنى»نى جاكارلىغاندىن كېيىن،
بىر ئەر بىر خوتۇنلۇق نىكاھ تۈزۈمىنى ئىجرا قىلىشقا باش-
لىغان. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى 1950-يىلى ئېلان
قىلغان «نىكاھ قانۇنى»دا بىر ئەر كۆپ خوتۇنلۇق نىكاھ
تۈزۈمىنى قانۇنسىز دەپ بېكىتكەن. بۇ قانۇننىڭ 2-ماد-
دىسىدا «نىكاھتا ئەركىن بولۇش، بىر ئەر بىر خوتۇنلۇق
بولۇش، ئەر-ئايال باراۋەر بولۇش نىكاھ تۈزۈمى يولغا
قويۇلىدۇ» دەپ بەلگىلەنگەن.

**6. خۇلاسە**

قىسقىسى، تارىختىن بۇيان بىر ئەر كۆپ خوتۇنلۇق
بولۇش پەقەت ئەمەلدارلار، فېئوداللار، يەر ئىگىلىرى، ئاز
ساندىكى بايلار ۋە دىندارلارنىڭ ئىشى بولۇپ، ئۇيغۇر-
لار جەمئىيىتىدە ئاساسلىق نىكاھ تۈزۈمى بولالمىغان،
كەڭ ئومۇملىشالمىغان. ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەدئىمىن «ئا-
ئىلە» ناملىق كىتابىدا: «بىر ئەر بىر خوتۇنلۇق ئائىلە
قانداق كېلىپ چىققان ۋە قانداق كەچۈرمىشلەرنى بېشى-
دىن ئۆتكۈزگەن بولۇشىغا قارىماي، ھازىرغىچە ئىنسانى-
يەتنىڭ ئەڭ ياخشى ئائىلە شەكلى بولۇپ كەلدى»㉔
دەيدۇ. بۈگۈنكى كۈندە دۇنيادىكى كۆپ ساندىكى دۆ-
لەتلەرنىڭ نىكاھ قانۇنلىرىدىكى بىر ئەر كۆپ خوتۇنلۇق
نىكاھ شەكلى چەكلەنگەن. ئىنسانىيەت ئۆزىنىڭ ئۇزاق ئە-
سىرلىك تەرەققىياتى جەريانىدا روھىي ۋە ئىجتىمائىي تە-
رەپلەردىن تەدرىجىي پىشىپ يېتىلىشكە باشلىدى. بولۇپ-
مۇ تەڭلىك، باراۋەرلىك، ئەركىنلىك ئېڭى بارغانسېرى كە-
چەيدى. مۇشۇنداق شارائىتتا ئادەملەر بىر ئەر بىر خو-
تۇنلۇق تۈزۈمىنىڭ تېخىمۇ ئادىل تېخىمۇ يوللۇق ئىكەنلى-
كىنى تونۇۋالدى.
نىكاھ ئىنسانشۇناسلىق، دىنشۇناسلىق، جەمئىيەتشۇ-
ناسلىق ۋە فولكلور قاتارلىق پەنلەرنىڭ ئورتاق تەتقىقات
تېمىلىرىدىن بىرى. ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىدىكى بىر ئەر
كۆپ خوتۇنلۇق نىكاھ تۈزۈمىنىڭ كېلىپ چىقىش سەۋەبى،
ئىزنالىرى، ئۆزگىرىش جەريانلىرى ۋە ئۇيغۇرلار ئېتىقاد
قىلغان دىنلارنىڭ ئۇلارنىڭ نىكاھ شەكلىگە كۆرسەتكەن
تەسىرى ھەمدە ئۇنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ بۈگۈنكى كۈندىكى
ئائىلە تۇرمۇشىغا بولغان تەسىرىنى مەدەنىيەت ئىنسانشۇ-
ناسلىقى، جەمئىيەتشۇناسلىق ۋە فولكلور قاتارلىق پەنلەرنىڭ

ئۇقتىسىدىن تەتقىق قىلىشنىڭ زور ئىلمىي ۋە ئەمەلىي ئەھمىيتى بار.

پايدىلانمىلار:

1. [مىسىر] مۇھەممەد فۇئاد ئابدۇلباقى (ئابدۇللاھجان ئابدۇكەرىم تەرجىمىسى): «ھەدىس شەرىفتىن-ئۈنچە مارجانلار»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2003-يىل 12-ئاي 1-نەشرى.

2. خۇ چىۋاڭ، لىۋ شىجې باش مۇھەررىرلىكىدە تۈزۈلگەن: «مەدەنىيەت ئىنسانشۇناسلىقى لۇغىتى» (خەنزۇچە)، يۈەن فاڭ نەشرىياتى، 2000-يىل 10-ئاي 1-نەشرى، 1-، 2-بەتلەر.

4. سۈن چيۈيۈن: «مەدەنىيەت ئىنسانشۇناسلىقى دەرسلىكى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2004-يىل 11-ئاي 1-نەشرى، 191-، 193-بەتلەر.

5. تيەن جاۋيۈەن: «مەدەنىيەت ئىنسانشۇناسلىقى دەرسلىكى» (خەنزۇچە)، شەرقىي جۇڭگو پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2006-يىل 2-ئاي 1-نەشرى، 169-، 170-بەتلەر.

ئىزاھاتلار:

① گېئورگې پ. مۇردوك: «ئىجتىمائىي قۇرۇلما»، نيۇيورك، ماكمىللان، 1949-يىل، 8-بەت. ما گۇاڭخەي: «مەدەنىيەت ئىنسانشۇناسلىقى»، شەندۇڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2003-يىل 12-ئاي 1-نەشرى، 243-بەتتە كەلتۈرۈلگەن نەقىل.

② بېرتىرانت رۇسسېل (ئەركىن ئىبراھىم تەرجىمىسى): «نىكاھ ئىنقىلابى»، شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1992-يىل 5-ئاي 1-نەشرى، 12-بەت.

③ (توختى ھاجى تىللا تەرجىمىسى): «ئىبنى فەزلان ساياھەتنامىسى — 10-ئەسىردىكى ئوتتۇرا ئاسىيا»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2001-يىل 9-ئاي 1-نەشرى، 90-، 91-بەتلەر.

④ سەي خۇڭشېڭ (قۇربان تۇران تەرجىمىسى): «تاڭ دەۋرىدىكى توققۇز ئوغۇزلار ۋە تۈرك مەدەنىيىتى» قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 2008-يىل 1-ئاي 1-نەشرى، 46-بەت.

⑤ لىن گەن (يۇنۇسجان ئىلى تەرجىمىسى): «تۈرك تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2002-يىل 1-ئاي 1-نەشرى، 497-بەت.

⑥ ياڭ شېڭمىن (ئىمىن ئەخمىدى تەرجىمىسى): «قەدىمكى ئۇيغۇرلار»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1998-يىل 8-ئاي 1-نەشرى، 284-بەت.

⑦ لىن گەن. گاۋ زىخۇ (ئابلەت نۇردۇن، ئەزىز يۈسۈپ، مۇھەممەدجان مۆمىن، ئابدۇشۈكۈر مەخسۇت تەرجىمە قىلغان): «قەدىمكى ئۇيغۇرلار تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000-يىل 12-ئاي 1-نەشرى، 121-بەت.

⑧، ⑨ «قۇرئان كەرىم» (ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى)، نىسا سۈرىسى، 3-ئايەت، 129-ئايەتنىڭ بىر قىسمى، ش ئۇ ئا ر ئىسلام دىنى جەمئىيتى نەشر قىلدۇرغان، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2012-يىل 8-ئاي 1-نەشرى، 77-بەت، 99-بەتلەر.

⑩ بۇ ھەدىسنى ئەبۇ داۋۇت خاتىرىلىگەن.

⑪ مەھمۇد كاشغەرىي: «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1984-يىل 1-نەشرى، 3-توم، 325-، 326-بەتلەر.

⑫ [رۇسىيەلىك] ئا. ن. كوروپاتكىن (ئىنگلىزچىدىن ھەكىمە ئەرشىدىن تەرجىمە قىلغان): «قەشقەرىيە» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1983-يىل 8-ئاي 1-نەشرى 33-بەت.

⑬ موللا مۇسا سايرىمى (ئەنۋەر بايتۇر نەشرگە تەييارلىغان): «تارىخىي ھەمىدى» مىللەتلەر نەشرىياتى، 2007-يىل 9-ئاي 1-نەشرى، 479-بەت.

⑭ پېرژىۋالسكىي (نۇرمۇھەممەد توختى تەرجىمىسى)، «خوتەن ئەتراپلىرىدا»، «دۇنيادا بىرلا خوتەن بار» ⑬ «چەت ئەللىكلەر نەزەرىدىكى خوتەن» ناملىق كىتابقا كىرگۈزۈلگەن. شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2006-يىل 5-ئاي 1-نەشرى، 54-بەت.

⑮ سۇ بېيخەي، خۇاڭ جيەنخۇا (قۇربان تۇران، ئەركىن ئەرشىدىن تەرجىمە قىلغان): «قۇمۇل، تۇرپان ئۇيغۇر ۋاڭلىرى تارىخى» (چىڭ سۇلالىسىدىن مىنگوغىچە)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2001-يىل 11-ئاي 1-نەشرى، 145-بەت.

⑯ تيەنيا يۈزى (ئەخمەتجان مۆمىن تارىمى تەرجىمە قىلغان): «يىراق قىرلار»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2008-يىل 8-ئاي 1-نەشرى، 128-بەت.

⑰ [رۇسىيە] ن. ۋ. باگياۋىلېنسكىي (ئابلىمىت مەمەت ماڭلاي، باھارگۈل ئىمىن تەرجىمىسى): «سەددىچىنىنىڭ سىرتىدىكى جۇڭگونىڭ غەربىي رايونى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2012-يىل 10-ئاي 1-نەشرى، 82-بەت.

⑱ غالىپ بارات ئەرك: «كىروراننىڭ سىرى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2004-يىل 12-ئاي 1-نەشرى، 426-بەت.

⑲ راھىلە داۋۇت، ياسىن مۇخپۇل تۈزگەن، «ئۇيغۇر مەشرەپ مەدەنىيىتى» (4)، شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت فوتو سۈرەت نەشرىياتى، 2001-يىل 3-ئاي، 1-نەشرى، 20-بەت.

⑳ «ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى» (قامۇس)، مىللەتلەر نەشرىياتى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2005-يىل 8-ئاي نەشرى، 2-توم، 1-بەت.

㉑ ئابدۇرەھىم رۇستەم، تۇرسۇنئاي ئەلى: «ئۇيغۇر خەلق داستانى ‹سەنۇبەر›دىكى مۇتىفلار ھەققىدە»، «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 2014-يىل 1-سان، 93-بەت.

㉒ ئەنۋەر سەمەد قورغان: «ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى ئەخلاقى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2006-يىل 3-ئاي 1-نەشرى، 216-، 217-بەتلەر.

㉓ «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى»نى يېزىش گۇرۇپپىسى يازغان: «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2006-يىل 4-ئاي 1-نەشرى، 628-بەت.

㉔ ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەدئىمىن: «ئائىلە»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2002-يىل 10-ئاي 1-نەشرى، 43-بەت.

(ئاپتور: ش ئۇ ئا ر ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى مىللەتلەر مەدەنىيىتى تەتقىقات ئىنستىتۇتىدا)

# مەسەللەر

مۇھەممەت ئىمىن

**ھەسەل ھەرىسى بىلەن تۇلۇم چاشقان**

قارا تەرگە چۆمۈلگەن ھالدا نان ئۇۋۇقىنى چىشلەپ كېلىۋاتقان چۈمۈلە، يېقىندا ئۆرۈلۈپ چۈشكەن پاكار تام تۈۋىدە ئولتۇرۇپ، تۇكۇرۇكلىرىنى چاچرىتىپ ھەدەپ قايناۋاتقان تۇلۇم چاشقان بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، چاشقان تاغا! — چۈمۈلە نان ئۇۋۇقىنى يەرگە قويدى-دە، ئوڭ قولىنى كۆكسىگە ئېلىپ ئەدەپ بىلەن سالاملاشتى.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، چۈمۈلىجان! — دېدى تۇلۇم چاشقان ئاغزىنىڭ چۆرىسىدىكى تۇكۇرۇكلەرنى دەرھال سۈرتۈۋېتىپ، سېمىز گەۋدىسىنى قىمىرلاتقاچ ئۆز خىجىللىقىنى يوشۇرماقچى بولغاندەك زورمۇزور كۈلۈمسىرەپ.

— يەنە كىملەر ئۈستىدىن قايىنغىلى تۇردىڭىز، چاشقان تاغا؟

— ھەسەل ھەرىسى بولماي كىم بولاتتى؟ — دېدى تۇلۇم چاشقان چۈمۈلە قويۇپ قويغان نان ئۇۋۇقىنى



تۇيدۇرماي «كاپ!» قىلىپ ئاغزىغا سېلىۋېتىپ، — بۇ قارا يۈز، نائەھلى چۈپرەندە، ئاڭلىسام، يەنە ھەممىلا يەردە ئۈستۈمدىن غەيۋەت قىلىپ يۈرۈپتۇ. يا ئۆزىنىڭ قولىدىن ئىش كەلمىگەن. باشقىلار ئاز-پاز ئوقەت قىلىپ جېنىنى باقسىمۇ، بولدى، قىزغانچۇقلۇق قىلىپ، غەيۋەت قىلغىنى قىلغان! مېنىڭ ھەممىدىن بەك غەيۋەتتىن قورقىدىغانلىقىمنى بىلىپ تۇرۇپ، قىلغان قىلىقىنى قارا بۇنىڭ! ئۇنىڭغا ئوخشاش-زە، ئەتىدىن كەچكىچە ھاسىراپ-ھۆمۈدەپ بىكارغا ئىشلەپ ئۆلۈپ بەرسەم بولامتى؟! ۋاي-ۋاي، بۇ ئۆلمىگۈر غەيۋەتخوردىن ئەجەبمۇ بىزار بولدۇما! مۈشۈلارنى ئويلاپ، چۈمۈلىجان، غەزىپىمگە بەس كېلەلمەي بىر پەس قايناپ قالدىم.

— قورسىقىڭنىڭ ئاغرىقى بولمىسا تاۋۇز يېيىشتىن قورقما، دېگەن گەپ بار دەپ ئاڭلىۋىدىمغۇ...

— ئۇ دېگەن بىلمىسىز نادانلارنىڭ گېپى، ئىشەنمە! — دېدى تۇلۇم چاشقان بىر قىسما بولۇپ.

— مېنىڭچە بۇ ئورۇنلۇق گەپ! — دېدى چۈمۈلە كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ ھەيران بولغان ھالدا، — سىزدە ئەيىب بولمىسا، باشقىلار ھەرقانچە غەيۋەت قىلغان بىلەنمۇ بىكار!

— مەندە نېمە ئەيىب بولسۇن دەيسەن؟ ھەسەل ھەرىسى ياخشىلىق قىلغاننى بىلمەيدىغان بىر نېمىكەن!

— باشقىلار سىزنى، بىر كومزەك ھەسەل ئوغرىلىۋالغاندىن باشقا، ھەسەل ھەرىسىنىڭ ئەتىرگۈل بەرگىگە يېزىپ قويغان بىر شېئىرىنىمۇ ئۆزىنىڭ قىلىۋېلىپتۇ، دېيىشىدىغۇ!

— تۆھمەت! ھاقارەت! — تۇلۇم چاشقاننىڭ غەزەپتىن كۆكىرىپ كەتكەن لەۋلىرى تىترەپ، شالاڭ بۇرۇتلىرى

لىكلداپ كەتتى، — بۇ قويىدىغان يەر تاپالماي تۇرغاندا بىر كومزەك ھەسەلنى خالىسانە يېغىشتۇرۇپ بەرگەننىڭ گۇناھىمۇ؟ نېمە دېگەن نائىنسابلىق ھە بۇ؟ ھەسەل ھەرد-سى بىرشېئىر يېزىشنىغۇ يېزىپتىكەن، لېكىن ئۇ شۇنداق ئۇسال يېزىلغان شېئىر ئىكەنكى، ئۇنىڭدا گۇل ھەدىدىن باشقا ئېغىزغا ئالغۇدەك ھېچنېمە يوق دېسىمۇ ئارتۇق كەتمەيتتى. مەن ئۇنى كۆرۈش جەريانىدا ئاز دېگەندە 70 - 80 پىرسەنت كۈچ سەرپ قىلىپ، بۇ ئاۋات تاملىقتىكى ئىسسىق ئۇۋامنىڭ گۈزەل مەنزىرىسى توغرىسىدىكى تەس-ۋىرلەرنىمۇ قوشۇپ، شېئىرنىڭ مەزمۇنىنى بېيىتىپ، ئىككە-مىزنىڭ نامىدا ئېلان قىلىشنى ئېيتتىم، بىراق بۇ نائەھلى چىن كۆڭلۇم بىلەن بەرگەن ياردىمگە رەھمەت ئېيتىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە ئابرۇيۇمغا تېگىدىغان گەپلەر-نى قىلىپ، شېئىرنى قايتۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. قاراپ تۇرۇپ ھالال ئەمگىكىمنىڭ بىكار كېتىشىگە يول قويغىلى بولمايدۇ-دە! ئاخىرىدا نائىلاج ئۆزۈمنىڭ نامىدا ئېلان قىلىشقا توغرا كەلدى. بۇنىڭ ئەيىبكە بۇيرۇغۇدەك نېمىسى بولسۇن؟!

— ھە، مۇنداق دەڭ! — دېدى چۈمۈلە كۈلۈۋې-تىشتىن ئۆزىنى ئاران تۇختىتىپ مەسخىرە ئارىلاش، — راست، غەيۋەتتىن قورقۇشقا ھەققىڭىز بار ئىكەن، چاشقان تاغا!

— ھەببەللى! مانا سەن-زە، بىر لىللا گەپ قىلدىڭ، چۈمۈلجان! — دېدى تۇلۇم چاشقان خۇشاللىقىدىن ئاغزى قۇلىقىغا يېتىپ، — بۇ غەيۋەتخورلارغا شۇنداق ئۆچ بولۇپ كەتتىمكى، قولۇمدىن كەلسە ھەممىسنى نې-مىڭنى يېگەندەك يالماپ يۇتۇۋەتسەم دەيمەن!

— ۋاي، نېنىم... نېنىم قېنى؟

— ئىزدەپ ئاۋارە بولما، چۈمۈلجان! مانا تاغاڭ-نىڭ قورسىقىدا! — دېدى تۇلۇم چاشقان تومپىيىپ چىققان قورسىقىنى راھەتلىنىپ سىلىغىنىچە قاھ-قاھلاپ كۈلۈپ تۇرۇپ، — سېنىمۇ ھەسەل ھەرىسىنى دوراپ، يۈكۈڭنى يېنىكلىتىپ قويغان ياخشىلىقىمغا يامانلىق قىلىپ، ئارقام-دىن غەيۋەت قىلىپ يۈرمىگىن يەنە! ...

## ئىككى تايچاق

ئىككى تايچاقنىڭ كېلىشىپ قويغان بەيگە ۋاقتى يېتىپ كەلدى، مۇشۇ پەيتنى تۆت كۆز بىلەن كۈتۈپ تۇرغان سەكە، كۈچۈك، ئاسلان، چۆجە خوراز، توشقان، بۇغا، جەرەن، كىيىك قاتارلىق تاماشىبىنلار بەيگە مەيدانى-غا يىغىلدى.

بەزىلەر: «ئاۋۇ قاۋۇل قاشقا تايچاقنىڭ ئۇتتۇۋېلىشى-دا گەپ يوق» دېسە، يەنە بەزىلەر: «ھەي، ۋىجىك بوز تايچاقنىمۇ بوش چاغلىغىلى بولمايدۇ جۇمۇ!» دېيىشەتتى. تالاش-تارتىش تازا ئەۋجىگە چىققاندا، ئاپپاق ساقاللىق، سەكە بەيگىنىڭ باشلانغانلىقىنى جاكارلىدى. ھەممەيلەن جىم بولۇپ، كۆزلىرىنى ئىككى تايچاققا تىكتى. سەكىنىڭ: «بىر! ئىككى! چاپ!» دېگەن ئاۋازى بىلەن تەڭ ئىككى تايچاق گويا كىرىچتىن ئايرىلغان ئوقيادەك ئالغا قاراپ ئېتىلدى. دەسلەپىدە بەستلىك، قاۋۇل دېگەن قاشقا تايچاق ۋىجىك، ئورۇق بوز تايچاقنى خېلىلا ئارقىغا تاشلاپ قويدى. بەلگىلەنگەن مۇساپە يېرىملاشقاندا، بوز تايچاق قاشقا تايچاققا يېتىشىۋالغىلى تۇردى. ئەتراپتىن: «بوز تايچاق، غەيرەت قىل!»، «قاشقا تايچاق بوش كەلمە!» دېگەن سادالار ياڭ-رىدى، تاماشىبىنلار جىددىيلەشتى. قاشقا تايچاقنىڭ ئۇتتۇپ چىقىدىغانلىقىغا ئىشەنچ باغلىغانلار پەللە يېقىنلاشقانسېرى: «ئەستاغ-پۇرۇللا! قاشقا تايچاق ئۇتتۇرۇپ قويامدۇ-نېمە؟»، «قانداق گەپ بۇ؟»، «چاتاق بولدى...» دېيىشكىلى تۇردى. بوز تاي-چاققا بولۇشقانلار: «بەللى! يارايسەن بوز تايچاق!»، «ئاخىرىغىچە چىداشلىق بەر!»، «غەيرىتىڭگە بارىكاللا!» دېيىشىپ





ئىلھام بېرىشتى. بۇ چاغدا بوز تايچاق ئالدىراپ قاشقا تايچاقتىن ئۆزۈپ ئۆتۈپ كەتكەنىدى. قاشقا تايچاق بارغانسېرى سۆرۈلۈپ ئارقىدا قېلىشقا باشلىدى. ئاخىرى پەللىگە يەنە 100 مېتىردەك قالغاندا سەنتۈرۈلۈپ يىقىلىپ چۈشتى. پەللىگە بېرىپ بولغان بوز تايچاق شۇ زامان ئارقىسىغا يېنىپ، ئۇچقاندەك قاشقا تايچاق يېنىغا يېتىپ كەلدى-دە، ئۇنى يۆلەشتۈردى. قاشقا تايچاقنىڭ ئۆپكىسى ئاغزىغا تىقىلىپ قالغاندەك بولۇپ نەپسى جىددىيلىشىپ، جاۋغايلىرى كۆپۈكلىنىپ كەتكەنىدى. بۇ ئەھۋالدىن ھەممەيلەن ھەيران قېلىپ، ھېچنېمىنى چۈشىنەلمىگەن ھالدا بىر-بىرىگە قاراشتى. پەقەت بۇ ئىشنىڭ سىرىنى بىلىدىغان سەكىلا گويا ھېچنېمە بولمىغاندەك بىخىرامان كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى. بىر پەس داۋاملاشقان غۇلغۇلىدىن كېيىن ھەممەيلەن سەكىگە ئىلتىماس قىلىشتى:

— سەكە تاغا، قاشقا تايچاق شۇنچىۋالا قاۋۇل تۇرۇپ نېمە ئۈچۈن ئۇتتۇرۇپ قويىدۇ؟ بىز بۇنىڭ تېگىگە زادىلا يېتەلمىدۇق، ئۆزىڭىز چۈشەندۈرۈپ قويامسىز؟

— ھەممىڭلارغا مەلۇم، — دېدى سەكە ساقىلىنى سىلاپ، — بوز تايچاقنىڭ تېنى قاشقا تايچاقتىن ئاجىز، تېخى بۇنىڭدىن ئۈچ ئاي ئىلگىرى ئۆتكۈزۈلگەن بەيگىدە بوز تايچاقنىڭ ئۇتتۇرۇپ قويغانلىقى ئېسىڭلاردىن چىقىپ كەتمىگەندۇ؟ شۇ چاغدا بوز تايچاق: «يەنە بىر قېتىم بەيگىگە چۈشسەك...» دېگەندە، قاشقا تايچاق مەنسىتمىگەن ھالدا ماقۇل بولغانىدى. مانا بۈگۈن كۆرۈپ تۇرۇپسىلەر، بوز تايچاق ئاخىر ئۇتۇپ چىقتى. بۇنىڭ سىرى شۇ يەردىكى، قاشقا تايچاق ئۆزىنىڭ قاۋۇللۇقىغا ئىشىنىپ كېتىپ چېنىقىشقا سەل قارىدى. بوز تايچاق بولسا تېنىنىڭ ئاجىزلىقىغا قارىماي، ئىسسىق-سوغۇق دېمەي جاپاغا چىداپ چېنىقىپ، ئۆزىدە چىدام ۋە غەيرەتنى يېتىلدۈردى. دېمەك، گەپ — چېنىقىشتا!

## سازاڭ بىلەن چېكەتكە

سايدا ئولتۇرۇۋېرىپ زېرىككەن چېكەتكە ئېرىنچەكلىك بىلەن غىڭشىپ ناخشا ئېيتقىنىچە، قارا لايغا مىلىنىپ يەر ئاغدۇرۇۋاتقان سازاڭنىڭ يېنىغا كېلىپ توختىدى.

— ۋاي، ئەخمەق! — دېدى ئۇ سازاڭنىڭ چىپىلداپ تەر ئېقىۋاتقان ھارغىن چىرايىغا قاراپ، — كۈن بويى شۇنچىلا جاپا-مۇشەققەت چەككىنىڭگە تۇشلۇق توپا ئورنىغا ھەسەل يەپ، ھۇزۇر-ھالاۋەت كۆرەلمىگەندىكىن، ماڭا ئوخشاش تەييار نازۇ-نېمەتلەرنى يەپ قورساقنى توقلاپ، خالىساڭ ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئويناپ، خالىمىساڭ ئوتتا يېتىپ ئۇخلاپ، راھەتلەنسەڭ بولمامدۇ؟!

— باشقىلارنىڭ قان-تەرى بەدىلىگە ھەسەل يېگەندىن، ھالال ئىشلەپ توپا يېگەن مىڭ ئەلا! — دېدى سازاڭ بېشىنى كۆتۈرۈپمۇ قويماي.

(ئاپتور: مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىدا)

## بىلدۈرگۈ

**ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەنلەر:**

نەشرىياتىمىز «مىراس» ژۇرنىلىنىڭ 2003 - يىللىق سانلىرىدىن 2012 - يىللىق سانلىرىغىچە توپلام قىلىپ ئىشلىدۇق.

سېتىۋالغۇچىلارنىڭ بىز بىلەن ئالاقىلىشىشنى قىزغىن قارشى ئالىمىز، يەككە باھاسى 200 يۈەن.

ئالاقىلاشقۇچى: خۇرسەنئاي مەتىمىن Tel: (0991) 4554017

# ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىدىكى قوشاقلار دۇنياسى



مۇقەددەس ئابدۇكېرىم

مەلۇمكى، ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىدە ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ يەنە بىر مۇھىم ژانىرى بولغان قوشاقلارنىڭ بىۋاسىتە قوللىنىلىشى كۆرۈنەرلىك سالماقنى ئىگىلەيدۇ. ئومۇمەن بۇ قوشاقلار چۆچەكلەردە پېرسوناژلارنىڭ خاراكتېر خۇسۇسىيەتلىرى، ھېسسىيات چۈشەنچىلىرى ۋە ئۆزئارا مۇناسىۋەتلىرىنى ئىپادە قىلىش، ۋەقەلىكلەرنى بايان قىلىش ۋە بىر پۈتۈن چۆچەك مەزمۇنىدىن خۇلاسە چىقىرىش قاتارلىق مۇددىئالار ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. مەن بۇ ماقالەمدە ئەڭ ئاۋۋال، ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىنىڭ ئۇقۇمى ۋە شەكلەن تۈرلىرى توغرىسىدا قىسقىچە چۈشەنچە بېرىپ ئۆتىمەن. ئاندىن 2008-يىلى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان 23 قىسىم ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى ئىچىدىكى قوشاقلارنى بىۋاسىتە قوللانغان چۆچەكلەر تىزىملىكىنى ھۆزۈرىڭىزلارغا سۇنىمەن ھەمدە شۇ ئارقىلىق قوشاقلارنىڭ ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىدە ئىگىلىگەن ئورنىنى كۆرسىتىپ ئۆتىمەن. ئارقىدىن، بۇ قوشاقلارنىڭ ئۆزلىرى بىۋاسىتە قوللىنىلغان چۆچەكلەردە قانداق روللارنى ئوينىغانلىقى توغرىسىدا بىر نەچچە تىپىك مىساللارغا مۇراجىئەت قىلىش ئارقىلىق قىسقىچە تەھلىل ئېلىپ بارىمەن. ئەڭ ئاخىرىدا بولسا، ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى چۆچەك ۋە قوشاقتىن ئىبارەت بۇ ئىككى ژانىرنىڭ ھەر خىل ئۇسۇللاردا ئەپچىللىك بىلەن گىرەلىشىش ئارقىلىق خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئەدەبىي گۈزەللىكىنى يۈكسەك دەرىجىدە نامايان قىلغانلىقىدىن ئىبارەت كۆز قاراشنى ئوتتۇرىغا قويماقچىمەن.

ھازىرغا قەدەر، مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى تەتقىقاتچىلار قوشاقلار توغرىسىدا تۈرلۈك تەبىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويغان بولۇپ، ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى تەتقىقاتچىلىرىدىن ئابدۇكېرىم راخمان ئەپەندى، ئوسمان ئىسمائىل تارىم ئەپەندى بىلەن زۆھرەت غاپپار خانىم بۈگۈنكى زاماندا قوشاقلار ھەققىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ھەر خىل تەبىرلەردىن ئۆرنەك ئېلىش ئاساسىدا، ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىدىن چىقىش قىلىپ تۇرۇپ، ئۇيغۇر خەلق

قوشاقلىرىغا تۆۋەندىكىدەك ئىزاھاتلارنى بەرگەن.

ئابدۇكېرىم راخمان: «ئاساسەن مۇستەقىل تۆتلۈكلەردىن (تۆت مىسرادىن) تەشكىل تاپقان، بىر پۈتۈن ئوي-پىكىرنى بەدىئىي ئىپادىلىگۈچى، خەلق ئارىسىدا كەڭ تارقالغان ۋە ناخشا قىلىپ ئېيتىلغان خەلق شېئىرىي نەمۇنىلىرى قوشاق دېيىلىدۇ» 1.

ئوسمان ئىسمائىل تارىم: «بىز بۈگۈنكى كۈندە بىر كۇپلېت ئىچىدە بىر پۈتۈن ئوي-پىكىرنى ئىپادىلەيدىغان، كىشىلەر ئارىسىدا كەڭ تارقالغان ۋە ناخشا قىلىپ ئېيتىلىدىغان خەلق شېئىر نەمۇنىلىرىنى قوشاق دەپ ئاتايمىز»2 .

زۇمرەت غايىپار: «ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى ـــ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۇزاق تارىخىي تەرەققىياتى جەريانىدا تەدرىجىي بارلىققا كەلگەن ۋە مىللىي مەدەنىيىتىمىزنى ئۆزىگە مۇجەسسەملىگەن بولۇپ، ئۇ مەلۇم شەخسنىڭ ئىجادىيىتى بولماستىن، بەلكى ئەمگەكچى خەلقنىڭ كوللېكتىپ ئىجادىيىتىنىڭ مەھسۇلىدۇر. قوشاقلار ئاھاڭغا سېلىپ ئېيتىقىلى ھەم دېكلاماتسىيە قىلغىلى بولىدىغان، ئاغزاكى ئۇسۇلدا تارقىلىدىغان، مىسرالىرى ئۆزئارا كۈچلۈك ئۇيۇشچانلىققا ئىگە بولغان، خەلقنىڭ ئىدىيەۋى ھېسسىياتىنى، ئارزۇ-ئارمانلىرىنى، ئېستېتىك قاراشلىرىنى مەركەزلىك ئەكس ئەتتۈرىدىغان تىلى ئاددىي، ئاھاڭدارلىققا ۋە مۇزىكدارلىققا باي بولغان، سەھىپىسىنىڭ قىسقىلىقى، لىرىكىلىقىنىڭ كۈچلۈكلۈكى بىلەن باشقا شېئىرىي شەكىللەردىن پەرقلىنىدىغان خەلق ئېغىز ئىجادىيىتىنىڭ ئالاھىدە بىر شەكلى» 3.

ئوسمان ئىسمائىل تارىمنىڭ كۆز قارىشىچە، قوشاق كەڭ ۋە تار دائىرىدىكى ئىككى مەنىگە ئىگە بولۇپ، مەن بۇ ماقالەمدىكى تەھلىللىرىمدە «قوشاق» سۆزىنى كەڭ مەنىدىكى قوشاق مەنىسىدە ئىشلەتتىم. كەڭ مەنىدىكى قوشاق ئەمگەكچى خەلق تەرىپىدىن كوللېكتىپ ئىجاد قىلىنغان بارلىق ئاغزاكى شېئىرىي ئەسەرلەرنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ئاغزاكى شېئىرىي ئەسەرلەرنى يەنە شەكىل جەھەتتىكى تۈزۈلۈشى، تۇرمۇشنى ئىنكاس قىلىش ئۇسۇلى، ئورۇنلىنىش ئورنى ۋە مۇزىكىلىق ياكى مۇزىكىسىز ئېيتىلىش ئالاھىدىلىكلىرىگە ئاساسەن تار مەنىدىكى قوشاق، ناخشا ۋە بېيىت دەپ ئۈچ تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ. تار مەنىدىكى قوشاق ـــ ئومۇمەن بىر كۇپلېت ئىچىدە تولۇق ئاياغلاشقان ئوي-پىكىرنى ئىپادىلەيدىغان، بىر خىل مۇقىم ئاھاڭنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىمايدىغان خەلقنىڭ شېئىرىي ئىجادىيىتىنى كۆرسىتىدۇ. 4. ناخشا بولسا مەزمۇنى ئاساسەن بىر-بىرىگە باغلانغان ۋە ئۆزىگە خاس مۇقىم ئاھاڭغا ئىگە بولغان قوشاقلار گۇرۇپپىسىنى كۆرسىتىدۇ. ئەمدى، بېيىت بولسا مۇزىكا ئارقىلىق ئېيتىلماي، دېكلاماتسىيە قىلىنىدىغان، بوغۇم، تۇراق ۋە مىسرالىرى چەكلىمىگە ئۇچرىمايدىغان خەلق قوشىقىنى كۆرسىتىدۇ. 5

2008-يىلى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان 23 قىسىم ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى ئىچىدىكى كەڭ مەنىدىكى قوشاقلارنى يەنى تار مەنىدىكى قوشاق، ناخشا ۋە بېيىتلارنى بىۋاسىتە قوللانغان چۆچەكلەر تىزىملىكى تۆۋەندىكىچە:

1-قىسىم: چىن تۆمۈر باتۇر، ئالتۇن كوكۇلىلىق بالا.

2-قىسىم: ئىرادىلىك ئاتا-بالا.

3-قىسىم: ئاق بېكەش بىلەن بوز يىگىت، ئۇر توقماق.

4-قىسىم: ئاق بوز ئايغىر، ئالتۇن كەش، يېرىل تېشىم، يېرىل، سەمەندەر، ئۆشتىگەرنىڭ چارىسى، تىرىڭ-تىرىڭ، كىم ئۇيغاق، زۇلخۇمار.

5-قىسىم: خاسىيەتلىك تاش.

6-قىسىم: مەلىكە ئايتىللا بىلەن شاھزادە رەۋەيدۇللا.

9-قىسىم: قىزىلگۈل

10-قىسىم: شاھزادىنىڭ خۇلاسىسى، شاھزادە بىلەن مايمۇن مەلىكە، شاھزادە بەھرام.

11-قىسىم: بەھرام ۋە ھەپتە مەنزەر، ئەزەمخان ۋە ئايتولۇن، ئۆلمەي تۇرۇپ جەننەتنى كۆرۈش.

12-قىسىم: تادان بىلەن گول.

13-قىسىم: مېھرى بىلەن ۋاپا، ئەيىنەك تاغ.

14-قىسىم: ھەسنەم ۋە گۈلپەرى.

15-قىسىم: ئۇسكەك پادىشاھ، قىسمەت، ھېكمەتلىك سۆز، ياماقچى بىلەن پادىشاھ، ئات باقار.

16-قىسىم: ۋاپادار ئەر-خوتۇن، ئىشچان قىز، ئېرىڭ بولغان پىرىڭ بولۇر، خاسىيەتلىك دورا، نەيرەڭۋاز، نىيىتى يامانىنىڭ قازىنى تۆشۈك.

17-قىسىم: ھەركىم قىلسا ئۆزىگە، ئادىل ھەم دادىل ۋەزىر، تۇغقانلىق رىشتى، يالتايغاق بوۋاي.

18-قىسىم: ئۇجمە سايىسى، چېچەن تاز.

19-قىسىم: قازى بىلەن مەھەممەد رازى.

21 ـ قىسىم: ئەينەك.

22 ـ قىسىم: شۇنداقمۇ جاۋاب بولامدۇ، بۆرە، تۈلكە ھەم بۆدۈنە، باتۇر ئۆچكە.

23 ـ قىسىم: قۇتلۇق بىلەن قارلىغاچ، قەھرىماننىڭ قىسسەسى.

بۇ 23 توپلام چۆچەك جەمئىي 310 پارچە چۆچەكتىن تەركىب تاپقان بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە قوشاقلار بىۋاسىتە قوللىنىلغان چۆچەكلەر يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتۈلگەن 50 پارچىدۇر. دېمەك، تەخمىنەن ئېيتقاندا ھەر ئالتە پارچە ئۇيغۇر خەلق چۆچىكىنىڭ ئىچىدە بىر پارچىسى قوشاققا بەلگىلىك سەھىيە ئاجراتقان بولۇپ، قوشاق ژانىرىنىڭ چۆچەكلەردە مۇھىم ئورۇن ئىگىلەيدىغانلىقىدىن ئىبارەت بۇ ھەقىقەتنى كۈچلۈك دەلىللەيدۇ.

ئەمدى ماقالەمدە، بۇ چۆچەكلەر تىزىملىكى ئىچىدىن تار مەنىدىكى قوشاق، ناخشا ۋە بېيىت كۆرۈنەرلىك ھالدا قوللىنىلغان بىر نەچچە پارچە چۆچەكنى تاللاپ چىقىپ، قوشاقلارنىڭ ئۆزلىرى بىۋاسىتە قىستۇرۇلغان چۆچەكلەر ئىچىدە قانداق روللارنى ئوينىغانلىقى توغرىسىدا قىسقىچە تەھلىل ئېلىپ بارىمەن. ئومۇمەن بۇ قوشاقلار چۆچەكلەرنىڭ باش، ئوتتۇرا ۋە ئاخىر قىسىملىرىدا تار مەنىدىكى قوشاق، بېيىت ۋە ياكى ناخشا شەكلىدە ئوتتۇرىغا چىققان بولۇپ، ئادەم، ھايۋان، ئۇسسۇملۇك ۋە زىرائەتلەرنىڭ جانلىق شېئىرىي تىلى بىلەن بىزگە چۆچەكلەردىكى ھەر خىل پېرسوناژلارنىڭ خاراكتېر خۇسۇسىيەتلىرىنىڭ يارقىن كارتىنىسىنى سىزىپ بەرگەن ھەمدە پېرسوناژلارنىڭ ھېسسىيات چۈشەنچىلىرىنىڭ چوڭقۇر ۋە نازۇك قاتلاملىرىنى جانلىق ئەكس ئەتتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋەتلىرىنى ئوبرازلىق ئىپادىلەپ بەرگەن. بۇنىڭدىن سىرت قوشاقلار قوشۇمچە يەنە چۆچەك ۋەقەلىكلەرنى بايان قىلىش ۋە بىر پۈتۈن چۆچەك مەزمۇنىدىن خۇلاسە چىقىرىش قاتارلىق روللارنىمۇ ئوينىغان.

ئادەتتە تار مەنىدىكى قوشاقلار چۆچەكلەردە ناھايىتى ئەركىن قوللىنىلغان بولۇپ، ئۇلارنى چۆچەكلەرنىڭ باش، ئوتتۇرا ۋە ئاخىر قىسىملىرىدا بىمالال ئۇچرىتالايمىز.

مەسىلەن، «بۆرە، تۈلكە ھەم بۆدۈنە» بىلەن «ئات باقار» ناملىق ئىككى پارچە چۆچەكنىڭ باشلىنىشىدىلا بىر كۇپلېت قوشاق بىۋاسىتە قوللىنىلغان بولۇپ، بىزنى چۆچەك ۋەقەلىكىنىڭ مۇناسىۋەتلىك ئارقا كۆرۈنۈشى بىلەن تەمىن ئېتىدۇ. «ئات باقار» چۆچىكىنىڭ باشلىنىشى مۇنداق بولۇپ:

بۇرۇن، بۇرۇن، بۇرۇنكەن،
ئات ئېغىلى ئورۇنكەن.
ئات باقارنىڭ باققىنى،
بوز ئات بىلەن تورۇقكەن.

بۇ يەتتە بوغۇمدىن تۈزۈلگەن تۆت مىسرالىق، 3 ـ مىسراسى ئاق قالدۇرۇلۇپ، 1 ـ، 2 ـ، 4 ـ مىسرالىرى قاپىيەداش بولۇپ كەلگەن ئاددىي بىر كۇپلېت قوشاق بولۇپ، بىزگە چۆچەك پېرسوناژى ئات باقارنىڭ باققىنىنىڭ ئىككى تۇياق ياخشى ئات، يەنى بوز ئات بىلەن توروق ئات ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت ئۇچۇرنى بەرگەن. قوشاق بىلەن باشلىنىش، چۆچەكتە بىر خىل يېقىملىق شېئىرىي كەيپىيات پەيدا قىلغان بولۇپ، چۆچەكنىڭ جەلپكارلىقىنى ئاشۇرۇش بىلەن بىللە ئاڭلىغۇچىلارنى ئىختىيارسىز ھالدا چۆچەك ۋەقەلىكىگە شۇڭغۇتۇپ ئەكىرگەن.

«بۆرە، تۈلكە ھەم بۆدۈنە» چۆچىكىنىڭ باشلىنىشى مۇنداق بولۇپ:

بۇرۇن زاماندا، كونا خاماندا،
ئۆچى تۇيۇقسىز كۆرۈشكەنىكەن.
كىشى بارمىغان چۆل ـ باياۋاندا،
سەپەر قىلىشىپ يۈرۈشكەنىكەن.
جاڭگاللىقلارنى تۈلكە ئارىلاپتۇ،
ھېچقايسىسى بۇنى تۇيمىغانىكەن.
ئاچ كۆز بۆرىدىن جانلار زارلاپتۇ،
ئۇچرىغاننىلا قويمىغانىكەن.
تۈلكە مۇغەمبەر، بۆرىسى ئاچ كۆز،
بۆدۈنە ساددا، ئۇقمىغانىكەن.
ئۆچى سەپەردە، پەسلى دەل كەچ كۈز،
ئەمما، بۆدۈنە قورقمىغانىكەن.

بۇ چۆچەك 12 مىسرالىق بىر كۇپلېت قوشاق بىلەن باشلانغان بولۇپ، 5 ـ، 6 ـ مىسرالىرى 11 بوغۇم، باشقا مىسرالىرى ئون بوغۇمدىن تۈزۈلگەن ھەمدە بارلىق جۈپ مىسرالىرى قاپىيەداش ۋە ھەر بىر تۆت مىسرا ئىچىدىكى تاق مىسرالارمۇ ئۆزئارا قاپىيەداش بولۇپ كەلگەن. قوشاق ئاڭلىغۇچىلارغا ئاددىي ۋە جانلىق شېئىرىي تىل بىلەن مەلۇم زاماندا، كەچ كۈزدە، كونا خامان، چۆل ـ باياۋان ۋە جاڭگاللىقلاردا ئاچ كۆز، ياۋۇز بۆرە، مۇغەمبەر،

ھېلىگەر تۈلكە بىلەن ساددا، قورقماس بۆدۈننىڭ ھەمە-
سەپەر بولغان كۆركەم ۋە قىزىقارلىق ھەرىكەتچان كۆرۈ-
نۈشىنى سىزىپ بەرگەن بولۇپ، بىزنى ئۇستىلىق بىلەن بۇ
ئۈچىنىڭ كېيىنكى سەرگۈزەشتىلىرىنىڭ قانداق بولىدىغانلى-
قىنى بىلىشكە چوڭقۇر تەقەززا قىلغان. كۆرۈنۈشتە قوشاقتا
بۆرە، تۈلكە ۋە بۆدۈنە تەسۋىرلەنگەن بولسىمۇ، ئەمەلى-
يەتتە بۇ ئۈچ ھايۋانات ئىنسانلار دۇنياسىدىكى شۇ ئۈچ
خىل خاراكتېردىكى ئادەملەرگە سىمۋول قىلىنغان بولۇپ،
ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ ماھىيەتلىك تەرەپلىرىنى يورۇ-
تۇپ بېرىشنى مەقسەت قىلغان. بۇنىڭدىن سىرت، قوشاقتا
ھېسسىيات بىلەن تەبىئەت مەنزىرىسى ئارىلاش ئىپادىلەن-
گەن بولۇپ 6، ئۈچ ھايۋاناتنىڭ خاراكتېرلىرى ۋە ھېس-
تۇيغۇلىرى قەدەممۇقەدەم تەبىئەت مەنزىرىلىرى بىلەن
بىللە كۆچەيتىلىپ بارغان.

«ھېكمەتلىك سۆز» بىلەن «خاسىيەتلىك دورا» چۆ-
چەكدە بولسا، بىر پۈتۈن چۆچەكنىڭ ئوتتۇرىسىغا پەقەت
بىرلا قوشاق قىستۇرۇلغان بولۇپ، چۆچەكنىڭ ئومۇمي
مەزمۇنىنى ئىپادىلەشتە يادرولۇق رول ئوينىغان.

«ھېكمەتلىك سۆز» چۆچەكدە قوللىنىلغان قوشاق:

ھېكمەتلىك سۆز ساتۇرمەن،
خالىغانلار ئالسۇنلەر.
پايدىسىنى سۆزۈمنىڭ،
كېيىن بىلىپ قالسۇنلەر.

بۇ يەتتە بوغۇمدىن تۈزۈلگەن 2-،4-مىسرالىرى قا-
پىيەداش كەلگەن تۆت مىسرالىق ئاددىي بىر كۇپلېت
قوشاق بولۇپ، چۆچەك ۋەقەلىكىنىڭ باش-ئاخىرىنى
ئۇلاش رولىنى ئوينىغان. بۇ نەزمىي بايان مۇقەررەر
ھالدا «كوچا دوقمۇشىدا، بىر پەرىشتە سۈپەت بوۋاي
خورما ئۇرۇقىدىن ياسالغان تەسۋىسىنى سىيرىپ ئولتۇرغا-
نىكەن. بوۋاي ئىختىيار قىلغان كىشىلەرگە پايدىسى زور
ھېكمەتلىك سۆز ساتماقچىكەن» دېگەن نەسرىي بايانغا قا-
رىغاندا، بۇ بوۋاينىڭ ھېكمەتلىك سۆز سېتىش مۇددىئاسى-
نى تېخىمۇ جانلىق ئىپادىلەپ بەرگەن بولۇپ، ئاڭلىغۇچى-
لارنى بۇ ھېكمەتلىك سۆزلەرنىڭ تەپسىلاتىغا ئالاھىدە قى-
زىقتۇرغان ھەمدە چۆچەك ۋەقەلىكىنىڭ ھەقىقىي تۈردە
مەيدانغا كېلىشىگە تۈرتكە بولغان. بۇنىڭدىن سىرت بىر
پۈتۈن چۆچەكتە پەقەتلا مۇشۇ تۆت مىسرالىق ئاددىي بىر
كۇپلېت قوشاقنىڭ قوللىنىلىشى، ئۇشبۇ قوشاقنىڭ چۆچەك-
نىڭ ئورنىنى تېخىمۇ گەۋدىلەندۈرۈش بىلەن بىللە، بىزگە
بۇ ھېكمەتلىك سۆزلەرنىڭ چۆچەكتىكى ئىككى باش پېر-
سوناژنىڭ كېيىنكى ھاياتىغا چوڭ تەسىرلەرنى كۆرسىتىد-
غانلىقى توغرىسىدا يوشۇرۇن بېشارەت بەرگەن. چۆچەك-
نىڭ «ھېكمەتلىك سۆز» دەپ ئاتىلىشىمۇ، بۇ قوشاقنىڭ
چۆچەكنىڭ ئومۇمىي مەزمۇنىدا يادرولۇق رول ئوينايد-
غانلىقىنى يەنە بىر تەرەپتىن دەلىللەيدۇ.

«خاسىيەتلىك دورا» چۆچەكدە قوللىنىلغان قوشاق:

پىرقىرايدۇ بېشىمدا بىر تۈگمەن تېشى،
ئاقۇر دەريا بولۇپ ئۇرۇق-تۇغقان يېشى.
سايىۋەن بولۇپ بۇ بېشىمغا، جېنىم بوۋا،
بەرسەڭ ئىدىڭ ئابدۇل ئۈچۈن ئېسىل دورا.

بۇ بىر كۇپلېت 12 بوغۇمدىن تۈزۈلگەن 1-،2-
مىسرالىرى، 3-،4-مىسرالىرى قاپىيەداش بولۇپ كەلگەن
تۆت مىسرالىق قوشاق بولۇپ، يۇقىرىدىكى قوشاققا ئوخ-
شاشلا چۆچەك ۋەقەلىكىنىڭ باش-ئاخىرىنى ئۇلاش رولى-
نى ئوينىغان. بۇ قوشاق شاھزادىنىڭ دەردىدە غەمگە
پاتقان ۋەزىرىنىڭ قايغۇلۇق ۋە موھتاجلىق ھېسسىياتلىرىنى
تۇرلۇك ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەردىن ئۈنۈملۈك پايدىلى-
نىپ يۇكسەك دەرىجىدە ئوبرازلىق ئىپادىلەپ بەرگەن
ھەمدە چۆچەك ۋەقەلىكىنىڭ تەرەققىياتىدا ھەل قىلغۇچ
رول ئوينايدىغان ھەقىقىي خاسىيەتلىك دورىنىڭ مەيدانغا
چىقىشىغا شەرت-شارائىت ھازىرلىغان. ھەممىمىزگە مەلۇم،
قوشاق خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى ھېسسىيات ئىپادىلىگۈ-
چى مۇھىم بىر ژانىر. نۇرغۇنلىغان قوشاقلار ھېس-تۇيغۇ-
نى شېئىرىي ئۇسۇلدا ئىپادىلەش ئۇسۇلىدىن ئەپچىللىك
بىلەن پايدىلىنىپ، ساپ، سەممىي ۋە چىن ئىنسانىي ھېس-
تۇيغۇلارنى تەسۋىرىي تىل بىلەن ئەسلىي ھېس-تۇيغۇ ھا-
لىتىدە تەسۋىرلەپ، ئاڭلىغۇچىلارنى لىرىك باش قەھرىما-
نىڭ ھېس-تۇيغۇسىغا ھەمنەپەس بولۇشقا مۇيەسسەر
قىلغان. شۇنىڭ بىلەن بىللە، بۇ ھېس-تۇيغۇلار قوشاقنىڭ
بىۋاستە مەزمۇنىغا ئايلانغان بولۇپ، لىرىك گۈزەللىك
شەكىللەندۈرگەن 7. يەنى بۇنداق قوشاقلاردىكى ھېسسى-
يات خۇددى فارابىنىڭ ئېيتقىنىدەك: «شەيئىلەرنى ئۆز
شەيئىسىدە تەسەۋۋۇر قىلىش» 8 ئارقىلىق «مەن»نىڭ
ھېسسىياتى بىلەن ئاڭلىغۇچىلارنىڭ شۇ ھېسسىياتنى ھېس
قىلىش ئوتتۇرىسىدىكى ئارىلىقنى ئەڭ يۇقىرى دەرىجىدە

قىسقارتقان. بۇنىڭدىن باشقا يەنە قوشاقتىكى تۈگمەن تې-
شىنىڭ باشتا پىرقىرىشى بىلەن ياشنىڭ دەريا بولۇپ ئېقىـ
شى مۇبالىغە قىلىنىپ، ۋەزىرنىڭ دەرد-ئەلىمىنىڭ چېكىگە
يەتكەنلىكىنى ئىپادە قىلغان بولسا، ۋەزىرنىڭ بوۋاينى بې-
شىغا سايىۋەن بولۇشنى تەلەپ قىلىشى ئوخشىتىشا باغلانما
تەسەۋۋۇر ئۇسۇلى ئارقىلىق بېشىغا كۈن چۈشكەن ۋەزىر-
نىڭ سايىۋەنگە، يەنى ياردەمگە قاتتىق موھتاج بولغانلىقـ
نى ئوبرازلىق تەسۋىرلەپ بەرگەن. ئادەتتە ئوخشىتىشا باغ-
لانما تەسەۋۋۇردا، خاراكتېر، كۆرۈنۈش ۋە ھالەتلەر قا-
تارلىق جەھەتلەردە مەلۇم ئوخشاشلىقلارغا ئىگە بولغان
ئىككى نەرسە بىرى ئارقىلىق يەنە بىرى ئەسلىنىپ، بىر-
بىرىگە باغلىنىپ تەسۋىرلىنىدۇ 9 ھەمدە بۇ ئارقىلىق قو-
شاقتا گۈزەل شېئىرىي كەيپىيات ھاسىل قىلىنىدۇ. بۇ
يەردە يەنە قىستۇرۇپ قويۇشقا ئەرزىيدىغىنى، قوشاقنىڭ
1-، 2-مىسراسى ئوبيېكتىپ ئوبيېكت تەسۋىردىن بىراقلا
سۇبيېكتىپ ھېس-تۇيغۇنى ئىپادىلەشكە سەكرەپ ئۆتۈپ
قوشاقتا شېئىرىي بوشلۇق پەيدا قىلغان. يەنى قوشاق ۋە-
زىرنىڭ بېشىدا تۈگمەن تېشىنىڭ پىرقىرىشىنى تەسۋىرلەش-
تىن بىراقلا دەرد-ئەلەمدىن يېشىنىڭ دەريا بولۇپ ئېقىشى-
نى تەسۋىرلەشكە ئاتلاپ ئۆتۈپ، قوشاقنىڭ ئەسلىدىكى
شېئىرىي مەنىسىنى كەڭلىككە ئىگە قىلغان ھەمدە ئېستېتىك
قىممىتىنى ئاشۇرغان 10. ئاخىرىدا، ئۇشبۇ قوشاقنىڭ چۆ-
چەكتىكى يېگانە ئورنى خاسىيەتلىك دورىنىڭ چۆچەكنىڭ
ۋەقەلىك تەرەققىياتى ۋە باش پېرسوناژنىڭ ھاياتىغا كۆر-
سىتىدىغان مۇھىم تەسىرىنى تېخىمۇ گەۋدىلەندۈرۈش رو-
لىنى ئوينىغان.

«نىيتى يامانىنىڭ قازىنى تۆشۈك» چۆچىكىنىڭ ئەڭ
ئاخىرىغا قىستۇرۇلغان قوشاق:

پەيلىگە يارىشا كۈن كۆرەر ھەركىم،
ياشالماس-يايرالماس ئۇنىڭدىن ئوشۇق.
شۇ بىر سۆز قېپقالسۇن بىزدىن ئەۋلادقا:
«نىيتى يامانىنىڭ قازىنى تۆشۈك.»

بۇ بىر كۇپلېت 11 بوغۇمدىن تۈزۈلگەن تۆت مىس-
رالىق قوشاق بولۇپ، چۆچەكتىكى موماينىڭ يامان نىيتى
سەۋەبلىك، بوۋاي بىلەن موماي ئىككىسىنىڭ ئاخىر خۇدا
ئاتا قىلغان ئېسىل نېمەتتىن ھاماقەتلەرچە قۇرۇق قالغانلىـ
قىدىن ئىبارەت چۆچەك مەزمۇنىنى خۇلاسىلىگەن. شۇنىڭ
بىلەن بىللە، ھەر كىشىنىڭ ئۆزىگە لايىق تۇرمۇش كەچۈ-
رىدىغانلىقى ۋە ئەگەر يامان نىيەتتە بولسا يامان ئاقىۋەت-
كە دۇچار بولىدىغانلىقىدەك پەند-نەسىھەتلەرنى ئاڭلىغۇ-
چىلارغا مىراس قىلىپ قالدۇرغان.

«چېچەن تاز» ناملىق چۆچەكتە بېيىتنىڭ بىۋاسىتە
قوللىنىلىشى كەڭ سالماقنى ئىگىلىگەن بولۇپ، چېچەن تاز
بىلەن پادىشاھ بېيىت شەكلى بىلەن ئەقىل سىنىشىپ، پادى-
شاھ چېچەن تازغا يېڭىلىپ، ئالدىدا مات بولغان.

پادىشاھ:
دەريايىڭ كىچىكتۇ، تاز؟
بولمىسا سەن بىر ماز.
تاز:
دەريا چوڭ دەريا ئىدى،
ھېچ دەريا يېتەلمەيتتى.
ئاق غاز بىلەن قارا غاز.
ئۇچ قونۇپ ئۆتەلمەيتتى.
پادىشاھ:
غازلىرىڭ كىچىكتۇ، تاز؟
يا ئورۇق، ۋىجىكتۇ، تاز؟
تاز:
غاز بولغاندا غاز ئىدى،
مىڭ غاز ئۇنداق بولمايتتى.
ئاق ئۆي بىلەن قارا ئۆينى
قانىتىغا ئالمايتتى.
پادىشاھ:
ئۆيۈڭ كىچىك كاتەكتۇ،
يا بولمىسا چېپلەكتۇ؟
تاز:
ئۆي بولغاندا ئۆي ئىدى،
ھېچ ئۆي ئاڭا يەتمەيتتى.
پەگاھتا ئېشەك ھاڭرىسا،
ئۇنى تۆرگە يەتمەيتتى.
پادىشاھ:
ئېشىكىڭ ئورۇقتۇ، تاز؟
يا كىچىك، قورۇقتۇ، تاز؟
تاز:
ئېشىكىم ئېشەك ئىدى،
خويما چوڭ ئېشەك ئىدى.
گەر سويسىڭىز، تېرىسى
مىڭ قۇلغا تۆشەك ئىدى.

مىلڭ قۇلغا كۆرپە چىقىپ،
قىشتىن ساق چىقىراتتى.
ئاشقىنى قىزىڭىزغا
ئۇيماقچە بوپ قالاتتى.

بۇ بېيىت ئىككى، تۆت، سەككىز مىسرالاردىن تۈ-
زۈلگەن سەككىز كۇپلېت تار مەنىدىكى قوشاقتىن تەركىب
تاپقان بولۇپ، ھەر بىر مىسرادىكى بوغۇملار ئالتىدىن
سەككىزگىچە تۇراقسىز بولۇپ كەلگەن. ئاساسەن بىز بې-
يىتنىڭ ھەممە كۇپلېتلىرىدا ئاياغ قاپىيەدە كەلگەن مىسرا-
لارنى ئۇچرىتالايمىز. بېيىت ئېيتىشىش خاراكتېرىنى ئالغان
بولۇپ، ئاساسلىقى سوئال- جاۋاب تەرىقىسىدە پادىشاھ
بىلەن تاز ئوتتۇرىسىدىكى سۆز مۇسابىقىسىنى مەزمۇن
قىلغان. بۇ ئىككى بېيىت ئېيتقۇچى ئۆز ئوي- پىكىرلىرىنى
ئىپادە قىلىشنى تۈپ مەقسەت قىلغانلىق سەۋەبى، بېيىتنىڭ
بوغۇم، مىسرالىرى تۇراقسىز كەلگەن بولۇپ، شەكىل جە-
ھەتتىن نىسبەتەن ئەركىن بولغان. بېيىت يەنە ھەجۋىيلىك
ۋە يۇمۇرىستىك تۈيغۇغا باي بولۇپ، تۈرلۈك يۇمۇرلۇق
ۋە ئەستەرلىك سۆزلەرنى ئىشلىتىپ، ئوخشىتىش ۋە مۇبا-
لىغە ئۇسۇللىرىدىن ئەپچىللىك بىلەن پايدىلىنىپ، پادىشاھ
بىلەن تازنىڭ سۆز ئويۇنىنى قەدەممۇقەدەم ئۆتكۈرلەشتۈ-
رۈپ، ئاخىر تازنىڭ پادىشاھ ئۈستىدىن قازانغان ئۇزۇل-
كېسىل غەلىبىسى بىلەن ئاياغلاشتۇرغان. مەسىلەن،

پادىشاھ:
دەريايىڭ كىچىكتۇ، تاز؟
بولمىسا سەن بىر ماز.

دېگەن مىسرادا پادىشاھ تازنى مازغا ئوخشىتىپ
زاڭلىق قىلغان بولۇپ، كۈچلۈك ھەجۋىي تۈسنى ئالغان.

پادىشاھ:
ئۆيۈڭ كىچىك كاتەكتۇ،
يا بولمىسا چىپلەكتۇ؟
تاز:
ئۆي بولغاندا ئۆي ئىدى،
ھېچ ئۆي ئاڭا يەتمەيتتى.
پەگاھتا ئىشەك ھاڭىرسا،
ئۇنى تۆرگە يەتمەيتتى.

ئەمدى يۇقىرىقى بۇ مىسرالاردا بولسا، پادىشاھ
تازنىڭ تۇرار جايىنى كاتەك بىلەن چىپلەككە ئوخشىتىپ،
ھەجۋىيلىك سۆزلەر بىلەن تازنىڭ ئىقتىسادى ۋە ئىجتىمائىي
ئورنىنى مازاق قىلغان. تاز بولسا ئۇنداق قازانغا مۇنداق
چۆمۈچ قىلىپ، ئۆز ئۆيىنى «پەگاھتا ئىشەك ھاڭىرسا،
ئۇنى تۆرگە يەتمەيدۇ» دەپ مۇبالىغە قىلىپ، تۇررارگاھ-
نىڭ كارامەت يوغان ئىكەنلىكىنى تەسۋىرلەپ پادىشاھنى ئا-
مالسىز تېما يۆتكەشكە مەجبۇر قىلغان. بۇ بېيىتتا تاز ئارقا-
ئارقىدىن كۈچلۈك يۇمۇرىستىك مىسرالارنى توقۇپ چىقىپ،
پادىشاھنىڭ ئاچچىق مەسخىرىلىرىگە ئەجەللىك قايتۇرما
زەربە بېرىپ، پادىشاھنى ئېغىز ئاچالمايدىغان قىلىۋەتكەن.
ئومۇمەن بۇ بېيىت قوشاق ئىجادچىلىرىنىڭ بەدىئىي تەسەۋ-
ۋۇرى، تەپەككۇر ئىقتىدارى ۋە ئېغىز ئەدەبىياتى سەنئىتى
جەھەتتىكى ماھارەتلىرىنى يۇكسەك دەرىجىدە كۆز ئالدى-
مىزدا نامايان قىلىپ بەرگەن.

قوشۇمچە بۇ بېيىت يەنە قوشاقلارنىڭ «راستچىللى-
قى»، «ساپلىقى»، «تەبىئىيلىكى» ۋە «ئەسلىي ھالىتى»
قاتارلىق ئېستېتىك ئالاھىدىلىكلىرىنى ئۆزىدە يۇكسەك نا-
مايان قىلغان. پادىشاھ بىلەن تاز مول تۇرمۇش تەجرىبىلە-
رىگە تايىنىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى مىللىي مەدەنىيەت
ۋە ئىنسانىي ھېسسىياتلىرىنى ئاددىي ۋە جانلىق قوشاق
تىلى بىلەن ئەسلىي ھالىتىدە ئىپادىلەپ بەرگەن. بولۇپمۇ
بۇ بېيىتتا مەيدانغا چىققان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئاددىي- ساددا
دەريا ياقىسىدىكى ئولتۇراقلاشقان يېزا ئىگىلىك تۇرمۇشى
ئادەمنى ئالاھىدە ئۆزىگە جەلپ قىلىدۇ. مېنىڭچە، بىز بۇ
خىل ئاددىي- ساددا خاراكتېرنى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مىللەت
خاراكتېرىگە ئەڭ ماس كەلگەن ھەمدە ئۇيغۇرلارنىڭ
چوڭقۇر پىسخىك قۇرۇلمىسىدا جۇغلانغان ياشاش ئۇسۇلى
ۋە سەنئەت غايىسىنىڭ نامايەندىسى دەپ چۈشەنسەك بو-
لىدۇ. بۇ ئاددىي- ساددىلىق دۇنيالىق مەنپەئەت، نام-
شۆھرەت، ھوقۇق ۋە ياسالمىلىقنى ئۆزىگە دوست تۇتما-
غان بولۇپ، ئاددىي- ساددا بولغان ھېسسىيات مەزمۇنى
بىلەن ئۆزئارا ماسلىشىپ ئورتاقلىششنى ھاسىل قىلغان 11.
بۇ توغرىسىدا ئىبن شەرەفىد كالىۋانىمۇ ئۆزىنىڭ «ئەدە-
بىي تەنقىد مەسىلىسى» دېگەن ئەسىرىدە ئوخشاش كۆز-
قاراشنى ئوتتۇرىغا قويغان. يەنى يازغۇچىنىڭ قارىشىچە،
بەزى شېئىرىي ئەسەرلەردىكى مىسرالار گەرچە دەبدەبە-
لىك سۆزلەردىن مۇستەسنا، ئاددىي، ئىخچام رىتىمدا بولسى-
مۇ، ئەمما ئۆزىگە تەبىئەتتىن ھالقىغان نەرسىلەرنى مۇجەس-
سەملىگەن بولۇپ، مىسرالىرىغا يوشۇرۇنغان ئاجايىپ مەڭ-
تۈنكار، كۈچلۈك ئىدىيەۋى مەزمۇن كىشىنى تولىمۇ

مەپتۇن قىلىدۇ. 12. ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىنىڭ يارقىن نامايەندىسى بولغان يۇقىرىقى بېيىت دەل مۇشۇ ئاددىي-ساددىلىق ۋە ئۇلۇغلۇقنى ئۆزىگە مۇجەسسەملىگەن.

گېرمانىيە سەنئەت تارىخشۇناسى ئېغىنست گىغوسسى: «ھېچقانداق نەرسە ئىنسانىيەت ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ھېسسىياتىدەك يېقىن بولالمايدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن لىرىك شېئىرلار شېئىرنىڭ ئەڭ تەبىئىي شەكلىدۇر. ھېچقانداق بىر خىل ئىپادىلەش ئۇسۇلى ئىنسانىيەت ئۈچۈن تىلغا ئوخشاش تۈز بولالمايدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن لىرىك شېئىرلار سەنئەتتىكى ئەڭ تەبىئىي شەكىلدۇر» دەپ لىرىك شېئىرلارغا يۇقىرى باھا بەرگەن 13. ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىنىڭ مۇھىم بىر تۈرى بولغان ناخشىلارىدىمۇ خەلقنىڭ تۈرلۈك ھېس-تۇيغۇلىرى لىرىك شەكىلدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان بولۇپ، ھەر بىر ئاڭلىغان كىشىنى كۈچلۈك ھاياجانغا سالىدۇ. مەسىلەن، «ئاق بېكەش بىلەن بوز يىگىت» ناملىق چۆچەكتە، ئايال باش قەھرىمان ئاق بېكەش بىلەن ئەر باش قەھرىمان بوز يىگىت بىر-بىرىگە بولغان مۇھەببىتىنى ناخشا شەكلىدە كۈچلۈك لىرىك ھېسسىيات بىلەن ئىزھار قىلغان.

بوز يىگىت:
ئۇيان ئۆتۈڭ، قىزغىنەم،
بۇيان ئۆتۈڭ، قىزغىنەم.
بويىڭىزنىڭ تۈرقىنى،
كۆرسەم ئىدىم، قىزغىنەم.
ئاق بېكەش:
نېمە دەيدۇ بۇ ئاكام،
نازۇك دەمدۇ بۇ ئاكام.
مەجنۇنتال نوتىسىنى.
كۆرمىگەنمۇ بۇ ئاكام.
بوز يىگىت:
ئۇيان ئۆتۈڭ، قىزغىنەم،
بۇيان ئۆتۈڭ، قىزغىنەم.
قارا سۇمبۇل چېچىڭىزنى
كۆرەرمەنمۇ قىزغىنەم.
ئاق بېكەش:
نېمە دەيدۇ بۇ ئاكام،
نازۇك دەيدۇ بۇ ئاكام.
ئايغىر ئاتنىڭ قۇيرۇقىن
كۆرمىگەنمۇ بۇ ئاكام.

بوز يىگىت:
ئۇيان ئۆتۈڭ، قىزغىنەم،
بۇيان ئۆتۈڭ، قىزغىنەم.
يۇلتۇزغا ئوخشاش كۆزىڭىزنى
كۆرەرمەنمۇ، قىزغىنەم.
ئاق بېكەش:
نېمە دەيدۇ بۇ ئاكام.
كۆرەي دەمدۇ بۇ ئاكام.
تاڭدا نۇرلۇق چولپاننى
كۆرمىگەنمۇ بۇ ئاكام.
بوز يىگىت:
ئۇيان ئۆتۈڭ، قىزغىنەم،
بۇيان ئۆتۈڭ، قىزغىنەم.
ئەگىم قارا قاشىڭىزنى
كۆرەرمەنمۇ، قىزغىنەم.
ئاق بېكەش:
نېمە دەيدۇ بۇ ئاكام،
نېمىلەر دەيدۇ بۇ ئاكام.
بۇ كەمگىچە قۇندۇزنى
كۆرمىگەنمۇ بۇ ئاكام.
بوز يىگىت:
ئۇيان ئۆتۈڭ، قىزغىنەم،
بۇيان ئۆتۈڭ، قىزغىنەم.
قارا-قارا كىرپىكىڭىزنى
كۆرەرمەنمۇ، قىزغىنەم.
ئاق بېكەش:
نېمە دەيدۇ بۇ ئاكام،
نېمىلەر دەيدۇ بۇ ئاكام.
قىردا قارا قىياقنى
كۆرمىگەنمۇ بۇ ئاكام.
بوز يىگىت:
ئۇيان ئۆتۈڭ، قىزغىنەم،
بۇيان ئۆتۈڭ، قىزغىنەم.
گۈلدەك گۈزەل ھۆسنىڭىزنى
كۆرەرمەنمۇ، قىزغىنەم.
ئاق بېكەش:
نېمە دەيدۇ بۇ ئاكام.
كۆرسەم دەمدۇ بۇ ئاكام.

ئون تۆت كۈنلۈك تولۇن ئايىنى
كۆرمىگەنمۇ بۇ ئاكام.

ناخشىنىڭ ئەڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكى سۆز سەنئىتى بىلەن مۇزىكا سەنئىتىنىڭ مۇكەممەل بىرلىشىشى بولۇپ، ئۆزىگە خاس مۇقىم ئاھاڭغا ئىگە. ئەمما قولىمىزدىكى ماتېرىيالدا پەقەتلا ناخشىنىڭ سۆز تېكىستى خاتىرىلەنگەن بولۇپ، ئاھاڭى خاتىرىلەنمىگەن، شۇنىڭ ئۈچۈن تەھلىلىم پەقەت سۆز تېكىستى بىلەنلا چەكلەندى. يۇقىرىدىكى ناخشا 12 كۇپلېت تار مەنىدىكى قوشاقتىن تەركىب تاپقان بولۇپ، بوز يىگىت بىلەن ئاق بېكەشكە ئايرىم- ئايرىم ھالدا مەنسۇپ بولغان ھەر بىر كۇپلېت تار مەنىدىكى قوشاقتا 1-، 2-، 4- مىسرالار نەقرات بولۇپ كەلگەن. نەقرات ھەرقايسى كۇپلېتلارنى بىر- بىرىدىن ئايرىپ تۇرۇش بىلەن بىللە، بوز يىگىت بىلەن ئاق بېكەشنىڭ بىر- بىرىگە بولغان چوڭقۇر مۇھەببىتىنى تېخىمۇ گەۋدىلەندۇرۇش رولىنى ئوينىغان. ئوسمان ئىسمائىل تارىمىنىڭ كۆز قارىشىچە: «نەقرات بولسا ھەر بىر كۇپلېتنىڭ ئاخىرىدا تەكرارلىنىپ كېلىدىغان، ناخشىنىڭ ئومۇمىي مەزمۇنىنى ئۆزىگە مەركەزلەشتۈرگەن ۋەكىللىك خاراكتېردىكى سۆزلەردۇر» 14. ئەمما يۇقىرىقى ناخشا تېكىستىدە بولسا، بوز يىگىتنىڭ ھەر بىر كۇپلېت قوشىقىنىڭ 1-، 2-، 4- مىسرالىرىدا تۆۋەندىكى سۆزلەر تەكرارلىنىپ كەلگەن:

ئۆيان ئۆتتۈڭ، قىزغىنىم،
بۇيان ئۆتتۈڭ، قىزغىنىم.
كۆرەرمەنمۇ قىزغىنىم.

ئاق بېكەشنىڭ ھەر بىر كۇپلېت قوشىقىنىڭ 1-، 2-، 4- مىسرالىرىدا بولسا تۆۋەندىكى سۆزلەر تەكرارلىنىپ كەلگەن:

نېمە دەيدۇ بۇ ئاكام،
نېمىلەر دەيدۇ بۇ ئاكام.
كۆرمىگەنمۇ بۇ ئاكام.

دېمەك، مېنىڭچە نەقراتنى ھەر بىر كۇپلېتنىڭ ئىچىدە ۋە ئاخىرىدا تەكرارلىنىپ كېلىدىغان، ناخشىنىڭ ئومۇمىي مەزمۇنىنى ئۆزىگە مەركەزلەشتۈرگەن ۋەكىل خاراكتېرلىك سۆزلەر دەپ چۈشەنسەك تېخىمۇ مۇۋاپىق بولىدۇ. بۇ نەقراتلىق سۆزلەر بوز يىگىت بىلەن ئاق بېكەشنىڭ بىر- بىرى بىلەن دىدار كۆرۈشۈشكە بولغان تەقەززالىق ھېسسىياتىنى قەدەممۇقەدەم چوڭقۇرلاشتۇرغان بولۇپ، بىر جۈپ تەڭ سوققان يۈرەكنىڭ چىن مۇھەببىتىنى گەۋدىلەندۈرۈش رولىنى ئوينىغان ھەمدە بەلگىلىك ئاھاڭدارلىق ۋە يېقىملىق تەسىرات پەيدا قىلغان. ئۇنىڭدىن باشقا، بۇ قوشاقلاردا ئوخشىتىما باغلانما تەسەۋۋۇر كەڭ دائىرىلىك قوللىنىلغان بولۇپ، بوز يىگىتنىڭ ئاق بېكەشكە بويىڭىزنىڭ تۇرقىنى، چېچىڭىزنى، كۆزىڭىزنى، قارا قاشىڭىزنى، كىرپىكىڭىزنى ۋە ھۆسنىڭىزنى كۆرۈشكە ئىنتىزارمەن دېگەنلىرىگە ئاق بېكەش مەجنۇنتال نوتىسىنى، ئايغىر ئاتنىڭ قۇيرۇقىنى، تاڭدا نۇرلۇق چولپاننى، قۇندۇزنى، قىردا قارا قىياقنى، ئون تۆت كۈنلۈك تولۇن ئايىنى كۆرمىگەنمۇ دەپ جاۋاب بېرىپ، بوز يىگىتنى ۋە ئاڭلىغۇچىلارنى ئەركىن ۋە مول تەسەۋۋۇر دۇنياسىغا باشلاپ كىرگەن ھەمدە بىزنى ئىختىيارسىز ھالدا ئاق بېكەشنىڭ گۈزەل ھۆسن- جامالىغا مەپتۇن قىلغان. بۇنىڭدىن سىرت، بوز يىگىتمۇ ئاق بېكەشنىڭ كۆزىنى يۇلتۇزغا، ھۆسنىنى گۈزەل گۈلگە ئوخشىتىپ، چېچىنى قارا سۇمبۇل، قېشىنى ئەگمە قارا دەپ سۈپەتلىگەن. دېمەك، ناخشا ئاخىرىدا، ئاي دېسە ئاي ئەمەس، كۈن دېسە كۈن ئەمەس ئاق بېكەش ئوبرازى تەبىئىيلا كۆز ئالدىمىزدا پەيدا بولغان. بۇ يەردە يەنە تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە ئەرزىيدىغىنى، ناخشا يەنە ھېسسىيات بىلەن تەبىئەت مەنزىرىسىنى ئارىلاش ئىپادىلەش ئۇسۇلىغا مۇراجىئەت قىلىش ئارقىلىق، ئاق بېكەشنىڭ مۇرەككەپ مۇھەببەت ھېسسىياتىنى قەدەممۇقەدەم چوڭقۇرلاشتۇرۇپ ئىپادىلىگەن. يەنى ئاق بېكەش مەجنۇنتال نوتىسى، تاڭدىكى نۇرلۇق چولپان ۋە ئون تۆت كۈنلۈك تولۇن ئايغا ئوخشاش تۇرلۇك تەبىئەتتىكى گۈزەل مەنزىرە ئوبرازلىرىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ، ئاڭلىغۇچىلاردا ئۆز ھېسسىياتىغا ھەمنەپەسلىك تۇيغۇسىنى قوزغىغان 15.

«شۇنداقمۇ جاۋاب بولامدۇ» ناملىق تېپىشماقلىق چۆچەكتە بولسا قىزنىڭ يىگىتكە بەرگەن جاۋاب بىر كۇپلېت ئاددىي قوشاقنىڭ ئىچىگە تېپىشماق قىلىپ يوشۇرۇنغان.

بېرنۇيدىم قىچقارغىلى،
يوق ئىكەن، كېلەي دېدى.
كەلسىمۇ كېلەر ئىدى،
كېلىپ قېلىپ، كېلەلمىدى.

بۇ تۆت مىسرالىق بىر كۇپلېت قوشاق يەتتە،

سەككىز بوغۇمدىن ئارىلاش تۈزۈلگەن بولۇپ، 2-، 3-، 4- مىسرالىرى ئۆزئارا قاپىيەداش بولۇپ كەلگەن. بۇ تېپىشماقلىق قوشاق ئاڭلىغۇچىلارنى ئۆزىگە ئالاھىدە جەلپ قىلىشتىن سىرت يەنە، ئەستە ساقلاشقا قولايلىق بولۇپ، چۆچەكنىڭ ئاساسىي مەزمۇنىنىڭ ئۇزاق مەزگىللىك خەلق ئارىسىدا ساقلىنىپ قېلىشىغا تۈرتكە بولغان. بۇنىڭدىن باشقا، قوشاقنىڭ سەھىپىسىنىڭ قىسقىلىقى تۈرتكە بولغان. بۇنىڭدىن باشقا، قوشاقنىڭ سەھىپىسىنىڭ قىسقىلىقى بىلەن ھەجىمىنىڭ كىچىكلىكى، يۇقىرىقى تېپىشماقنىڭ ئېغىزدىن- ئېغىزغا تارقىلىشىنى ئىلگىرى سۈرگەن بولۇپ، شۇ چۆچەك ئىجاد قىلىنغان زامان ۋە ماكاندىن ھالقىپ ئۆتۈپ كىشىلەر ئارىسىدا تېپىشماقنىڭ جاۋابى توغرىسىدا تۈگىمەس غۇلغۇلا قوزغىغان.

«تادان بىلەن گول» ناملىق چۆچەكنىڭ كۆپ يەرلىرىدە قاپىيەلىك سۆزلەردىن قۇرۇلغان نەسرىي قوشاقلار قوللىنىلغان بولۇپ، پۈتۈن چۆچەك لەرزان ۋە مۇڭلۇق شېئىرىي كەيپىياتقا چۆمگەن. مەسىلەن، تۆۋەندىكى پارچىدە چۆچەك پېرسوناژى پاتىمە سىڭلىسى زۆھرەنى زاڭلىق قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ھەي نەپسى بالا يېتىمەك، تۇرقۇڭ خۇددى يىلىم چۆچەك، ئەگەر سالساڭ بازارغا ئۆزۈڭنى، بىرەرمۇ بىراۋ ھەققىڭ ئۈچۈن نېمىشەك كېپەك؟! ھالىڭغا بېقىپ ھال تارت، خالتاڭغا بېقىپ ئۇن تارت جۇمۇ!» بۇ پارچىدە، «يېتىمەك»، «چۆچەك» بىلەن «كېپەك»، «ھالىڭغا» بىلەن «خالتاڭغا» سۆزلىرى قاپىيەداش بولۇپ كەلگەن بولۇپ، كۈچلۈك ئاھاڭدارلىق ھاسىل قىلغان. «قوشاقلارنىڭ ئاھاڭدارلىقى ئاڭلاش سېزىمىغا يېقىملىق ئېستېتىك تۇيغۇ بېغىشلايدۇ، ئەمما بۇ ماھىيەت جەھەتتىن، سەنئەتكار ھېسسىياتىنىڭ مەركەزلىك ئىپادىلىنىشىنى ئەمەلگە ئاشۇرغانلىقى ھېسابلىنىدۇ. ئېستېتىك زوق نۇقتىسىدىن، ئاھاڭدارلىقى كۈچلۈك بولغان قوشاقلار ئوقۇرمەنلەرنىڭ دىلكەشلىكىنى، مايىللىقىنى ئاشۇرۇپ، ناھايىتى تېز لا شېئىرىي مۇھىت ئىچىگە باشلاپ كىرىدۇ ۋە كىشىدە كۈچلۈك ئېستېتىك لەززەت قوزغايدۇ». بۇ پارچە نەسرىي قوشاق پاتىمەنىڭ مەسخىرىسىنى كۈچلۈك كىنايە ۋە ھەجۋىي ئۇسۇلدا يېنىك شېئىرىي تۈس بىلەن ئىپادىلىگەن بولۇپ، ئاڭلىغۇچىلارنىڭ كۆز ئالدىدا ھازازۇل پاتىمە بىلەن بىچارە زۆھرەنىڭ ئوبرازىنى جانلىق نامايان قىلىپ بېرىدۇ.

«پاتىمە ئەل ئىچىگە سۆز- چۆچەك تارقىتىپ، ھەر قەدەمدە قىچا ئۇرۇقى چېچىپتۇ. بوينى كالا سۈتىدە يۇيۇپ، ئىشىك يوچۇقىدىن ماراپ، كۆندە 100 ۋاخ ئەينەككە قاراپ، ئۆزىنى تۈزەپتۇ، ملڭ ياڭزا ياسىنىپ، شاھزادىنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپتۇ». ئەمدى، بۇ پارچىدە بولسا سىڭلىسىنىڭ مەئىشەتلىرىگە چىدىيالمىغان پاتىمەنىڭ شاھزادىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئىشلەتكەن ھىيلە- مىكىرلىرى تەسۋىرلەنگەن. باياندا «ئەل» بىلەن «ھەرە»، «تارقىتىپ»، «يۇيۇپ»، «ماراپ»، «قاراپ» بىلەن «ياسىنىپ»، «كۆندە» بىلەن «قەدەمدە»، «تۈزەپتۇ» بىلەن «كۈتۈپتۇ» قاتارلىق سۆزلەر ئۆزئارا قاپىيەداش كەلگەن بولۇپ، ناھايىتى ئوبرازلىق، جانلىق ۋە قىزىقارلىق شېئىرىي كەيپىيات شەكىللەندۈرگەن. پاتىمەنىڭ ئىشھەرىكەتلىرى نەسرىي قوشاق تىلىغا تايىنىپ، ھەرىكەتچان تۈسنى ئالغان بولۇپ، ئاڭلىغۇچىلارنى خۇددى سۈرەتلىك فىلىم كۆرۈۋاتقاندەك تەسىراتقا ئېلىپ كېلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ چۆچەكتىكى نەسرىي قوشاق تىلىدا بايان قىلىنغان ۋەقەلىكلەر ھەر بىر ئاڭلىغان كىشىنىڭ قەلبىنى ئىختىيارسىز ئۆزىگە ئەسىر قىلىۋالالايدۇ.

دېمەك، بۇگۈنكى كۈندە بىر كۈپلېت ئىچىدە بىر پۈتۈن ئوي- پىكىرنى ئىپادىلەيدىغان كىشىلەر ئارىسىدا كەڭ تارقالغان ۋە ناخشا قىلىپ ئېيتىلىدىغان خەلق شېئىر نەمۇنىلىرى دەپ تەبىر بېرىلگەن قوشاقلار، ئۆزىنىڭ تار مەنىدىكى قوشاق، بېيىت ۋە ناخشا قاتارلىق شەكلەن تۈرلىرى بىلەن، ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىنىڭ باش، ئوتتۇرا ۋە ئاخىر قىسىملىرىدا ئوتتۇرىغا چىقىپ، چۆچەكلەردە بەلگىلىك دەرىجىدە مۇھىم ئورۇن ئىگىلىگەن ھەمدە پېرسوناژلارنىڭ خاراكتېر خۇسۇسىيەتلىرى، ھېسسىيات چۈشەنچىلىرى ۋە ئۆزئارا مۇناسىۋەتلىرىنى ئىپادە قىلىش، ۋەقەلىكلەرنى بايان قىلىش ۋە بىر پۈتۈن چۆچەك مەزمۇنىدىن خۇلاسە چىقىرىش قاتارلىق جەھەتلەردە ھالقىلىق رول ئوينىغان. مەسىلەن، «ئات باقار» ناملىق چۆچەك بىر كۈپلېت ئاددىي تار مەنىدىكى قوشاق بىلەن باشلانغان بولۇپ، چۆچەكتە بىر خىل يېقىملىق شېئىرىي كەيپىيات پەيدا قىلىپ، چۆچەكنىڭ جەلپكارلىقىنى ئاشۇرغان ھەمدە ئاڭلىغۇچىلارنى ئىختىيارسىز ھالدا چۆچەك ۋەقەلىكىگە شۇڭغۇتۇپ ئەكىرگەن. «بۆرە، تۈلكە ھەم بۆدۈنە» چۆچەكنىڭ باشلىنىشىدىكى تار مەنىدىكى قوشاقتا بولسا، ھېسسىيات بىلەن تەبىئەت مەنزىرىسى ئارىلاش ئىپادىلەنگەن بولۇپ، ئەمەلىيەتتە ئىنسانلار دۇنياسىدىكى شۇ ئۈچ خىل

خاراكتېردىكى ئادەملەرگە سىمۋول قىلىنغان ئۈچ هايۋاناتنىڭ خاراكتېرلىرى ۋە ھېس-تۇيغۇلىرى قەدەممۇقەددەم تەبىئەت مەنزىرىلىرى بىلەن بىللە كۈچەيتىلىپ بارغان. «ھېكمەتلىك سۆز» بىلەن «خاسىيەتلىك دورا» چۆچىكىدە بولسا، بىر پۈتۈن چۆچەكنىڭ ئوتتۇرىسىغا پەقەت بىرلا قوشاق قىستۇرۇلغان بولۇپ، چۆچەكنىڭ ئومۇمىي مەزمۇنىنى ئىپادىلەشتە يادرولۇق رول ئوينىغان. بۇنىڭدىن سىرت، «خاسىيەتلىك دورا» چۆچىكىدە، ۋەزىرنىڭ ھېس-تۇيغۇلىرى ھېس-تۇيغۇنى شېئىرىي ئۇسۇلدا ئىپادىلەش، ئوخشاتما باغلانما تەسەۋۋۇر ۋە شېئىرىي بوشلۇق پەيدا قىلىش قاتارلىق ئۇسۇللار بىلەن مۇكەممەل شېئىرىي كەيپىيات ئىچىدە ئاڭلىغۇچىلارغا ھېس قىلدۇرۇلغان. ئەمدى، «نىيىتى يامانىڭ قازىنى تۆشۈك» چۆچىكىدە بولسا، قوشاق چۆچەكنىڭ ئاخىرقى قىسمىدا بىۋاستە قوللىنىلغان بولۇپ، بىر پۈتۈن چۆچەكنىڭ ئومۇمىي مەزمۇنىدىن خۇلاسە چىقىرىش رولىنى ئوينىغان. بېيىت بىلەن ناخشىغا كەلسەك، بىر تەرەپتىن «چېچەن تاز» ناملىق چۆچەكتە كەڭ دائىرىلىك قوللىنىلغان بېيىتنىڭ ئاددىي ۋە جانلىق مىسرالىرى ئىچىگە يوشۇرۇنغان چوڭقۇر مەزمۇنلار بىزنى ئۆزىگە كۈچلۈك جەلپ قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن، «ئاق بېكەش ۋە بوز يىگىت» ناملىق چۆچەكتە كەڭ سالماقنى ئىگىلىگەن ئىشق-مۇھەببەت ناخشىسىنىڭ لىرىك گۈزەللىكى بىزنى ئۆزىگە ئىختىيارسىز مەپتۇن قىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، «تادان بىلەن گول» ناملىق چۆچەكنىڭ كۆپ يەرلىرىدە قاپىيەلىك سۆزلەردىن قۇرۇلغان نەسرىي قوشاقلار قوللىنىلغان بولۇپ، پۈتۈن چۆچەك لەرزان ۋە مۇڭلۇق شېئىرىي كەيپىياتقا چۆمگەن. ئاخىرىدا قوشۇمچە كۆرسىتىپ ئۆتۈش زۆرۈر يەنە بىر نۇقتا شۇكى، چۆچەكلەردە بىۋاستە قوللىنىلغان قوشاقلار سىمۋول، ئوخشىتىش، سېلىشتۇرۇش، تەكرارلاش، مۇبالىغە، سۈپەتلەش، رىتورىك خىتاب ۋە ئېپىتېت قاتارلىق تۈرلۈك ئىستىلىستىكىلىق ۋاسىتىلەردىن ئۈنۈملۈك پايدىلانغان بولۇپ، قوشاق تىلىنى كۈچلۈك ئوبرازلىق ۋە جانلىقلىققا ئىگە قىلغان. شۇنىڭ ئۈچۈن ماقالىنىڭ خاتىمىسىدە، ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى چۆچەك ۋە قوشاقتىن ئىبارەت بۇ ئىككى ژانىر ھەر خىل ئۇسۇللاردا ئەپچىللىك بىلەن گىرەلىشىش ئارقىلىق، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئەدەبىي گۈزەللىكىنى يۈكسەك دەرىجىدە نامايان قىلغان دەپ خۇلاسە چىقىرىشقا بولىدۇ.

**پايدىلانغان ماتېرىياللار:**

1. ئابدۇكېرىم راخمان: «خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئاساسلىرى»، 1-قىسىم، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1983-يىلى 169-بېتىگە قاراڭ.

2. ئوسمان ئىسمائىل تارىم: «ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ھەققىدە ئومۇمىي بايان»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2009-يىلى، 411-بېتىگە قاراڭ.

3. زۇمرەت غاپپار: «ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى ھەققىدە تەتقىقات»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2012-يىلى، 20-بېتىگە قاراڭ.

4. ئوسمان ئىسمائىل تارىم: «ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ھەققىدە ئومۇمىي بايان»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2009-يىلى، 413-، 414-بەتلىرىگە قاراڭ.

5. يۇقىرىقىغا ئوخشاش، 418-، 422-بەتلىرىگە قاراڭ.

6. زۇمرەت غاپپار: «ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى ھەققىدە تەتقىقات»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2012-يىلى، 154-بېتىگە قاراڭ.

7. مۇھەممەدتۇرسۇن ئېلى: «ئۇيغۇر خەلق مۇھەببەت قوشاقلىرىدا گەۋدىلەنگەن بەزى ئېستېتىكىلىق ئالاھىدىلىكلەر ھەققىدە»، شىنجاڭ داشۆسى ئىلمىي ژۇرنىلى، 1996-يىل 1-سان، 96-، 104-بەتلىرىگە قاراڭ.

8. ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەدئىمىن، «قاتلاملىق ئېستېتىكا»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1994-يىلى، 395-بېتىگە قاراڭ.

9. مۇھەممەدتۇرسۇن ئېلى: «ئۇيغۇر خەلق مۇھەببەت قوشاقلىرىدا گەۋدىلەنگەن بەزى ئېستېتىكىلىق ئالاھىدىلىكلەر ھەققىدە»، شىنجاڭ داشۆسى ئىلمىي ژۇرنىلى، 1996-يىل 1-سان، 100-بېتىگە قاراڭ.

10. يۇقىرىقىغا ئوخشاش، 102-بېتىگە قاراڭ.

11. ياڭ زىجۇ: «ئاددىي-ساددا ۋە تەبىئىي بولغان ئەسلىي ھالەتتىكى گۈزەللىك — خېيەن بەش بارماق تاغ رايونىدىكى خەلق قوشاقلىرىنىڭ ئېستېتىك ئالاھىدىلىكلىرى توغرىسىدا بىر تەھلىل»، چيۇڭجوۋ ئۇنىۋېرسىتېتى ژۇرنىلى، 2008-يىل 2-سان، 35-بېتىگە قاراڭ.

12. ئىبن شەرەفىد كالئۋانى (ئالجىرىيە): «ئەدەبىي تەنقىد مەسىلىسى»، 1953-يىل نەشرى، 44-بېتىگە قاراڭ، («يېقىن ئوتتۇرا شەرق ئېستېتىكىسى»، 118-بەتتىكى نەقىلدىن ئېلىندى).

13. ئېفونست گفوسسى (سەي مۇخۇي تەرجىمىسى): «سەنئەتنىڭ كېلىپ چىقىشى»، بېيجىڭ سودا ئىشلىرى نەشرىياتى، 1987-يىلى، 176-بېتىگە قاراڭ.

14. ئوسمان ئىسمائىل تارىم: «ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ھەققىدە ئومۇمىي بايان»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2009-يىلى، 421-، 422-بەتلىرىگە قاراڭ.

15. زۇمرەت غاپپار: «ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى ھەققىدە تەتقىقات»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2012-يىلى، 154-، 157-بەتلىرىگە قاراڭ.

(ئاپتور: شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىدا)

# قارچىغا تۇتۇش ۋە قۇشلار توغرىسىدا ئويلىغانلىرىم





**قارچىغا توغرىسىدىكى رىۋايەت:**

ئادەم تۆرەلگەن ۋاقىتتا ياراتقۇچى ئادەمنىڭ قولنى ئەپچىل، چاققان يارىتىش ئۈچۈن بەش بارماقلىق شەكىلدە ياراتقان ھەمدە باش بارماقنىڭ شەكلىنى كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئەسلىدىكى بىر - بىرىگە تۇتاش بارماقلارنىڭ ئارىسىدىن، ئالقان ۋە قولنىڭ دۈمبىسىدىن مەلۇم مىقداردىن قىيىپ ئېلىۋەتكەن گۆشلەردىن قارچىغىنى ياراتقان، ئەگەر بەش بارماقنى ياراتمىغان بولسا قول ھەم قوپال، ھەم قولايسىز بولۇپ قالار ئىكەن، شۇنداقلا بەش بارماق بولمىغان بولسا قارچىغىمۇ بولماسمىش ئىكەن. قارچىغا ئىنسانلارنىڭ قولىنىڭ ئەت گۆشىدىن يارالغان بولغاچ ئۇ ئىنسانلارنىڭ قولىغا باشقا قۇشلارغا قارىغاندا ئاسانلا كۆنۈپ قەدىمدىن تارتىپ ئۇلارنىڭ قولىغا قول بولۇپ ئىنسانلارنىڭ تۇرمۇشىدا مۇھىم بىر ياردەم سۈپىتىدە ئىنسانلانى ئوۋچىلىق تۇرمۇشىغا باشلاپ كىرىپ، ئىنسانلارنى ئوۋ نېمەتلىرى بىلەن تەمىنلەپ، ئۇلارنىڭ ھاياتىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىپ كەلگەن. قارچىغا ئىنسانلارنىڭ قولىدىن يارىلىپ ئىنسانلارنىڭ قولىغا قول بولغان بولسا، ئات ئىنسانلارنىڭ ئىككى پۇتى ئارىسىدىكى گۆشتىن يارالغان، يەنى ياراتقۇچى ئىنسانلارنىڭ بەدەنلىرىنىڭ ئاستى پۈتۈن ھالەتتە بولۇپ قالسا، ھەرىكەت قىلىشىنىڭ تازا قولايلىق بولمايدىغانلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ ئىنسانلارنىڭ بەدىنىنىڭ ئاستى تەرىپىدىكى، يەنى ئىككى پاچاق ئوتتۇرىسىدىكى گۆشلەردىن ئاتنى ياراتقان ھەمدە ئۇ ئاتنى ئىنسانلارنىڭ قاتناش قورالى قىلىپ پايدىلىنىشى ئۈچۈن ئاتنى ئىنسانلار مىنسە كۆتۈرۈلۈش ۋە ئايىغى چاققان قىلىپ يارىتىش بىلەن بىللە، ئاتنى ئادەمگە ئاسان كۆنىدىغان ۋە ئىنسانلارغا زىيان - زەخمەت يەتكۈزمەيدىغان قىلىپ يارىتىپ، ئىنسانلارنىڭ پۇتىغا پۇت بولۇش ئۈچۈن ياراتقانمىش، شۇڭا كونىلاردا ھازىرغىچە «قولىغا قارچىغا ئالغان ۋە ئات مىنگەن ئادەم ھەقىقىي پۈتۈن ئادەمدۇر» دېگەندەك گەپلەر ئېغىزدىن - ئېغىزغا تارقىلىپ كەلمەكتە ھەم ئازراق ياردەملەشكەن كىشىلەرنى ياكى كارغا كەلگەن ۋاپادار، سەممىي، ئىنسابلىق بالىلارنى «قولۇمغا قول، پۇتۇمغا پۇت بولدى» دەپ تەرىپلەيدىغان ئىشلارمۇ ئەلمىساقتىن تارتىپ داۋام قىلىپ كەلمەكتە.

**قارچىغىنى بېقىش ۋە ئوۋغا ياندۇرۇش توغرىسىدا**

ھەر يىلى 10 - ئاينىڭ 10 - كۈنىدىن باشلاپ قارا لوق

توشقان گۆشى بېرىمىز، گۆش چوقۇم ياغسىز ھەم سۆڭەكسىز بولۇشى لازىم. 10 - ئاينىڭ 20 - كۈنىدىن تارتىپ جاڭگالغا ئەپچىقىپ جانغا سالىمىز، بۇ ۋاقىتتا گۆشنى 100 - 200 گىرام ئەتراپىدا بېرىمىز، قارچىغا توشقانغا يېنىپ رەسمىي توشقاننى ئالغاندىن كېيىن، قارچىغا ئالغان ھەر بىر توشقاننى قارچىغىنىڭ قولىدىن ئاجرىتىپ توشقاننىڭ ئالدى قولىدىن بىر - ئىككىنى چوقىتىپ قويۇپ يەنە داۋاملىق كۆتۈرۈپ ماڭىمىز، ئەگەر توشقاننىڭ ئالدى قولىدىن چوقۇتماي باشقا يەرلىرىدىن چوقۇتۇپ قويساق توشقاننىڭ باشقا يەرلىرىدە لوق گۆش بولغاچ قارچىغا ئىككى چوقۇپلا قورسىقىنى خېلى ئوبدان ئەستالىۋالىدۇ - دە، ئوۋلاش جەريانىدا بىر قىسىم قېرى، يامان توشقانلارغا يولۇقۇپ قالغاندا، ئۇلارنى بىر - ئىككى ئۇرۇپ ئالالماي قالسا، داۋاملىق ئارقىسىدىن بېرىپ ئېلىشقا ئۇرۇنماي بىرەر دۆڭلۈككە ياكى بىرەر دەرەخنىڭ شېخىغا چىقىپ ئولتۇرۇۋالىدۇ. قارچىغا ھەر بىر توشقاننى ئۆزىنىڭ قورسىقى ئۈچۈن ئالىدۇ، شۇڭا قارچىغىنى توشقانغا سېلىش جەريانىدا ئۇنىڭ قورسىقىنى تويغۇزۇپ قويۇشقا ئالاھىدە دىققەت قىلىش كېرەك. ئەمدى توردا تۇتۇۋالغان ياۋا قارچىغىنى 60 كۈن ئەتراپىدا قولغا كۆتۈرۈپ، قولغا ۋە ئادەمگە كۆنگەندىن كېيىن ئاندىن ئاچ قويۇپ توشقانغا بولايمىز، ياۋا قارچىغىنى توشقانغا بولاشنىڭ ئۇسۇلى مۇنداق بولىدۇ، قاپقاندا تۇتۇۋالغان تىرىك توشقاندىن بىرنى دەسلەپتە پۇتىنى ئازراق باغلاپ قويۇپ سالىمىز، بۇ توشقان پۇتى باغلاقلىق سەۋەبىدىن بەك يۈگۈرەلمىگەنلىكتىن قارچىغا ئاسانلا ئېلىۋالىدۇ، ئىككىنچى ۋە ئۈچىنچى قەدەمدە توشقاننىڭ ھېچ يېرىنى باغلىماي ياياق قويۇپ بېرىمىز، قارچىغا بۇ توشقانلارنىمۇ ئالغاندىن كېيىن جاڭگالغا ئەپچىقىپ ياۋا توشقانغا سېلىشنىڭ تەييارلىقىنى قىلساق بولىدۇ، يەنى ياۋا قارچىغىنى ئاچ قويۇپ توشقانغا بولاپ توشقانغا رەسمىي ياندۇرۇپ، جاڭگالغا ئېلىپ چىقىشتىن بۇرۇن بەش كېچە - كۈندۈز بىر نەچچە ئادەم دەملىشىپ كۆتۈرۈپ ئۇخلاتمايمىز، كۈندۈزى نەدە ئادەم كۆپ بولسا، شۇ يەرلەردە كۆتۈرۈپ يۈرىيمىز، كېچىسى رادىيو ۋە تېلېۋىزورلارنى ئۈنلۈك قويۇپ، قەتئىي ئۇخلاتمايمىز، قارچىغىنى مۇشۇ خىل ئۇسۇلدا نەچچە كۈن ئۇخلىغىلى قويمىغاندىن كېيىن، قارچىغىنى قەيەرگە قوندۇرۇپ قويساق، شۇ يەردە تۇرىدۇ، ھەتتا ئوڭدا ياتقۇزۇپ قويساق، ئوڭدا ياتىدىغان ھالەتتە كېلىپ شۇنداق ياۋاش ۋە قاشاڭشىدۇ - دە، ئادەمدىن ئۈركۈيدىغان ھالى ۋە خۇيىنى تاشلايدۇ. ئاندىن ئاچ قويۇپ ئوۋلاپ چىقىپ جانغا سالىدىغان بولساق، ئەتراپتىكى ئادەم ۋە باشقا ھەر قانداق شەيئىدىن قىلچە ئۈركۈمەي بار كۈچى بىلەن جاننى ئاسانلا ئالىدۇ، جاننى ئالغاندىن كېيىن، قارچىغىنىڭ قولىدىن جاننى ئاجرىتىۋېلىش ئۈچۈن ئاستا بارساقمۇ ياكى يۈگۈرۈپ، پالاقلىشىپ بارساقمۇ قەتئىي ئۈركۈمەي جاننى مەھكەم بېسىپ تۇرىدۇ.

قارچىغىنى قۇشلىغان ۋاقىتتا ئاساسلىقى توشقان گۆشى بېرىپ باقىمىز، ئەگەر توشقان گۆشى بەرمەي قوي گۆشى ياكى كەپتەر گۆشى دېگەندەك باشقا جانىۋارلارنىڭ گۆشىدە باقساق بۇ خىل گۆشلەرنىڭ يېغى بولغاچقا، بىر يېگەن بىلەن تەڭ قارچىغىنىڭ نەچچە كۈنگىچە قورسىقى ئاچماي توق تۇرىدۇ. جانغا سالساق جان ئالمايدۇ، توشقان گۆشىنىڭ يېغى يوق، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاجىز بولغاچ قارچىغىغا بەرسەك قارچىغا بىر خىل تۇرىدۇ، باشقا گۆشلەرنى بەرسەك قارچىغا ئاسانلا سەمرىپ كېتىدۇ - دە، جانغا سالساق جاننى ئالسا ئالىدۇ ئالالمىسا ئۇچۇپ كېتىدۇ. قارچىغا ياز كۈنى ئىككى - ئۈچ كۈندە، بىر قىش كۈنى يەتتە، سەككىز كۈندە بىرەر ۋاخ سۇ ئىچىدۇ، قوشلىغان ۋاقىتتا ئۇسساپ كەتكەن بولسا ئۆزى ھاسرايدۇ ياكى سۇغا قاراپ ئۇچۇپ ئۇسسۇدۇم دېگەن بېشارەتنى بېرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن سۇنىڭ بويىغا ئاپارساق دىككىدە چۈشۈپ سۇ ئىچىدۇ، گاھى تېخى سۇغا چۈشۈپ يۇيۇنۇپمۇ قويىدۇ، يۇيۇنۇپ قالسا، ئاپتاپلىقتا بىر - ئىككى سائەت تۇتۇپ تۇرىمىز ياكى يەرگە قوندۇرۇپ قويساق ئۆزى پۈتۈن ئۈستىبېشىنى تۇمشۇقى بىلەن چوقۇپ - تاراپ ياغلىنىدۇ، تۈلەككە سالغاندا بولسا، ئىككى - ئۈچ مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى داسقا ياكى سۇ سىڭمەس ئورەككە سۇ قۇيۇپ قارچىغىنىڭ سۇ ئىچىشى ۋە يۇيۇنۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈش ئىنتايىن زۆرۈردۇر.

**قارچىغا قۇشلاش پەسلى:**

قارچىغىنى قۇشلاشتا ئاساسلىقى سوغۇق ھاۋارايىغا قارايمىز، 9 - ئاينىڭ 20 - كۈنىدىن 3 - ئاينىڭ ئاخىرىغىچە ئوبدان بېقىپ قۇشلاشقا بولىدۇ، 3 - ئايدىن باشلاپ

ھاۋا ئىللىشقا باشلايدۇ، بۇ ۋاقىتتا گۆشنى ئاز - ئازدىن
بېرىپ 4 - ئايغىچە قۇشلاپ، 4 - ئاي كىرىشى بىلەن پۇتە-
دىن باغلارنى ئاجرىتىپ تۆلەكخانىغا قويۇپ بېرىمىز، نې-
مىشقا تۆلەكخانىغا قويۇپ بېرىمىز دېگەندە:

بىرىنچىدىن، ئاپرېل ئېيىدىن باشلاپ ھاۋا ئىسسىپ
كېتىدۇ - دە، قارچىغا ئازراق ئۇچسىلا ئىسسىقتا ئاسان
ھېرىپ قالىدۇ.

ئىككىنچىدىن، بۇ ۋاقىتتا توشقانلار توپى بۆجەنلەش
ئۇچۇن قورساق كۆتۈرىدۇ. بالىسى بار، تۇغۇش ئالدىدا
تۇرغان بۇنداق توشقانلارنى ئوۋلاش «يامان بولىدۇ»،
ئەگەر ئوۋلىغان تەقدىردە ئۇنىڭ قىساسى كېلىپ جازاس-
نى تارتىدىغان ئىش بولىدۇ دەيدىغان كۆز قاراش بار.

ئۈچىنچىدىن، بۇ ۋاقىتتا بارلىق جانىۋارلار بىر - بى-
رىگە جۈپ تارتىشىپ كۈيلەيدۇ، جۈملىدىن قارچىغىمۇ
شۇنداق، ئەگەر بۇ ۋاقىتتا قارچىغىنى قۇشلاپ چىقساق
جان ئالسا ئالدى، ئالالمىسا ئاسمانغا بىر كۆتۈرۈلۈپ
يىراق - يىراقلارغا جۈپ ئىزدەپ ئۇچۇپ كېتىدۇ.

تۆتىنچىدىن، بۇ پەسىلدە قارچىغىلارمۇ خۇددى ئىن-
سانلار قىش پەسلىدە كىيگەن كىيىملىرىنى ئەتىياز پەسلىدە
تاشلىغانغا ئوخشاش تۈك ۋە پەي تاشلاشقا باشلايدۇ،
ئەگەر بۇ ۋاقىتتا تۆلەككە سالماي داۋاملىق قۇشلايمەن
دېسەك، قارچىغا پەي تاشلىغاندىن كېيىن توشقاننى دېگەن
يېرىدە ئالالمايدۇ ھەم شۇنداقلا يېتەلمەيدىغان ئەھۋاللار
كۆپرەك سادىر بولىدۇ، كونىلارنىڭ «قارچىغىنىڭ بىر تال
پېيى سۇنۇپ كەتسە ياكى كەم بولۇپ قالسا جان ئالالماي-
دۇ» دەيدىغان گەپ بار، شۇڭا قارچىغىنى قۇشلاش جەر-
يانىدا قارچىغىنىڭ بىرەر تال قۇيرۇق ياكى قانات پېيى
سۇنۇپ كەتسە، تۆلەك مەزگىلىدە تاشلىغان پەيلەر بىلەن
ئۆزئارا چېتىشتۇرۇپ ئۇلاش ئارقىلىق كەم ۋە سۇنۇق
پەينى ئەسلىدىكىدەك ئوڭشاپ جانىغا سالىمىز، ئەگەر
ئۇنداق قىلمىغاندا قارچىغا توشقانغا يېتەلمەيدۇ ياكى
يەتكەن تەقدىردىمۇ بېسىپ توختىتالمايدۇ، چۈنكى قارچى-
غا ئاساسلىقى قۇيرۇقىغا تايىنىپ تۇرۇپ توشقاننى باسىدۇ،
ئەگەر قۇيرۇق پېيىدىن بىر تال كەم بولۇپ قالسا ئېلىش
ۋە توختىتىش جەريانىدا كۆپ كۈچ سەرپ قىلىپ ئاسان
ھېرىپ قالىدۇ. قارچىغىنىڭ پېيى ئۇنىڭ پۇتى ۋە تىرناقلى-
رىدەك شۇنداق مۇھىم رول ئوينايدۇ، قارچىغىنىڭمۇ
بىرەر تال پېيى قايرىلىپ كەتسە ياكى سۇنۇپ كەتسە
ئۇنىڭ ئۇچۇش ۋە قونۇش سۈرئىتىگىمۇ بەلگىلىك تەسىر
كۆرسىتىدۇ. قارچىغا جاننى ئالغاندىن كېيىن قۇيرۇقىغا تا-
يىنىپ ئىزىدا توختىتىدۇ، ئەگەر بىر قۇيرۇق پېيىدىن بىر
تال كەم بولۇپ قالسا ياكى زەخىملەنگەن بولسا توشقاننى
توختىتالماي قالىدۇ - دە، بەزى يامان، سېمىز، بوي
بەرمەس توشقانلار قارچىغىنى سۇ ياكى ئەسكى شاخ -
شۇمبۇنىڭ ئارىسىغا سۆرەپ ئەكىرىپ قارچىغىنى ئۆلتۈ-
رۈپ قويىدۇ ياكى يارىلاندۇرىدۇ. شۇڭا قارچىغا توشقان-
نى ئالغاندىن كېيىن توشقاننى قارچىغىنىڭ قولىدىن ئاجرى-
تىپ بوغۇزلىغىلى بارغان ئوۋچى ئەڭ ئاۋۋال قارچىغىنىڭ
قۇيرۇقىنىڭ ئاستىغا تىزىنى قويۇپ، قارچىغا كۈچىگەندە
قۇيرۇقىنىڭ يەرگە قادىلىپ سۇنۇپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئې-
لىشى كېرەك.

**قارچىغىنىڭ ئەركەك بىلەن چىشىسى ۋە ئۇلارنىڭ ئالاھىدىلىكى:**



ئەركەك قارچىغىنىڭ بېشى يوغان كېلىدۇ، تەبىئىتى
سەل ھورۇن كېلىدۇ، قارچىغىنىڭ ئەركىكى ئوۋغا ھورۇن-
راق كېلىدۇ، چۈنكى ئەركەك قارچىغا تۇغۇلۇپ تاكى ئۇ-
چىدىغان ۋاقىتقىچە ئانىسىنىڭ ئەكىلىپ بەرگەن ئوزۇقىغا
تايىنىپ ھايات كەچۈرىدۇ، ئۇچۇرۇم بولغاندىن كېيىنمۇ
قورسىقىنى بىر تويغۇزۇۋالسا، بىرەر سالقىن جايغا كىرىپ
نەچچە كۈن ئولتۇرىدۇ. چىشى قارچىغىنىڭ بېشى سەل
كىچىك، تەبىئىتى ئوۋغا ماھىر كېلىدۇ، چىشى قارچىغا
ئۇچىرىغانلىكى ئوۋنىڭ بىرەرسىنىمۇ قاچۇرۇپ قويماي
شۇنداق چېۋەرلىك ۋە چاققانلىق بىلەن ئالىدۇ، چىشى
قارچىغىنىڭ بۇنداق ئوۋغا يارامىلىق بولۇشىدىكى سەۋەب،
بىرى بالا باققانلىقتىن، بىرى بالا بېقىش جەريانىدا تولا
ئوۋلاپ ئوۋ تەجرىبىسىنىڭ موللۇقىدىن، بۇلاردىن باشقا
چىشى قارچىغىنىڭ تارغاق ۋە بەللىرىدىكى كونا تۈكلەر
كۆپرەك بولىدۇ ياكى شۇ تۈكلەر ئالدىراپ چۈشمەيدۇ،
ئەركەك قارچىغا تۇخۇم بېسىش ۋە بالا بېقىش ئىشلىرىغا
ئاز قاتناشقانلىقتىن، ئۇنىڭ بەدەن قىسمىدا كونا تۈكلەر ئا-
ساسەن بولمايدۇ.

**تۆلەك پەسلىدىكى بېقىش:**

4 - ئايدىن تارتىپ 10 - ئايغىچە قارچىغىنىڭ پۇتىدى-
كى باغنى ئاجرىتىپ، قارچىغىنىڭ ئىككى پۇتىدىكى باش

(باسما بارماق) بارماقنىڭ ئۇچىدىن ئىككى سانتىدىن ئۈچ سانتىغىچە كېسۋېتىمىز. بۇ بارماقنى كېسۋەتسەك ئۆسۈپ ئىلمەك ياكى ھالقا شەكلىدە بولۇپ كېتىدۇ، جانغا سالغانغا جاننى ئالسمۇ باسما بارماقتىكى تىرنىقنى جانغا سانجىيالماي جاننى كونترول قىلالمايدۇ. تۇمشۇقنىڭ ئۇستىدىكى قىسمىنىڭ ئۇچىدىن ئازراق كېسۋېتىپ دوخماق قىلىپ قويىمىز، ئەگەر بۇنداق تۇمشۇقنى كېسۋەتمىسەك تۇمشۇقمۇ ئۆسۈپ ھالقا شەكلىدە بولۇپ قېلىپ ئوزۇقلىنىشى ياخشى بولماي قالىدۇ. بەزىلەر تۇمشۇقى بىلەن تىرنىقنى كېسۋېتىمىز دېسەك جاڭگالدىكى ياۋا قارچىغىلارنىڭ تۇمشۇقى بىلەن تىرنىقنى كىم كېسىپ قويىدۇ دەپ سورىشى مۇمكىن. ياۋا قارچىغىلا تاغ - ئېدىرلاردىكى ئۇچلۇق تاش ۋە سۆڭەكلەرنى تىرنىقىدا تاتىلاش ۋە چوقىلاش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ تۇمشۇق ۋە تىرناقلىرىنى ئۆزى ئالىدۇ، تۇلەك مەزگىلىدە قانداق گۆش بېرىپ باقساق بولىدۇ، ئەمما ياخشى تۆلتىش ئۇچۇن بىر كەپتەر گۆشى ياكى سېرىق قۇيرۇق (جاڭگالدا يۇرىدىغان چوڭ - كىچىكلىكى ھازىرقى كۆك چاشقانلارنىڭ چوڭلۇقىدا) گۆشى بېرىپ باقساق بولىدۇ. بۇ ئىككى خىل جانىۋارنىڭ گۆشىنى بېرىپ باققاندا، ھەممە پەيلىرىنى تاشلاپ ۋاقتىدا يېڭىدىن پارقىراق پەي قونۇپ خۇددى ياۋا قارچىغىدەك شۇنداق كۆركەم ۋە جەڭگىۋار ھالەتكە كېلىدۇ. كەپتەر گۆشى تاپالمىغاندا قوي گۆشىنىڭ قارا يېرىدىن بەرسەك بولىدۇ. ياغ ئارىلاش گۆش بولسا ياكى كونا گۆش بولسا بولمايدۇ. كۈندە 200 گىرام ئەتراپىدا گۆش بېرىمىز. تۇلەك مەزگىلىدە بىرەر كۈن ئاچ قويۇشقا قەتئىي بولمايدۇ، ئۇنداق بولسا قارچىغا ۋاقتىدا تۇلەكتىن چىقالمايدۇ، بۇ ۋاقىتتا ئامال بار تويغۇدەك ئىمكان بولسا ئالدىدىن گۆشى ئاشقىچە بېرىپ باقىمىز.

تۇلەكخانىنىڭ چوڭ - كىچىكلىكى ئادەتتە تۆت - بەش مېتىر ئۇزۇنلۇقتا، كەڭلىكى ئىككى - ئۈچ مېتىر بولسا بولىدۇ، ئېگىزلىكى ئىككى مېتىر ياكى ئىككى يېرىم مېتىر ئەتراپىدا بولىدۇ. تۇلەكخانا ئۆينىڭ ئۆگزىسىنىڭ ئوتتۇرىسىنى ئىككى - ئۈچ مېتىر كەڭلىكتە ئېچىۋېتىپ، ئېچىۋېتىلگەن بۇ يەرنى سىم تور بىلەن ياپىمىز، ئۇچار جانىۋارلار يۇمشاق، قۇم - تۇپراق ئۇستىدە پېتىلىنىشنى ياخشى كۆرىدىغان بولغاچ سىم توردىن كۈن نۇرى ئۇزاقراق چۈشىدىغان يەرگە بىر هارۋا قۇم ئەكىلىپ تۆكۈپ قويىمىز ھەمدە چوڭ بىر داسقا ياكى داس شەكلىدە سۇ سىڭمەس كۆلچەك ياساپ قارچىغىنىڭ سۇ ئىچىشى ۋە يۇيۇنۇشى ئۇچۇن سۇ قۇيۇپ قويىمىز، بۇ سۇنى كۈندە بىر قېتىم ئالماشتۇرۇپ تۇرۇشىمىز كېرەك. سىم تور بىرىنچىدىن، تۇلەكخانىنى يورۇقلۇق بىلەن تەمىنلەيدۇ؛ ئىككىنچىدىن، ساپ ھاۋا بىلەن تەمىنلەيدۇ. تۇلەكخانا قانچە كەڭرى ھەم چوڭ بولسا شۇنچە ياخشى، ئەمما تار بولۇپ قېلىشتىن ساقلىنىش كېرەك. تۇلەكخانىنىڭ سايە جايلىرىغا ۋە ئاپتاپ چۈشىدىغان جايلىرىغا مۇقىم قونداق ياساپ قويىمىز.

**ئوخشۇق بېرىش:**

قارچىغىنى تۇلەكتىن ئېلىپ ئوۋغا سېلىشتىن بۇرۇن توشقاننىڭ يەرگە دەسسەپ تۇرىدىغان تۆت پۇتىنىڭ تاپىنىدىن تېرىسىنى سويۇپ ئېلىپ ئۇششاق چاناپ توشقاننىڭ قارا گۆشى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ بېرىمىز. قارچىغا تېرە ئارىلاش بۇ گۆشلەرنى يەپ نەچچە كۈندىن كېيىن ھېلىقى ئۇششاق توغرالغان تېرىلەرگە قوشۇپ پوكۇندىكى ياغ ۋە سۆڭەك پارچىلىرىنىڭ ھەممىسىنى ياندۇرۇپ چىقىرىۋېتىدۇ، شۇنىڭدىن كېيىن قارچىغىنىڭ قورسىقى بەك ئېچىپ تۇرىدۇ، جانغا سالساق جاننى قاچۇرۇپ قويماي بەك ئالىدۇ.

**قارچىغىنىڭ تۈرلىرى ۋە ئالاھىدىلىكى:**

قارچىغا رەڭگىگە قاراپ ئاق بوز، قارا بوز ۋە قىزىل بوز دەپ ئۈچ خىل بولىدۇ. قارا بوز بىلەن قىزىل بوز دەسلەپ چىقارغان چۈجىلىرى بولۇپ بەدەن قۇرۇلۇشى چوڭ ۋە كۈچلۈك بولىدۇ. ئاق بوز قارا ۋە قىزىل بوزدىن كېيىن تۇخۇمدىن چىققان چۈجىسى بىلەن بەدىنى سەل كىچىكرەك بولىدۇ، ئاق بوزنى بىرەر يىل باققاندىن كېيىن ئاندىن رەسمىي ئوۋغا يارىغۇدەك ھالەتكە كېلىدۇ.

**بوز قارچىغا:** بۇ خىل قارچىغا ئاساسلىقى شۇ يىل ئۇچۇرما بولغان بالا قارچىغىلارنى كۆرسىتىدۇ، بۇ خىل قارچىغا ھاماقەت، گاللۋاڭراق كېلىدۇ، خۇددى 20 ياشلار چامىسىدىكى باللاردەك ئىش قىلىپ يۈرىدۇ. يەنى ئوۋغا بەك ماھىر ئەمەس، گاھ ئالالمايدۇ، گاھ ئالغاننى قويۇپ بېرىدۇ.

**بوزۇن تۇلەك:** بىر يىل ئۇچقاندىن كېيىن بىر قېتىم

تۈلەپ بوز كۆكۈش ھالەتتىكى قارچىغىنى كۆرسىتىدۇ، بۇ ھېسابتا بىر ياشلىق قارچىغىنى كۆرسىتىدۇ، بوزۇن تۈلەك 30 ياشلار چامىسىدىكى ياشلاردەك ناھايىتى جانلىق ۋە چاققان بولۇپ ئۇچرىغانلىكى ئوۋنى زايا كەتكۈزمەي ئالىدۇ، بۇنىڭ جانلىقلىقى ۋە ئالغۇرلۇقى كىشىنى ھەقىقەتەن سۆيۈندۈرىدۇ.

تاش تۈلەك: ئۈچۈپ ئىككى ـ ئۈچ يىل بولغاندىن كېيىن تۈلەپ تاشقا ئوخشاش كۆپكۆك ھالەتكە كەلگەن قارچىغىلارنى كۆرسىتىدۇ. تاش تۈلەك قارچىغىلار ئوتتۇرا ياش ۋە ياشانغانلارغا ئوخشاش ساختىپەز كېلىدۇ، جانغا بىر، ئىككى تېگىپ ئالسا ئالغانچە، ئالامىسا كەچتە بەربىر ئىگەم گۆش بېرىدىغۇ دېگەن ئىدىيەدە بولۇپ، جان باقتىلىق كويىدا يۈرىدۇ.

قارچىغا بەدەن شەكلى جەھەتتىن چوڭ قارچىغا، ئارا قارچىغا ۋە جۆرى قارچىغا دەپ ئۈچ خىل بولىدۇ. قارچىغا بىر ئۇۋىدا تۆتنى چىقىرىدۇ، تۆت بالىنى بېقىش جەريانىدا بەكرەك بېقىلغىنى چوڭ قارچىغا بولىدۇ. سەل بوشراق بېقىلغىنى ئارا قارچىغا بولىدۇ.. بۇنىڭدىنمۇ سەل بوشراق بېقىلغىنى جۆرى قارچىغا بولۇپ يېتىشىپ چىقىدۇ. قارچىغىنىڭ بىر ئۇۋىسىدىن ئاساسلىقى كۆپ بولغاندا ئۈچ، ئاز بولغاندا بىرسى ئۇچۇرما يېتىلىپ چىقىدۇ، تۆتنى ۋە ئۈچنى چىقارغان تەقدىردىمۇ ئۇلاردىن بىرىنى چوقۇم ھەرەپ كېتىدىغان ئىشلار بولۇپ قالىدۇ، يەنى قارچىغا باللىرى تۇخۇمدىن چىقىپ نەچچە كۈندىن كېيىن ئۇلارنىڭ ئۇۋىسى ئەتراپىدىكى گۆش ۋە قاننىڭ ھىدلىرىغا بىر توپ ھەرىلەر كېلىپ قونۇۋالىدۇ، گۆشنى ئانىسىنىڭ ئاغزىدىن ئىتتىك ئېلىپ يەۋالغان قارچىغا باللىرى دەرھال ھەرىدىن پاناھلىنىپ يىراققا بېرىۋالىدۇ، گۆشنى ئانىسىنىڭ ئاغزىدىن ئاستا ئېلىپ قالغان ياكى سەل گۆشكە تەلمۈرۈپ ھەرىگە سەل قارىغان قارچىغا باللىرىنى ھەرە چېقىپ يەپ كېتىدۇ، شۇ سەۋەبتىن يەرلىك ئوۋچىلار ئارىسىدا «ھەرە ئاز ئۇچقان يىلى قارچىغا كۆپ كېلىدۇ» دەيدىغان قاراش بار.

چوڭ قارچىغا ئىككى يېرىم ۋە ئۈچ كىلوگىرام ئەتراپىدا كېلىدۇ، بۇ رەسمىي يېتىلگەن قارچىغا دەپ قارىلىدۇ. بۇ ئاساسلىقى توشقان، قىرغاۋۇل ۋە ياۋا ئۆردەكلەرنىڭ مەيلى چوڭ، قېرىلىرى بولسۇن، ساختىپەز يامانلىرى بولسۇن، ئۇلارغا بىر تېگىش قىلىپ ئالالماي دۆڭ ۋە دەرەخلەرگە قونۇپ قالسىمۇ يەنە ناھايىتى چاققانلىق بىلەن قوزغىلىپ، 2 ـ ۋە 3 ـ قېتىم تېگىش قىلىپ ئالماي قويمايدۇ. بۇ خىل قارچىغىنىڭ كۆزىگە چېلىقىپ قالغان ئوۋنىڭ قېچىپ قۇتۇلالىشى مۇمكىن بولمايدۇ. ئارا قارچىغا ئىككى كىلوگىرام ئېغىرلىقتا بولىدۇ. بۇ قارچىغا توشقان ۋە قىرغاۋۇلنى: مەيلى يىراقتىن كۆرسۇن، مەيلى يېقىندىن كۆرسۇن، كۆرگەن ھامان ئۇلار ئورنىدىن قوزغىلىپ بولغۇچە ۋاقىت ئىچىدە ئېلىپ بولىدۇ.

جۆرى قارچىغا بۇ خىل قارچىغىمۇ ئىككى كىلوگىرام ئەتراپىدا بولىدۇ، ئىككى كىلوگىرامدىن ئېشىپ كەتمەيدۇ، بۇ خىل قارچىغا قىرغاۋۇل ۋە ياۋا ئۆردەك تۇتۇشقا ماھىر كېلىدۇ. توشقان تۇتۇشقىمۇ يارايدۇ، ئەمما بەزى يىراقتىكى توشقانلارغا يېتەلمەي قالىدىغان ئىشلار كۆپرەك سادىر بولۇپ قالىدۇ.

**قارچىغا تۇتۇش پەسلى:**

9 ـ ئايدىن باشلاپ 11 ـ ئاينىڭ ئاخىرىغىچە پەسىل قارچىغا تۇتىدىغان پەسىلدۇر، يەنى بۇ پەسىلدە ياز بىلەن كۈز ئالمىشىدىغان بولغاچ پۈتۈن ئۇچار قۇش يازلىق ئۇۋىسىدىن كۈزلۈك ۋە قىشلىق ئۇۋىسىغا يۆتكىلىدىغان كۆچۈش پەسلى بولغاچقا، بۇ پەسىلدە قارچىغا تۇتقۇچىلار مەخسۇس قارچىغا تۇتىدىغان تورلىرىنى قويۇق ئورمانلىق بىلەن قاپلانغان جاڭگاللىقلارنىڭ ئەتراپىغا تور قويۇپ قويىدۇ ھەمدە تورنى كۈندە ئەتىگەن ۋە كەچ تەرەپلەردە بىر ئىككى قېتىم يوقلاپ تۇرىدۇ، ئىمكان بار قارچىغىنى قۇشلايدىغان ئادەم تورنى ئۆزى يوقلايدۇ، بۇنداق بولۇشىدىكى سەۋەب، تورغا چۈشكەن قارچىغىنى قۇشلايدىغان ئادەم ئۆزى ئاجراتسا قارچىغا ئۇ ئادەمنىڭ قولىغا ئاسان كۆنىدۇ ـ دە، كېيىنچە قۇشلاش جەريانىدا بەزى ئوۋ ئالالماي دەرەخ ياكى دۆڭ ئۈستىگە قونۇۋالغان ئاستىدا توردىن دەسلەپتە بوشاتقان ئادەم قۇرۇق قول «گاھ، گاھ» دەپ ئۈندەپ بەرسە، ئۇ ئادەمنىڭ قولىغا كېلىپ قونىدۇ ياكى قۇشلاش جەريانىدا قارچىغا بىر نەرسىدىن ئۈركۈپ كېتىپ ياكى بولمىسا بەزى ياۋايى جانلىقلارنى قوغلاپ بەك يىراقلارغا كېتىپ، ئۇ جانلىقلارنى ئالالماي يىراقلارغا كەتكەندە باشقا ئادەملەر قولىغا گۆش ئېلىپ «گاھ، گاھ» دەپ ئۈندىسە ئۇلارنىڭ قولىغا

چۈشمەي جىم تۇرۇۋالىدۇ، ئەمما توردىن ئاجراتقان ئادەمنى يىراقتىن كۆرسە، ئۆزى ئۇچۇپ كېلىپ شۇ ئادەمنىڭ قولىغا قونىدۇ ياكى ئۇ ئادەم قۇرۇق قول «گاھ، گاھ» دەپ ئۈندەپ بەرسە ئۇ ئادەمنى تونۇپ ئاسانلا قولىغا قونىدۇ.

**قارچىغا تۇتىدىغان تور ۋە ئۇنىڭ قويۇلۇشى:**

قارچىغا تۇتىدىغان تورنىڭ ئېگىزلىكى ئىككى مېتىر بولىدۇ، كەڭلىكى (يۇملاق بولىدۇ) ئۈچ مېتىر بولىدۇ. تورنىڭ ئاستى كەڭ بولىدۇ. ئۈستى ئادەمنىڭ بېشى پاتقۇچىلىك ھالەتتە بولىدۇ، تورنى تۆت تال قومۇشنى تۈۋرۈك قىلغان ئاساستا تىكلەپ، تورنىڭ ئىچىگە ئاق ياكى قارا رەڭلىك كەپتەردىن بىرنى باغلاپ قويۇپ قويىمىز، تورنى قومۇش بىلەن سېلىشىمىزدىكى سەۋەب، بىر قارچىغىنىڭ كۆزىنى بوياپ ئۇنىڭ بايقاپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، يەنە بىرى قارچىغا تورغا تەگكەن ھامان تورنىڭ دەل ۋاقتىدا يىقىلىپ، قارچىغىنىڭ تورغا پۈلىشنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش ئۈچۈن، ئاق ۋە قارا كەپتەرنى باغلاشتىكى سەۋەب قارچىغىنىڭ كۆزىگە ئاسان چېلىقىشى ئۈچۈن، تورغا كەپتەرگە باغلىغاندا بەك يامان كەپتەرلەرنى باغلاشتىن ئېھتىيات قىلىش كېرەك. بەك يامان كەپتەرلەرنى باغلىغاندا بۇ كەپتەرلەر دان يېگىلى ۋە سۇ ئىچكىلى ئۇنىماي ھەدېسە پالاقشىپ تورغا يامىشىپ ئۆلىدىغان ياكى ئاچلىقتىن ئۆلىدىغان ئىشلار بولۇپ قالدۇ، شۇڭا تورغا ياۋاشراق، قورساقلا ئامراق كەپتەرلەرنى باغلاش لازىم. تورنى ئاساسلىقى ئەتراپى ئورمانلىق بىلەن قاپلانغان جاڭگاللارنىڭ ئەتراپىدىكى بەك ئېگىزمۇ ئەمەس، بەك تۆۋەنمۇ ئەمەس، ئۈستىگە ئادەمنىڭ تىزىغا كەلگۈچىلىك يۇلغۇن ياكى يانتاق ئۈنگەن ئارالار ئەتراپىدىكى دۆڭلۈكنىڭ ئۈستىنى تور سالىدىغان يەرنى پاك - پاكىز ۋە تۈپتۈز تۈزلەپ سالىمىز، تورنىڭ ئەتراپىغا چوقۇم يانتاق ياكى يۇلغۇنلارنى قويىمىز، چۈنكى قارچىغا ئۆزىنى تورغا ئۇرۇپ ئىلىشقاندا تورنى سۆرەپ ماڭىدۇ، ئەگەر ئۇ ۋاقىتتا تور ئەتراپتىكى يانتاق ۋە يۇلغۇنلارغا ئىلاشمىسا قارچىغا بەك كۆچەپ تورغا تېخىمۇ بەك قامالىپ ئۆلۈپ قېلىشىمۇ مۇمكىن، يەنە بىرسى توردىكى كەپتەرنى مۇلۇن قاتارلىق ياۋايى ھايۋانلارنىڭ يەپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن تورنىڭ ئەتراپىدىكى (مەلۇم بىر يوچۇققا قاپقان قۇرۇپ قويىمىز، تورنى بەك تۈپتۈز ئېگىزگىمۇ سېلىشقىمۇ بولمايدۇ، چۈنكى تۈپتۈز كەتكەن ئېگىزگە سالغاندا كېچىسى جان ئىزدەپ ئۇچىدىغان سېرىق قوش قاتارلىق جانۋارلار توردىكى كەپتەرنى يەپ كېتىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن تورنى ئامال بار تۆت ئەتراپى ئادەمنىڭ بېلىگە كەلگۈدەك ئېگىزلىكتە ئۆسكەن يۇلغۇنلۇق بار نورمال دۆڭلەرگە سالغان ياخشى.

**قارچىغىنىڭ ئۆزگىچە ئالاھىدىلىكى:**

بىرى ئۆزى ئۆز قولى بىلەن تۇتۇپ ئۆلتۈرمىگەن جانۋارنىڭ گۆشىدىن قەتئىي يېمەيدۇ، ئەگەر بۈگۈن تۇتۇپ يېگەن تاپسىنىڭ گۆشى ئېشىپ قېلىپ ئەتىگىچە كەتكەن بولسا، ئەتىسى كەلگەندە شۇ تاپنىڭ گۆشى ئەزىدا تۇرغان بولسا يەيدۇ، ئەگەر ئازراقلا يۆتكىلىپ كەتكەن بولسا ئاچلىقتىن ئۆلۈشكە رازى، ئۇ يۆتكەلگەن ياكى باشقىلاردىن ئېشىپ قالغان تاپ گۆشنى قەتئىي يېمەيدۇ. يەنە بىرى بىر كەپتەر ياكى توخۇنى ئېلىپ، مەلۇم بىر ئېتىزلىق ياكى ئورمان بويىغا ئاپىرىپ بىر ئىككىنى چوقۇغاندا توساتتىن بىر ئادەم كېلىپ شۇ كەپتەر ياكى توخۇنى بىر، ئىككى مېتىر نېرىغا يۆتكەپ قويسا، شۇ يۆتكەپ قويغان جايغا بېرىپ ھەرگىز يېمەيدۇ، ئەمما شۇ توخۇ ياكى كەپتەرنى ئىزىدىن مىدىرلاتماي تور سېلىپ قويۇپ بىرەر 100 مېتىر يىراققا كېتىش بىلەن شۇ ئولجىنى يەيمەن دەپ تورغا چۈشۈپ قالىدۇ. قارچىغا ئۇچار قاناتلىق جانۋارلارنىڭ كۆپىنچىسىگە تېگىش قىلىپ تۇتۇپ يەيدۇ، ئەمما قاغىنىڭ گۆشى سېسىق بولغاچقىمۇ ياكى قاغا گۆشنى ياقتۇرمامدۇ قانداق قاغىغا تېگىش قىلمايدۇ، قاغا ھەرقانچە ئاچچىقىنى كەلتۈرگەن تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭ گۆشنى ياقتۇرمىغاچقا ئۇنىڭ جېنىغا زامىن بولمايدۇ، قارچىغا قاغىنى كۆرۈپ ئالمىغاندىكىن قاغىلار قارچىغىنى كۆرگەن ھامان ۋارقىرىشىپ قارچىغىنىڭ كەينىدىن قوغلاپ يۈرىيدۇ، قارچىغا تورغا چۈشۈپ قالسىمۇ، شۇ قارچىغىنى توردىن ئاجراتقۇچە بىر توپ قاغىلار كەچكىچە ۋارقىرىشىپ قارچىغىنىڭ بېشىدا ئايلىنىپ ئۇچۇپ يۈرۈشىدۇ.

ئېيتىپ بەرگۈچىلەر: يوپۇرغا ناھىيە بايئاۋات يېزا گۈلباغ كەنتىدىن ياسىن مۇھەممەد، يۇسۇپ مۇھەممەد، ئابدۇغوپۇر ئابدۇرېھىم قاتارلىقلار

خاتىرىلىگۈچى: ئابدۇغېنى توختى توغرۇلتېكىن

(ئاپتور: شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئەدەبىيات ئىنستىتۇتىنىڭ ماگىستىر ئاسپىرانتى)




ئەۋۋەلدىن قاغان ئىكەن —
ئاشىققا قاراپ تۇرماق،
كېلىڭ يارىم ئوينايلى —
ھەددىمۇ، ماراپ تۇرماق؟!

ئىشىك ئاقسىدا تۇرۇپ،
يوچۇقىدىن قارايدىكەن،
خوتۇنۇم قوشنىسى تولا
كۈندىلا مارايدىكەن.

ئۆگزىدە كېتىپ بېرىپ
ئىشارەت قىلاي تۈڭلۈكىدىن،
ياخشىلىققا كىرمىگەن
ئوغۇل بالا ئۆزلۈكىدىن.

ئاشىق بولغان يىگىتلا
پىچاقىڭغا بوي بەرمەس.
قولىغا پىچاق ئالغان
ئوغۇل باللىق ئەمەس.

ئۆگزىدىكى قومۇشنى
مەن دەسسەپ ئۆتەمەنمۇ
كۆڭلۈمدىكى يار بىلەن
بىر كېچە ياتامەنمۇ؟

ئاق قۇشقاچ ھارامزادە
شىكەر بەسە سايرايدۇ،
شۇكەمنىڭ جۇگۇئانلارى
ئاقچا بەرسە قارايدۇ.

ئاھ يارىم تاڭلا كېلىڭ
تاڭ يورۇغاندا كېلىڭ،
ئۆزۈم ئويماندا تۇرىمەن
ئالمالىق باغقا كېلىڭ.

ئېگىز ئۆيەڭ بېشىدا
يېتىپ ئىدىم يالانغاچ،
قار بىلەن يامغۇر ياغدى
جان يارىمنىڭ قارنى ئاچ.

ئاھ يارىم قارارىم يوق
تال ئىچىدە بەختىم يوق.
نەچچە بارسام ئەيتمىدى
بالدۇر كېلىسىز ۋاقتىم يوق.

ئېگىز تاققا چىقتىم مەن
يول تېپىپ چۈشەلمىدىم
چىرايىڭغا كۆيدۈم مەن
ئاھىڭغا يېتەلمىدىم.

ئاسماندىن ئالاي ئاينى
قوينۇمغا سالاي يارنى،
جان باخ-باخ ئېتەي يارنى
ئېچىلسۇن ئىچى-قارنى.

ئېگىز دۆڭگە ئۆي سالدىم
شامال چىقسا، دالدا دەپ
ئارزۇلاپ سېنى سۆيدۇم
قىز-جۇگاننىڭ ئالدى دەپ

ئاسماندا ئۇچۇپ ئۆتكەن
بىر يالغۇز قارا قارغا،
بارساڭلا سالام دەڭلا
بىزنى سورىغان يارغا.

ئالتە شەدە بامىكەن
سەن يارىمدەك ئاي چىراي
ئىلاندەك تولغىنىپ چىقسالىڭ
قانداق سەندىن ئايرىلاي

ئالتۇن بىلەن رەھانى
يارىمغا تۇتاي دەيمەن،
مەن بولسام خېرىدارى
قەن بىلەن يۇتاي دەيمەن.

ئاسماندىكى لاچىننىڭ
باشىدا تۇماچاسى
بىر سۆيۈپ قويۇڭ يارىم
جانىڭنىڭ ساداغاسى.

ئون ئىككى ياشىدا دەيدۇ
ئوق ئىلانغا ئوخشايدۇ.
قول سېلىپ چىقىپ كەلسە،
مېنىڭ يارىمغا ئوخشايدۇ.

باغىڭنىڭ ئىچى سايە
ئەتراپى ئېنىڭ گۈلدۇر،
گۈل سايەسىدا ئولتۇرغان
لەبلەرى قىزىل گۈلدۇر.

بۇلبۇل بولۇپ سايرايمەن
هويلاڭدا تىرەكلەردە،
ئىلان بولۇپ ئېغنايمەن
مەيدەڭدە-زۇرەكلەردە.

بۇ كوچا ئۇزۇن كوچا
تولىغا سۆزەتمەڭلا،
قىزى بىلەن ئوينايمەن
ئاتىسىغا ئەيتمەڭلا.

بۇلبۇل سارىماس بولدى
قىزىل گۈل ئاچىلماس بولدى
دۈشمەن سۆزىگە كىرىپ
يارىم قاراماس بولدى.

بارالى دېمەيمدىڭ
يانالى دېمەيمدىڭ
شەرتىڭىز قىزىل ئالما
چىشلەشىپ يېمەيمدىڭ.

بىۋەفا ئىكەندىرسەن
كۆپ جاپا ئىكەندىرسەن.
سېنى ئارىلماسمەن دەپ ئەردىم
ئارىلغان ئىكەندىرسەن.

بۇ ئالەمگە كېلىپ بابقان
مېنىڭ مېھرىبانىم سەن.
كۆزۈمنىڭ روشەندۇرسەن
كۆڭۈل ئارامى جانىم سەن

بىلمىنى باغلاپ تۇرۇپ
خىيالىمغا سەن كەلدىڭ،
دەردىڭ بولسا ئېيت يارىم !
مۇڭداشقىلى مەن كەلدىم.

باغچىغا كىرىپ يارىم
تولۇ غوراڭنى يەپتىمەن،
كۆڭلۈڭگە ئېغىر ئالما
فەھىم قىمماي دەپتىمەن.

باغچىغا كىرىپ ئالدىم
شاپتۇلىنى يەپ ئالدىم،
ئوينامسالڭ ئوينىما
مەن سەندەك كۆڭۈل ئالدىم.

باغچىغا كىرىپ باقسام
ئۈرۈكلۈك ھەجەب شاخلىق،
چۈشۈمگە كىرىپ قاپسەن
قارا كۆز-تىلى تاتلىق.

باغچىدىكى تاللانى
خامان ھەيدىسا لازىم.
ئۇنايمەن دەپ ئېيتساڭچۇ،
مەن ساڭا قىلاي تازىم.

باغچىغا كىرىۋالىپ
ئۈرۈك ئەغتاي يارىم،
ناخشامغا قوشۇپ ئېلىپ
سېنى ژىغلىتاي يارىم

بۇ يەرلەر ھەجەپ يەرلەر
خامان ھەيدىسە لازىم،
ئاق سارايدا ئولتۇرغان
سۇمبۇرلۇق مېنىڭ يارىم.

باغچىغا كىرىپ كۆردۈم
ئالماڭ مەيىسگىدەك بوپتۇ،
كىچىككىنە شول يارىم
ئېلىپ قاچقىدەك بوپتۇ.

باققا كىرىپ ئالما يەڭ
باغنىڭ ئالماسى بىزنىڭ.
سەن يارىمغا كۆڭۈل بەرسەڭ
جاندىن ئۆزگەسى سىزنىڭ.

بېلىڭىزنى باغلايسىز
تۆگمەڭىزنى ئەتمەيسىز،
باشىمىزغا كۈن چۈشىدى
ھالىمىزغا يەتمەيسىز.

بىۋاپا ئىكەن يارىم
كۆپ جاپانى كىم بىلدى،
ئاخىرى جۇدالىق ئىكەن
ئايرىلانى كىم بىلدى.

باغچىدا گۈللۈك بولسام،
باشىڭدا كوكۇلاڭ بولسام،
باققا سۇغا كىرگەندە
بىلەكىڭدە سۇ بولسام.

بۈگۈن كېچە چۈش كۆرسەم
چۈشۈمدە مەيدەم ئاغرىپتۇ،
يار مەندىن يامانلاپتۇ
نىمەدەن كۆڭلى ئاغرىپتۇ.

بۇلبۇل قوندىمۇ باغچىغا،
مېنى كۆيدۈرمە داغچىغا !
ئەتلەس كەمزەل ياراشىپتۇ
سېنىڭ نازۇك جامالىڭغا.

ئىشىكىڭگە چىقىپ سەن
سەن كۆزۈڭنى ئويناتىپ
سېنىڭ بىر خىيالىڭ با
مەن غېرىپنى ژىغلاتىپ.

ئۆي ئالدىدىكى سۆگەتنىڭ
سايەسى بولامدىكەن،
يارغا كۆيگەن ژۈرەكنىڭ
تازاسى بولامدىكەن.

ئۇچاقىدىكى پەشمەتنى
بىر ژىللىق بولا دەمسەن
كۆڭلۈمدىكى يارىمسەن
ئايرىلسا، ئۆلەر دەمسەن.

ئاق بوزئاتنىڭ قۇيرۇغى
يەگە سۆرىلەمدىكەن،
ئۆزەمنىڭ يارى بولسا،
باشمدىن ئۆت كېلەمدىكەن،

ئاتمنى توقۇپ قويۇپ
ئاتنى مەندىم قايرىلدىم
دۈشمەن سۆزىگە كىرىپ
مەن يارىمدىن ئايرىلدىم.

ئاتمنى توقۇپ قويدۇم،
شوۋۇرغان يامان قاردا
باشمغا هەر بالا كەلسە
خيالىم تېخى سەن ياردا.

ئىچمەككە هاراق ئاچچىق
ئىچكەندىن كېيىن تاتلىق،
ئەغزىدا ناۋات بارمۇ
سۆيمەككە جۇۋان تاتلىق.

ئىشىكىدە ئانا بىر گۈل
ئات باغلاپتۇ مىرزا قۇل،
ياماندىن يامانلاپتۇ
مەن يارىمغا ناماقۇل

ئالمانىڭ شاخى تولا
جىنەستەنىڭ بەرگى تولا،
يار تۇتقان ژىگىتلەرنىڭ
ئىچىدە دەردى تولا.

ئۆيدەن ئاتلانىپ چىقىپ
كىردىم يەڭگىنىنا ئىزغا،
مەن يارىمنى بەرمەسمەن
ئۇن بەش ياشدىكى قىزغا.

ئۇن بەش ياشدىكى قىزلا
ئۇسما قويۇپ ئوينايدۇ،
قارا كۆزنىڭ قويندا
بىلىق بولۇپ سويلايدۇ.

ئويمان باي توقاي سازى
ئۆردەكتىن تولا غازى،
كىچىككىنە يارىم بار
ئۆلتۈردى ئىنىڭ نازى.

ئۆزەم قارچغا بوسام
ئىلىندۇ ساڭچۇ تورۇڭغا،
تەلپۈنسەم بىلەكىڭدە
مېنى ئالساڭچۇ قولۇڭغا.

تاققا چقتىم ئارادا
يېنىپ چۈشتۈم پىيادە،
كىچىككىنە يارىم بار
قىزىل گۈلدىن زىيادە.

تام تۈۋىدە ئولتۇرۇپ
تام باسدىمۇ يار سېنى،
چىرايىڭ ساغرىپ قاپتۇ
غەم باسدىمۇ يار سېنى.

چەككۈم كەلسە تاماكا،
سيلاپ قويۇمەن يانىنى،
مېنى دىسەڭ سەن يارىم
سادىغا قىلاي جاننى.

ئورۇق ئاتقا تورۇق بار
ئاق بوز ئاتدا قۇيرۇق بار،
سۆيسەڭ ياخشىنى سۆيگىن
قيامەتدە سوراغ بار.

تۇڭلۇكتىن قاراپ باقسام
يارىم تولغىنىپ ياتدى،
ئايرىلىپ كېتەي دىسەم
دەردىمنى تولا تاتدى.

سەھەردە سايرىغان بۇلبۇل
كۆكۈلنىڭ زېھنىنى ئاچدى،
ئاچىلغان قىزىل گۈلنى
يار قۇلاقىغا قىسدى.

سەھەردە سايرىغان بۇلبۇل
خۇداغا نالە ئەيلەيدۇ،
نادانغا كۆڭۈل بەرمەڭ
ئۇنىڭ پايبويى كەلمەيدۇ.

سايرا بۇلبۇلۇم سايرا!
قىزىل گۈلنىڭ شاخى سۇنسۇن،
يار ئايرىلىمەن دەيدۇ
ئايرىلىپ كۆڭۈل تىنسۇن.

سەن مېنىڭ نىگاھىمسەن
بوينۇمدا تۇمارىم سەن،
قارانغۇ كېچەلەردە
ياندۇرغان چىراغىمسەن.

سۇ بولسا، سۇزۇك بولسا،
ئېرىقدا ئېقىتىپ تۇرسا،
ھاشىق بىلەن مەشۇقلار
يان قوشنا يېقىن بولسا.

سېنىڭدەك نازىنىن قىزلار
كەممىگەندۇ ئالەمگە،
ھەممە قىزلاردىن ئارتۇق
يېتەر شىرىن جانىم سەن.

سارەخان قىزىل گۈلدەك
بىز ئىشقىدا بۇلبۇلدەك،
سارىخان كۈلۈپ قويسا
خىزمىتىدە بىز قولدەك.

ساراخان تىلى تاتلىق
ھەجەپ كۆڭلىدە قاتتىق،

ئىشىگىدەن چىقمايدۇ
مەن كەلسەم كېچە ئاتلىق.

سارىخان كىچىك باشلىق
ئاي يۈزلۈك، قارا قاشلىق،
ئىشىككە چىقارمايدۇ —
ئاتا- ئانىسىدان باشلىق.

سېرىغ چېچەك سەبدە بار،
سىزدەك جۇگان نەدە بار.
سىزدەك جۇگاننى سۆيسەك —
قىيامەتدە پايدا بار.

سىز مېنى كىچىك دېمەڭ
سوكەپ سوكمەن سىزنى،
ھەرقانچە كىچىك بولسام
ئۇتقا سالىمەن سىزنى.

سەن بارساڭ بېرىپ تۇرغىن —
ئارقاڭدىن يېتىشەرمەن،
يامان ئېرىقدىن قوقساڭ —
خالىدا تېپىشارمەن.

سېنىڭ ئوتى- پىراقىڭدا —
بوغزىمدىن غىزا ئۆتمەس،
بىر ژىل بولدى كۆيگەلى —
كۆيگەن ئوت ساڭا يەتمەس.

سېغىنغان بىلەن يارنى
ئات تەپىلمىسا مىگەلى،
ئات بولسا كۆرەر ئىدىم
بەرىپ قارا قاشىمنى.

سېنىڭ دەردىڭدە ئاسام ئات
ئاتنىڭ بىر خۇيى يامان يات،
يارغا يەتكۈزەرمۇ پات
كۆرسەم باغرى تاشىمنى.

پىچاقنى سالاي دېسەم ـــ
يارىم قولۇمنى تۇتتى،
ئىككى قاشنى ئاتىپ
مېنىڭ كۆڭلۈمنى ئۇتتى

خوپ ياخشى ئېلى شەرى
يارنىڭ بارمدۇر مەشوقى،
مەن ئەمدى بىلەلمەسمەن
يارىغا باراشمنى

خالىق بىزگە جاپا قىلدى
دىلبەردىن جۇدا قىلدى،
نازىم تولا «ئاھ» قىلدى ـــ
كۆرەلمەي ئاداشمنى.

ختاي قامچىسى دەيدۇ ـــ
ئوق ئىلانغا ئوخشايدۇ،
قول سىلىپ چىقىپ كەلسە
مېنىڭ يارىمغا ئوخشايدۇ.

جان دوستۇم جىنىم دوستۇم
خويما كەلدىڭ يانىمغا،
ياردەردى مۇنداق بولسا
دورا يەي بۇ جانىمغا.

جان ئىچىدە جانان قىز
جانغا ئوتنى ياققان قىز،
قاشلارى قەلەم قاشدەك
چاچلارى يامان قىز.

جۇلۇقاينىڭ يولىدا
يانتاقلىق ئوتۇن ئىكەن،
بىزنى مۇنچە كۆيدۈرگەن
قاراقاش خوتۇن ئىكەن.

چېچەك نېمە ئۆسمەيدۇ
تارىمايسە ئۆسمەيدۇ،
يارىڭ نېمە كەلمەيدۇ
چىرلامايسە كەلمەيدۇ.

چۆللە ئىچىدە ژۇسەك
ئىككىمىز بولۇپمىز مەس،
سەنەمگە بارىپ تەغدا
ژۇرەكمنى كۆرسەتسەم.

چىلان باغقا كىرمەيمەن
چىلان باغدا ئىلان بار
يار قەشغا بارمايمەن
يارنىڭ بۆلەك يارى بار.

هاۋانىڭ مانانلارى
زۇلفىنىڭ جۇگانلارى،
سۇ دېسەم هاراق بەرگەن
شۇكەمنىڭ جۇگانلىرى.

هاۋادىكى بوزتوغاي
سايرامسە نە بولغاي،
كىچىككىنە يارىمنى
قىيامسا نە بولغاي.

هاۋا۔ هاۋادىن ئاشدى
بۇلۇت هاۋادىن ئاشدى،
قىزغا مەيلىم بار ئىدى
جۇگان قويىننى ئاشدى.

هاۋاما هاۋامدى
قار، يامغۇر ياغامدى،
قىز ئۇچۇن ژىگىت ئۆلمەك ـــ
شەرىئەتدە راۋامدى.

هەسرەتلىك كۆڭۈل ئىچرە
بىر ئاپىدا جان كەلدى،
قاشلارى قەلەم قاشدەك
چاچلارى كامال كەلدى.

تەييارلىغۇچى: مۇختار مۇھەممەد

# مەلىكە گۈلسۇرۇخ ۋە پەرىزات رىنات



ئۆتكەنكى زاماندا يەمەن پادىشاسىنىڭ مەلىكە گۈلسۇرۇخ ئىسىملىك چىرايلىق بىر مەلىكىسى بولۇپ، ئۇنىڭ ھۆسن-جامالىدىن ئايمۇ خىجىل ئىكەن، گۈزەللىكتە تەڭدىشى يوق ئىكەن. پادىشاھ قىزىغا تولىمۇ ئامراق ئىكەن، قىزىنى ھەر جەھەتتىن كامالەتكە يەتكۈزۈش ئۈچۈن ھەيۋەتلىك بىر چارباغ بىنا قىلدۇرۇپ، قىزىنى چارباغقا ئورۇنلاشتۇرۇپتۇ. قىزىغا 40 نەپەر ساھىبجامال كېنىزەك ھەمراھ ئىكەن. مەلىكە ئويۇن-تاماشا، نەغمە-ناۋا ۋە ئىلىم-ھېكمەت بىلەن يىللارنى ئۆتكۈزۈپ بويىغا يېتىپتۇ. مەلىكىنىڭ سەۋرىدەك قامىتى، گۈزەل ھۆسنىنىڭ داڭقى قوشنا ئەللەرگە پۇر كېتىپتۇ.

مەلىكە گۈلسۇرۇخ سازەندىلەر ئارىسىدىكى چېۋەر، چاققان، خۇزۇرى دېگەن يىگىتكە ئاشىق بولۇپ قاپتۇ. كۆڭۈللەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن يىگىتنىڭ ئىشقى پىراقىدا ئۆرتىنىشكە باشلاپتۇ. مەلىكە گۈلسۇرۇخ ئۆز مەقسىتىنى خۇزۇرىگە ئېيتىش ئۈچۈن بىر كېنىزەكنى ئەۋەتىپ، ئۇنى چاقىرتىپ كەپتۇ ۋە ئۆز مەقسىتىنى ئېيتىپتۇ، ئارىدىن بىر قانچە زامانلار ئۆتۈپتۇ. ئۇلارنىڭ بۇ ئىشى پادىشاھنىڭ قۇلىقىغا يېتىپتۇ. پادىشاھنىڭ ئاچچىقى

كېلىپ خۇزۇرنى ئۆلتۈرۈشكە پەرمان قىپتۇ. ئاتىسىنىڭ پەرمانىنى ئاڭلىغان مەلىكە خۇزۇرنىڭ يۇرتىنى تاشلاپ باشقا يۇرتلارغا قېچىپ كېتىش تەلىپىنى قويۇپتۇ. خۇزۇردىمۇ مەلىكىنىڭ سۆزىگە قوشۇلۇپتۇ. مەلىكە تۈن نىسپى بولغاندا ئىككى ئاتنى ئېلىپ، ئوردىنىڭ ئارقا تېمىغا كېلىپ ساقلاپ تۇرۇشنى خۇزۇرغا ئېيتىپتۇ. خۇزۇرى مەلىكە گۈلسۇرۇختىن خۇرسەن بولۇپ، قېچىشنىڭ تەييارلىقىغا كىرىشىپ كېتىپتۇ.

پادىشاھنىڭ ماللىرىنى باقىدىغان تاقىم ئىسىملىك بىر پادىچى بار ئىكەن، پادىچى كېچىسى ئۇخلاپ بىر چۈش كۆرۈپتۇ، چۈشىدە ئاينى بوينىدا، كۈننى قوينىدا كۆرۈپتۇ. ئويغىنىپ چۈشىنى تەھلىل قىپتۇ. ئۈنىڭغىچە ماللارنى باقىدىغان ۋاقىت ئۆتۈپ كېتىپتۇ. پادىچىنىڭ ئىشقا كېچىكىپ قالغانلىقىنى كۆرگەن پادىشاھ:

— ئى تاز، نېمە ئۈچۈن كېچىكىپ قالدىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئەي پادىشاھى ئالەم، قۇللىرىنى كەچۈرگەيلا، كېچىدە بىر چۈش كۆرگەنىدىم، ئاشۇ چۈشۈمنى تەھلىل قىلىمەن دەپ كېچىكىپ قالدىم.

— كۆرگەن چۈشۈڭنى ئېيت، مەن ئاڭلاپ باقاي.

— ئاينى بوينۇمدا، كۈننى قوينۇمدا چۈشەپتىمەن شاھىم، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ مالچى. پادىشاھ مالچىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ كۆرگەن چۈشىنىڭ تېگىگە يېتىپتۇ ۋە بۇ خاسىيەتلىك چۈشنى سېتىۋالماقچى بولۇپ:

— چۈشۈڭنى ساتامسەن؟ — دەپ سوراپتۇ مالچىدىن.

— چۈشنى ئالىدىغان ئىشلىرى بولسا ئەلۋەتتە ساتاي.

— قانچە تەڭگىگە ساتىسەن؟

— ئۆزلىرى نېمە دېسىلە شۇ بولسۇن پادىشاھىم.

— قوتاندىكى بارلىق مال-ۋارانلىرىمغا سېتىۋالسام رازى بولامسەن؟

— جېنىم بىلەن رازى بولىمەن پادىشاھى ئالەم، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ مالچى خۇرسەنلىك بىلەن. پادىشاھ مالچىنىڭ چۈشىنى سېتىۋاپتۇ.

مالچى خۇشال بولۇپ پادىشاھنىڭ ماللىرىنى ھەيدەپ يايلاققا ئېلىپ كېتىپتۇ. بىراق ماللار پەقەت ئوت يېگىلى ئۇنىماپتۇ. مالچى ماللارغا ئوت يېگۈزۈشنىڭ ئامالىنى قىلالماپتۇ. كۆرگەن خاسىيەتلىك چۈشنى پادىشاھقا سېتىپ بېرىۋەتكەنلىكىگە پۇشايمان قىپتۇ ۋە چۈشنى قايتۇرۇۋېلىش ئۈچۈن ماللارنى ھەيدەپ پادىشاھنىڭ ئوردىسىغا كەپتۇ. مالچىنى كۆرگەن پادىشاھ:

— سېنى رازى قىلىپ يولغا سالغانىدىم، ماللارنى ئالدىڭغا سېلىپ كەپسۇنغۇ، — دەپ سوراپتۇ.

— سىلىگە ساتقان خىسلەتلىك چۈشۈمنى قايتۇرۇۋالغىلى كەلدىم، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ مالچى. پادىشاھ چۈشنى قايتۇرۇپ بېرىشكە كۆزى قىيماي مالچىنى ئوردىدىن قوغلاپ چىقىرىپتۇ.

بىر كەلىمە سۆزنى مەلىكە گۈلسۇرۇختىن ئاڭلايلى.

مەلىكە گۈلسۇرۇخ سازەندە خۇزۇرغا قىلغان ۋەدىسىگە بىنائەن ئىككى بوغجۇمغا قىممەت باھالىق ماللارنى، زىبۇ-زىننەت، كىيىم-كېچەكلەرنى قاچىلاپ تۈن نىسپى بولغاندا دېيىشىپ قويغان جايغا بېرىپ، بوغجۇمنى يەرگە تاشلاپتۇ. دەل شۇ ۋاقىتتا مالچى ئوردىنىڭ كەينىدىن ئۆتۈپ كېتىپ بارغانىكەن، ئوردا تېمى ئۈستىدىن ئىككى بوغجىما يەرگە چۈشۈپتۇ. بېرىپ قارىسا بىر كىشى ئىككى ئاتنىڭ تىزگىنىنى پۇتىغا باغلاپ قويۇپ ئۇخلاپ ياتقانىكەن. مەلىكە گۈلسۇرۇخ مالچىنى خۇزۇرى ئوخشايدۇ دەپ پەملەپ، مېنى يەرگە چۈشۈرۈڭ دەپتۇ. مالچى مەلىكە گۈلسۇرۇخنى تامدىن چۈشۈرۈپ بىر ئاتقا مىندۈرۈپتۇ ۋە مەلىكىنىڭ ئىككى بوغجۇما كىيىم-كېچەك، گۆھەر-تەڭگىلىرىنى، گۆھەر تۈغدىغان سۇلايمان توخۇسىنى بىر ئاتقا يۈكلەپتۇ.

— ئاتقا مىنىڭ، تاڭ ئاتقۇچە شەھەردىن چىقىپ كېتەيلى، — دەپتۇ مەلىكە گۈلسۇرۇخ تاقىم تازغا. ھەيران بولغان تاقىم تاز مەلىكە مىنگەن ئاتقا مىنىپ ئاتقا قامچا سېپتۇ. شۇ ماڭغانچە توققۇز كۈنلۈك يولنى بىر كېچىدە بېسىپ، تاڭ ئېتىش بىلەن تەڭ كەڭرى كەتكەن بىر ئورمانلىققا يېتىپ كەپتۇ. مەلىكە ئاتتىن چۈشۈپ، ئاتنى بىر تۈپ چىنارغا باغلاپ قويۇپ قارىغۇدەك بولسا ئۆزى بىللە ئېلىپ كەلگەن كىشى سۆيگەن يىگىتى — خۇزۇرى بولماستىن، ئۆز ئۆيىدە مال باقىدىغان يىرتىق ئىشتان، شىرەچورۇق مالچى تاز ئىكەن. ھەيران بولغان گۈلسۇرۇخ:

— ھەي تاز، قانداق بولۇپ مەن بىلەن بىللە بۇ يەرگە كېلىپ قالدىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ. تاقىم مالچى كۆرگەن چۈشى ۋە مەلىكە بىلەن بىللە بۇ يەرگە كەلگەنلىكىنىڭ

سەۋەبىنى ئېيتىپتۇ. مالچىنىڭ چۈشىنى ئاڭلىغان مەلىكە، بۇ تاز ئامەتلىك تاز ئىكەن، ئاللا مېنى بۇ تازغا قوشۇپتۇ، پېشانەمگە پۈتۈلگەن ئىرادە شۇ ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپ ئىلگىرى كۆيگەن يىگىتى خۇزۇرىنىڭ ئورنىغا بۇ مالچىنى ئۆزىگە ھەمراھ قىلىش نىيىتىگە كەپتۇ.

ئەسلىدە مالچى كەيمە تاز ئىكەن. مەلىكە مالچىنىڭ بېشىنى ئىسسىق سۇدا يۇيۇپ، شاپتۇل ئۇچكىسىدە ياغلاپ 40 كۈن پەرۋىش قىلىپتۇ. مالچىنىڭ بېشىغا قۇندۇزنىڭ تۈكىدەك قاپقارا چاچ ئۈنۈپ چىقىپتۇ. تازنىڭ بېشىدىكى چاچقا قاراپ مەلىكمۇ ھەيران قاپتۇ. مەلىكە ئەسلىدە خۇزۇرىگە ئاتاپ بىر قۇر ئەرچە كىيىم ئېلىۋالغانىكەن. كىيىملەرنى مالچىغا كىيدۈرۈپتۇ، مالچى ئادەمنىڭ زوقى كەلگۈدەك قامەتلىك بىر يىگىت سىياقىغا كىرىپتۇ، مەلىكە مالچىنىڭ ئىسمىنى يۇسۇپ خۇزۇرىگە ئۆزگەرتىپتۇ.

مەلىكە گۈلسۇرۇخ يۇسۇپ خۇزۇرى بىلەن ئورماندىن چىقىپ بىر قانچە كۈن يول يۈرگەندىن كېيىن ئىسپان شەھرىگە يېتىپ كەپتۇ.

مەلىكە گۈلسۇرۇخ شەھەرگە يېتىپ كەلگەندىن كېيىن:

— سىز شەھەرگە كىرىپ ئاخۇنۇمدىن بىرنى چاقىرىپ چىقىڭ، بىز نىكاھلىنىپ ئەر-خوتۇن بولايلى دەپتۇ يۇسۇپ خۇزۇرىگە. يۇسۇپ خۇزۇرى شەھەرگە كىرىپ ئاخۇنۇمدىن بىرنى چاقىرىپ چىقىپتۇ، ئاخۇنۇم ئۇلارغا نىكاھ ئوقۇپ قويۇپتۇ. ئۇلار شۇ كۈندىن باشلاپ نىكاھلىق ئەر-خوتۇن بوپتۇ.

— سىز شەھەرگە كىرىپ گۆھەر تۇغدىغان توخۇغا دان، ئاتقا يەم، بىزگە يېمەكلىك ئېلىپ چىقىڭ، — دەپ مەلىكە گۈلسۇرۇخ يۇسۇپ خۇزۇرىگە ئىككى نانلىق پۇل بېرىپتۇ. يۇسۇپ خۇزۇرى پۇلنى ئېلىپ شەھەرگە كىرىپتۇ. مەلىكە بەرگەن پۇلغا يېمەكلىك ئالسا ئۆزلىرى يېيىشكە ئىككى نان كېلىدىكەن، توخۇ بىلەن ئاتنىڭ يەم-خەشىكىگە كەملەيدىكەن، توخۇ ئۈچۈن دان ئالسا، بىر ئۇگۈچ قوناق كېلىدىكەن، ئات بىلەن ئۆزلىرى ئاچ قالىدىكەن، ئات ئۈچۈن سەرپ قىلسا بىر باغ پىچان كېلىدىكەن. ئۆزلىرى بىلەن توخۇ ئاچ قالىدىكەن. بېشى قاتقان يۇسۇپ خۇزۇرى شەھەر كوچىلىرىنى ئايلىنىپ، قوغۇنچىنىڭ ئالدىغا بېرىپ قاپتۇ. ئويلاپ باقسا قوغۇننىڭ گۆشىنى ئۆزلىرى يېسە، ئۇرۇقى توخۇغا دان، شاپىقى ئاتقا يەم-ملىك بولغۇدەك. يۇسۇپ خۇزۇرى ئىككى نانىنىڭ پۇلىغا بىر قوغۇن سېتىۋېلىپ مەلىكىنىڭ قېشىغا كەپتۇ. مەلىكە گۈلسۇرۇخ يۇسۇپ خۇزۇرىنىڭ ئەقلىنىڭ زىيادە ئىكەنلىكىگە ئاپىرىن ئېيتىپتۇ.

— سىز مۇنۇ ئىككى گۆھەرنى شەھەرگە ئەكىرىپ سېتىپ، ئۆي سېتىۋالسىڭىز بىز ماكانلىق بولساق! — دەپ مەلىكە گۈلسۇرۇخ ئېرى يۇسۇپ خۇزۇرىگە گۆھەرنى بېرىپتۇ، يۇسۇپ خۇزۇرى گۆھەرنى سېتىش ئۈچۈن شەھەرگە قاراپ يول ساپتۇ.

يۇسۇپ خۇزۇرى مەلىكىنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن ئىسپان شەھرى ئىچىگە كىرىپ، كوچا-رەستىلەرنى ئايلىنىپ ھەشەمەتلىك بىر ئىمارەتنى كۆرۈپتۇ. بۇ بىر گۆھەر سودىگىرىنىڭ قورۇ-جايى بولۇپ، تاملىرى ئۈنچە-مەرۋايىتتىن، ئۇلى مەرمەردىن ياسالغانىكەن، بىر قانچە 100 چاكار، 40-50 لىك كېنىزەك خىزمىتىنى قىلار ئىكەن. ئۆزى بولسا 40 دۇكاننىڭ گۆھەر، ئۈنچە-مەرۋايىت، قىممەت باھا ماللىرىنى سېتىپ دۇكاندارچىلىق قىلىدىكەن. يۇسۇپ خۇزۇرى دۇكان ئىچىگە كىرىپ قارىسا، بىر دانە ياماق سېلىنغان گۆھەر ئېسىقلىق تۇرغۇدەك، ئۇ قويىنىدىكى بىر گۆھەرگە قاراپتۇ، ئېسىقلىق تۇرغان گۆھەرگەر بىر قاراپتۇ، يۇسۇپ خۇزۇرىنىڭ بۇ ھەرىكىتىگە ئاچچىقى كەلگەن سودىگەر:

— بۇ ئوغرىنى تۇتۇپ ئەدەپلەپ قوي، — دەپ بىرمىراقۇلغا بۇيرۇق قىپتۇ. مىراقۇل يۇسۇپ خۇزۇرىنى تۇتۇپ مۇشت بىلەن ئىككىنى قويۇپتۇ.

— نېمە ئۈچۈن مېنى بىكارغا ئۇرىسەن؟ — دەپ سوراپتۇ يۇسۇپ خۇزۇرى مىراقۇلدىن.

— بۇنداق گۆھەردىن ئىسپان شەھرىدە پەقەت مۇشۇ بىرسىلا بار، سەن ئوغرى ئىكەنسەن، نېمە ئۈچۈن گۆھىرىمنى قوينۇڭغا ئۇندۇرۇۋېلىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىسەن؟ — دەپتۇ ئاچچىقلىنىپ سودىگەر.

— ياماق سالغان گۆھىرىڭگە قارىغىنىمغا نېمە بوپتۇ؟ مەندە گۆھەرنىڭ سىرخىلىدىن ئىككىسى بار، بۇنىڭغا نېمە دەيسەن؟ — دەپ يۇسۇپ خۇزۇرى قويىنىدىن ئىككى گۆھەرنى ئالغانىكەن، دۇكاننىڭ ئىچى يورۇپ

كېتىپتۇ. گۆھەرنى كۆرۈپ سودىگەرنىڭ قەلبى ھەسرەتتە ئۆرتىنىشكە باشلاپتۇ ۋە گۆھەرنى قولغا چۈشۈرۈشنىڭ كويىغا چۈشۈپتۇ.

سودىگەر دەرھال دۇكانلىرىنى تاقاپ، يۈسۈپ خۇزۇرنى ئۆيگە مېھماندارچىلىققا چىللاپتۇ. كاتتا بېزەلگەن ياسداق مېھمانخانىغا باشلاپ ئېسىل تائاملار بىلەن مېھمان قىپتۇ. ئۆزئارا سىردىشىپتۇ، ئۇسسۇلچى قىزلار ئۇسسۇل ئويناپ بەزمىنى قىزىتىپتۇ. ئاخىرىدا سودىگەر گۆھەرنىڭ نەرقى ئۈستىدە توختىلىپ:

— گۆھەرنى قانچە پۇلغا ساتىسىز؟ — دەپ سوراپتۇ يۈسۈپ خۇزۇردىن.

— گۆھەرنى مەن ئۇچۇن سېتىۋېلىپ، ئۆزلىرى ئۇچۇن ساتسىلا قانداق، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ يۈسۈپ خۇزۇرى.

— بارلىق مال-دۇنيا، چارۋا-ماللىرىمنى سىزگە بېرىپ گۆھىرىڭىزنى سېتىۋالسام رازى بولامسىز؟ — دەپ سوراپتۇ سودىگەر.

— بارلىق مال-دۇنيا چارۋا-ماللىرىڭىزنى، پۇلغا سۇندۇرۇپ كۆرۈپ بېقىڭ، ئۇنىڭدىن كېيىن بىر نەرسە دېيىشەيلى، — دەپتۇ يۈسۈپ خۇزۇرى.

سودىگەر ھېساباتچىلارنى چاقىرتىپ، 40 دۇكاندىكى پۇل-پۈچەك ماللىرى، 500 تۆگە، 3000 ئات، 9000 تۇياق قوي-ئۆچكىلىرىنى نەخ پۇلغا سۇندۇرۇپ كۆرگەنىكەن، يۈسۈپ خۇزۇرىنىڭ ئىككى دانە گۆھىرىنىڭ نەرقىگە يەتمەپتۇ. سودىگەر گۆھەرنى قولغا چۈشۈرمەي كۆڭلى ئەمىن تاپماپتۇ. سودىگەر ئۆي ۋاقى، يەر-زېمىن، بارلىق مۈلۈك-مۈلۈكلىرىنى، چاكار ۋە كېنىزەكلىرىنى يۈسۈپ خۇزۇرىگە بېرىپ ئۇنىڭ گۆھىرىنى سېتىۋاپتۇ ۋە ئائىلە خوتۇنىنى ئېلىپ شەھەردىن چىقىپ كېتىپتۇ.

يۈسۈپ خۇزۇرى سودىگەردىن سېتىۋالغان ئۆي ۋاقىسىغا بارغانىكەن، چاكار كېنىزەكلەر ئۇنى قارشى ئېلىپ ئېسىل تائام، نازۇنېمەتلەر بىلەن مېھمان قىپتۇ. يۈسۈپ خۇزۇرى مەلىكە گۈلسۇرۇخنى سېغىنىپ، ئۇنىڭغىمۇ ئېسىل تائاملاردىن ئېلىپ، 40 نەپەر كېنىزەكنى ئەگەشتۇرۇپ مەلىكە گۈلسۇرۇخنىڭ قېشىغا مېڭىپتۇ. گۈلسۇرۇخ بىلەن يۈسۈپ خۇزۇرى كۆرۈشكەندىن كېيىن، يۈسۈپ خۇزۇرى گۆھەر سودىسىنىڭ جەريانىنى مەلىكە گۈلسۇرۇخقا بايان قىپتۇ. مەلىكە گۈلسۇرۇخ يۈسۈپ خۇزۇرىنىڭ قىلغان سودىسىدىن ئۆزىنىڭ خۇرسەن ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ، گۆھەر تۇغدىغان توخۇسنى ئېلىپ، 40 نەپەر كېنىزەكنىڭ ھەمراھلىقىدا شەھەرگە يېنىپ كىرىپتۇ. ئۇلار سودىگەردىن سېتىۋالغان يەر-زېمىنغا ماكانلىشىپتۇ. كېنىزەك ۋە چاكارلار قىزغىنلىق بىلەن ئۇلارنىڭ خىزمىتىدە بولۇپ ھاجىتىدىن چىقىپتۇ، مەلىكە باغ ۋە دۇكانلارنى ئاربلاپ سودىنىڭ ئۆزى ئويلىغاندىنمۇ زىيادە بولغانلىقىدىن خۇرسەن بوپتۇ. بىر قانچە ئايغىچە خۇشال-خۇرام تۇرمۇش كەچۈرۈپتۇ. مەلىكە گۈلسۇرۇخ يۈسۈپ خۇزۇرىگە باشقىلار بىلەن باردى-كەلدى قىلماسلىقنى تاپىلاپتۇ. يۈسۈپ خۇزۇرى مەلىكىنىڭ سۆزىگە ماقۇل بوپتۇ.

ئىسپان شەھىرى پادىشاھىنىڭ ئەيلان ئەسقىلانى ئىسىملىك بىر ۋەزىرى بار ئىكەن. ۋەزىر پات-پاتلا يۈسۈپ خۇزۇرىنىڭ دۇكىنىغا كېلىپ سودا قىلىپ تۇرىدىكەن. ۋاقتىنىڭ ئۆزىرىشىغا ئەگىشىپ، يۈسۈپ خۇزۇرى بىلەن ۋەزىر يېقىن سىرداشلاردىن بولۇپ قاپتۇ. بىر قانچە قېتىم ۋەزىر يۈسۈپ خۇزۇرىنى ئۆيگە چىللاپتۇ،



يۇسۇپ خۇزۇرىمۇ ۋەزىرنى ئۆيگە چىللاپ تۇرۇپتۇ. ۋەزىر ھەر قېتىم يۇسۇپ خۇزۇرىنىڭ ئۆيىگە كەلسە مۇملىك ئايالى كۆزىگە كۆرۈنمەيدىكەن، ۋەزىر ھەيران بولۇپ يۇسۇپ خۇزۇرىنىڭ ئايالىنى كۆرۈشنى نىيەت قىپتۇ، لېكىن پۇرسەت تاپالماپتۇ.

بىر كۈنى ۋەزىر تەيلان ئەسقىلانى يۇسۇپ خۇزۇرىنىڭ دۇكاندا ئولتۇرغان ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ، ئايالىنى كۆرۈش ئۈچۈن ئۇنىڭ ئۆيىگە بېرىپتۇ. ۋەزىرنىڭ ئۆيگە كىرىشى، مەلىكە گۈلسۇرۇخنىڭ سىرتقا چىقىشىغا توغرا كەپقاپتۇ. ئۇلار ئىشىكنىڭ تۈۋىدە ئۇچرىشىپ قاپتۇ. ۋەزىرنىڭ كۆزى مەلىكىگە چۈشۈش بىلەن تەڭ مەلىكىنىڭ ۋۇجۇدىدىن بىر قەترە ئوت چىقىپ ۋەزىرگە تۇتۇشۇپتۇ، ۋەزىر مەلىكىنىڭ جامالىغا قاراپ تۇرۇپ تاقەت قىلالماي ھوشىدىن كېتىپ يىقىلىپتۇ. يۇسۇپ خۇزۇرىنىڭ چاكارلىرى ۋەزىرنى ئۆيىگە ئاپىرىپ قويۇپتۇ. شۇ كۈندىن ئېتىبارەن ۋەزىر تەيلان ئەسقىلانى مەلىكە گۈلسۇرۇخنىڭ ئىشقى پىراقىدا چوغقا چۈشكەن قىلدەك كۆيۈپ تولغىنىشقا باشلاپتۇ. پادىشاھنىڭ ئالدىغا كىرگەندىمۇ پەقەت زۇۋان سۈرمەپتۇ. ۋەزىر، پادىشاھنىڭ ئۆتكۈر پىكىرلىك سەردارى بولۇپ، ئۇنىڭسىز ئوردىنىڭ ھېچقانداق ئىشلىرى يۈرۈشمەيدىكەن. ۋەزىرنىڭ كۈندىن-كۈنگە زەپىرەڭدەك سارغىيىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن پادىشاھ بىر كۈنى ئۇنىڭدىن نېمە سەۋەبتىن مۇشۇ ھالغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى سوراپتۇ.

— ئېيتىشقا تىلىم بارمايدۇ پادىشاھى ئالەم، — دەپتۇ ۋەزىر پادىشاھقا.

— قانداق ئىش بولسا ئېيتقىن، قولۇمدىن كېلىشىچە ياردەمدە بولىمەن، — دەپتۇ پادىشاھ ۋەزىرگە.

— بۇ شەھەرگە يۇسۇپ خۇزۇرى ئىسىملىك بىر يىگىت كېلىپ سودىگەرنىڭ دۇكان ۋە زېمىنلىرىنى سېتىۋېلىپ ئولتۇراقلاشقانىدى. ئۇنىڭ مەلىكە گۈلسۇرۇخ ئىسىملىك ساھىبجامال، گۈزەللىكتە تەڭدىشى يوق ئايالى بار ئىكەن، ئۇ مەلىكىنى كۆرگەن كۈندىن ئېتىبارەن مۇشۇ ئاشىقلىق سەۋداسىغا مۇپتىلا بولدۇم، — دەپ ۋەزىر ئۆزىنىڭ قىيىن كۈنگە قالغانلىقىنى پادىشاھقا بايان قىپتۇ. پادىشاھ ۋەزىرنىڭ بايانىنى ئاڭلاپ:

— سەن دېگەن ئۇ مەلىكە ھەقىقەتەن شۇنداق چىرايلىقمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— جاھاندا گۈزەل مەلىكىدىن ئىككىسى بولسا بىرى شۇ، بىرى بولسا ئۆزى شۇ، ئۇنىڭ گۈزەللىكىنى تەرىپلەشكە ئىنساننىڭ تىلى ئاجىزلىق قىلىدۇ پادىشاھى ئالەم، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ۋەزىر.

— ئۇنداق بولسا ئۇ مەلىكىنى ئوردىغا ھازىر قىل، ئۇنىڭ گۈزەل جامالىنى مەن كۆرۈپ باقاي، — دەپتۇ پادىشاھ ۋەزىرگە. «ئۆزۈم تاپقان بالاغا نەگە باراي دەۋاغا» دېگەندەك ۋەزىر يېڭى بىر باش ئاغرىقىغا قاپتۇ.

— ھېچ نەرسىدىن ھېچ نەرسە يوق پۇقرالارنىڭ ئايالىنى بۇلاپ ئوردىغا ئەكەلسەك ئۆزىمىز ئۈچۈن ياخشى بولماسمىكىن، — دەپتۇ ۋەزىر پادىشاھقا.

— سېنىڭچە قانداق قىلىش كېرەك؟ — دەپ سوراپتۇ پادىشاھ ۋەزىرىدىن. ۋەزىر بىر ھازا ئويغا پاتقاندىن كېيىن:

— مەلىكىنى ئوردىغا ئەكىلىش ئۈچۈن ئۇنىڭ ئېرىنى كۆزدىن يوقىتىش لازىمدۇر، بۇنىڭ ئۈچۈن پادىشاھىمىز ئېغىر كېسەلگە گىرىپتار بولدى، پادىشاھنىڭ كېسىلىگە دىۋىلەر ماكانىدىكى دۆرە قەھرە دېگەن گىياھ شىپا قىلىدىكەن، شۇ گىياھنى ئەكىلىش ۋەزىپىسىنى پادىشاھ سىزگە تاپشۇردى، دەپ يۇسۇپ خۇزۇرىنى دىۋىلەر ماكانىغا يولغا سالايلى. ئۇ جەزمەنكى يېرىم يولدا جېنىدىن جۇدا بولىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن مەلىكىنى ئوردىغا ئەكەلمەك ئاسان، — دەپ مەسلىھەت بېرىپتۇ پادىشاھقا، پادىشاھ ۋەزىرنىڭ كۆرسەتمىسىگە قوشۇلۇپتۇ.

ئەتىسىدىن باشلاپ ئىسپان شەھىرىنىڭ پادىشاھى يالغاندىن كېسەل بولۇپ يېتىۋاپتۇ. ئىسپان شەھىرى ئىچى ۋە سىرتىدىكى بارلىق داڭلىق تېۋىپلارمۇ پادىشاھنىڭ ساختا كېسىلىنى داۋالاپ ساقايتالماپتۇ. ۋەزىر ئىسپان شەھىرىدىكى يەتتە ياشتىن 70 ياشقا قەدەر بولغان بارلىق خەلقنى مەيدانغا يىغىپ، پادىشاھنىڭ ئېغىر كېسەلگە گىرىپتار بولغانلىقى، پادىشاھنىڭ كېسىلىگە پەقەت دىۋىلەر ماكانىدىكى دۆرە قەھرى ئىسىملىك گىياھنىڭ شىپا بولىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، كىمكى شۇ گىياھنى ئېلىپ كەلسە زور ئىنئام بېرىلىدىغانلىقىنى جاكارلاپتۇ بىراق ھېچقانداق كىشى ئۇ گىياھنى ئەكىلىش ئۈچۈن مەيدانغا چىقالماپتۇ. ئوردا ئەھلى كېلىشىۋالغان بويىچە پەقەت يۇسۇپ خۇزۇرىنىڭلا

دىۋىلەر ماكانىدىن دۆرە قەھرەنى ئېلىپ كېلەلەيدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. ۋەزىر تەيلان ئەسقىلانى يىغلىغان شەھەر خەلقى ئالدىدا دۆرە قەھرەنى ئېلىپ كېلىش ۋەزىپىسىنى يۈسۈپ خۇزۇرىگە تاپشۇرۇپتۇ. يۈسۈپ خۇزۇرى خەلقئالەم ئالدىدا ۋەزىپىنى ئورۇنداشتىن باش تارتالماپتۇ ۋە ئۆيگە بېرىپ بولغان ئەھۋالنى مەلىكە گۈلسۇرۇخقا ئېيتىپتۇ. ئەر-خوتۇن ئىككىيلەن يىغلاپتۇ، قاقشاپتۇ. مەلىكە گۈلسۇرۇخ يۈسۈپ خۇزۇرنى بۇ خەتەرلىك سەپەردىن توسۇپتۇ، بىراق يۈسۈپ خۇزۇرى خەلقئالەم ئالدىدا قىلغان ئەھدىسىدىن يانالمايدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ، مەلىكە يۈسۈپ خۇزۇرنىڭ سەپەر تەييارلىقىنى تەقلەپ بېرىپ، كۆز يېشى بىلەن ئۇنى دىۋىلەر ماكانىغا ئۇزىتىپتۇ.

يۈسۈپ خۇزۇرىگە سەپەرگە چىققاندىن كېيىن، ۋەزىر تەيلان ئەسقىلانى ھەر كۈنلۈكى دېگۈدەك مەلىكە گۈلسۇرۇخنى ئوردىغا چىللاپ كېلىشكە باشلاپتۇ، مەلىكە گۈلسۇرۇخ بولسا بۇگۈن باراي، ئەتە باراي، مەن بەربىر سىلەرنىڭ قولۇڭلاردىكى ئادەم، دەپ ۋاقىتنى كەينىگە سۈرۈشكە باشلاپتۇ.

بىر كەلىمە سۆزنى يۈسۈپ خۇزۇردىن ئاڭلايلى.

يۈسۈپ خۇزۇرى دەشت-باياۋان، تاغۇ-دەريالارنى كېزىپ ئىككى ئاي يول يۈرۈپتۇ. يول يۈرگەندىمۇ مول يۈرۈپتۇ. ئوزۇق-تۈلۈكلىرى تۈگەپ ئاچلىق ئۇنى ئۆز ئىسكەنجىسىگە ئېلىشقا باشلاپتۇ، يولنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ. يامغۇر سۈيىنى ئۇسسۇزلۇق، دەرەخ، ئۆسۈملۈكلەرنىڭ يىلتىزىنى ئوزۇقلۇق قىلىپ يەپ كۆز يەتكۈسىز بىر قۇملۇققا يېتىپ كەپتۇ، قەدەملىرىنى يۆتكەشكىمۇ ماغدۇرى قالماپتۇ. يېنىپ كېتەي دېسە ئىمكانىيەت يوق، ئالغا قاراپ ماڭاي دېسە قۇربى يەتمەپتۇ، ياراتقان خۇداغا ئىلتىجا قىلماقتىن باشقا چارە قالماپتۇ. يۈسۈپ خۇزۇرى مۇشۇ دەشت-باياۋاندا ئۆلىدىغان ئوخشايمەن، پېشانەمگە پۈتۈلگەن قىسمەت شۇ ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپ كەچ كىرىشى بىلەنلا يېتىپ ھاردۇقتا قاتتىق ئۇيقۇغا كېتىپتۇ. تاڭ ئېتىشقا يېقىن بىر چۈش كۆرۈپتۇ. چۈشىدە قارا ئاتلىق، ئاق ساقاللىق، سەللىلىك بىر بوۋايىنى كۆرۈپتۇ. بوۋاي يۈسۈپ خۇزۇرىگە — ئەي ئوغلۇم، ئورنۇڭدىن تۇر، سەپەردىن ئۈمىدىڭنى ئۈزمە، سەندىن باشقا ئىنسان نەسلىنىڭ بۇ باياۋانغا قەدىمى يەتكەن ئەمەس، نەسىھىتىمنى قۇلىقىڭدا

چىلىڭ ساقلا. يەنە 14 كېچە-كۈندۈز يول يۈرسەڭ بىر باغۇبوستانلىققا يېتىپ بارىسەن، باغقا كىرسەڭ باغنىڭ ئوتتۇرىسىدا كۆككە بوي تالاشقان بىر تۈپ چىنار بار، چىنارنىڭ تۈۋىدە بىر كۆلچەك بار، كۆلچەكنىڭ ئىچىدە خىسلەتلىك بىر ئۈزۈك بار، ئۈزۈكنى ئېلىپ قولۇڭغا سېلىۋال، يولدا ساڭا خىرىس قىلغان ياۋايى ھايۋانلار ئۈزۈكنى كۆرسە يول بېرىدۇ، سەن شۇ ئۈزۈكنىڭ خىسلىتى بىلەن خېيىم-خەتەردىن خالاس بولغايسەن. قىرىق كېچە-كۈندۈز يول يۈرگەندىن كېيىن 40 بىرىنچى كۈنى سەھەردە بىر يېشىللىققا يېتىپ بارىسەن، يېشىللىقنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىدا بىر كۆل بار، كۆلنىڭ بويىدا بىر تۈپ چىنار بار بولۇپ، چىنارنىڭ ئۈستىدە سۇمۇرغ قۇشنىڭ ئۇۋىسى بار. بۇ سۇمۇرغ قۇش يەتتە يىلدا بىر ئۇۋا چىقىرىدۇ، بىراق باللىرى چوڭ بولۇپ كەلگەندە، كۆلدىن بىر ئەجدىھا چىقىپ سۇمۇرغ قۇشنىڭ باللىرىنى يەپ كېتىدۇ. سەن ئەجدىھانى ئۆلتۈرۈپ، قۇشنىڭ باللىرىنى ساقلاپ قالساڭ سۇمۇرغ قۇش سېنى دىۋىلەر ماكانىغا يەتكۈزىدۇ. سەن دىۋىلەر ماكانىغا بارغاندىن كېيىن، سېپىل سىرتىدا بۈك-باراقسان ئورمانلىق بار بولۇپ، ئورمانلىقنىڭ ئوتتۇرىسىدا زۇمرەت سۈلۈق بىر كۆل بار. كۆلگە بىر قانچە كۆك كەپتەر ئۇچۇپ چۈشۈپ، بىرلا موللاق ئېتىپ پەرىزاتقا ئايلىنىدۇ، سەن ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ئاق كىيىملىك پەرىزاتنىڭ سۇغا چۆمۈلۈۋاتقان پەيتىدىن پايدىلىنىپ ئۇنىڭ كىيىم-كېچەكلىرىنى ئېلىۋال، ئۇ بولسا پەرىزاتلار پادىشاھى سەرنادىنىڭ مەلىكىسى رىناتتۇر، شۇ پەرىزاتنى ئاللا سېنىڭ نىكاھىڭغا قاتقاي، خەير خۇداغا ئامانەت، مۇراد-مەقسىتىڭ ھاسىل بولغاي، — دەپ بوۋاي يۈسۈپ خۇزۇرنىڭ چۈشىدىن غايىب بوپتۇ.

يۈسۈپ خۇزۇرى ئويغىنىپ ئورنىدىن تۇرۇپتۇ، ۋۇجۇدىدا قايتىدىن كۈچ-قۇدرەت ھاسىل بوپتۇ. ئۇ يولنى داۋاملاشتۇرۇپ كۈندۈزى تىنماي، كېچىسى ئۇخلىماي يول يۈرۈپ چىنارنىڭ يېنىغا كەپتۇ ئۇ چىنارنىڭ تۈۋىدىكى كۆلچەككە قولنى تىققانىكەن، بوۋاي چۈشىدە ئېيتقان خىسلەتلىك ئۈزۈك قولىغا چىقىپتۇ. ئۈزۈكنى قولىغا سېلىپ سەپەرنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ. سەپەر ئۈستىدە يۈسۈپ خۇزۇرنىڭ ئالدىغا ئېيىق، مايمۇن، تۈلكە، يولۋاس، سۈلەيسۇن قاتارلىق يىرتقۇچ ھايۋانلار قەدەمدە بىر ئۇچراپ

خىرىس قىپتۇ، يۇسۇپ خۇزۇرىنىڭ قولىدىكى خاسىيەتلىك ئۈزۈكنى كۆرۈپ ئۇنىڭغا چىقىلماپتۇ. ئۇ گىياھلارنىڭ يىلتىزىنى يەپ، يامغۇر سۈيىنى ئىچىپ 40 كېچە-كۈندۈز يول يۈرۈپتۇ.

41-كۈنى تاڭ سەھەردە كۆز ئالدىدا كەڭرى كەتكەن بۈك-باراقسان ئورمانلىق نامايان بوپتۇ.

يۇسۇپ خۇزۇرى ئورمانلىق ئىچىدە بۇلاق سۈيى ئىچىپ، ياۋا مېۋىلەرنى ئۈزۈپ يەپ، توشقان ئۇۋلاپ كاۋاپ قىلىپ يەپ، ئۈچ كۈن ئارام ئېلىپ ماغدۇرىغا كەپتۇ. ئېگىز بىر دەرەخ ئۈستىگە چىقىپ قارىغۇدەك بولسا ئاق ساقاللىق بوۋاي چۈشىدە ئېيتقان چىنار دەرىخى كۆزىگە كۆرۈنۈپتۇ. يۇسۇپ خۇزۇرى چىنارنىڭ قېشىغا بېرىپ قارىغۇدەك بولسا چىنار ئۈستىدە سۇمۇرغنىڭ ئۈچ بالىسى ئېچىنىشلىق نالە قىلىۋاتقان، بىر ئەجدىھا چىنارنىڭ ئۈستىگە يامىشىپ چىقىۋاتقانىكەن.

يۇسۇپ خۇزۇرىگە يوغان قورام تاشتىن بىرنى قولىغا ئېلىپ، ئەجدىھانىڭ بېشىنى چەنلەپ تاشنى بېشىدىن ئاشۇرۇپ بىرنى قويغانىكەن، ئەجدىھانىڭ بېشى يانجىلىپ ئۆلۈپتۇ. خەتەردىن قۇتۇلغان سۇمۇرغ قۇشنىڭ باللىرى يۇسۇپ خۇزۇرىگە ياش تۆكۈپ رەھمەت ئېيتىپتۇ ۋە ئۇنى قاناتلىرى ئاستىغا يوشۇرۇپتۇ. دەل شۇ ۋاقىتتا سۇمۇرغ قۇش كۆكنى لەرزىگە سېلىپ ئۇچۇپ كېلىپ چىنارغا قونۇپتۇ.

— باللىرىم، ئادەم ھىدى پۇرايدىغۇ؟ — دەپ سوراپتۇ سۇمۇرغ قۇش باللىرىدىن.

— ياخشىلىققا ياخشىلىق قىلىش كېرەكمۇ ياكى ياخشىلىققا يامانلىق قىلىش كېرەكمۇ؟ — سوراپتۇ سۇمۇرغ باللىرى ئانىسىدىن.

— ئەلۋەتتە ياخشىلىققا ياخشىلىق قىلىش كېرەك. سىلەر بۇنى سوراپ قالدىڭلارغۇ؟

— كۆلدىن بىر ئەجدىھا چىقىپ بىزنى يېيىش ئۈچۈن چىنارغا يامىشىۋاتقاندا بىر ئادەم بالىسى ئەجدىھانى ئۆلتۈرۈپ بىزنى قۇتقۇزۇپ قالدى، ئۇنىڭغا قانداق جاۋاب قايتۇرىسىز؟

— ئاۋۋال مەن ئۇ ئادەم بالىسىنى كۆرۈپ باقاي، — دەپتۇ سۇمۇرغ باللىرىغا. سۇمۇرغ باللىرى يۇسۇپ خۇزۇرىنى قانىتى ئاستىدىن چىقىرىپتۇ.

— ئەي ئادەم بالىسى قانداق بولۇپ بۇ يەرگە قەدىمىڭ يەتتى؟ — دەپ سوراپتۇ سۇمۇرغ يۇسۇپ خۇزۇرىدىن، يۇسۇپ خۇزۇرى بېشىدىن كەچۈرگەن كەچۈرمىشلىرىنى سۇمۇرغ قۇشقا سۆزلەپ بېرىپ ئۆزىنى دىۋىلەر ماكانىغا ئاپىرىپ قويۇشنى ئۆتۈنۈپتۇ.

— ئەي يىگىت، سەپىرىڭ تولىمۇ خەتەرلىك ئىكەن، قىلغان ياخشىلىقىڭغا ياخشىلىق بىلەن جاۋاب قايتۇرمىسام بولماس. سەن دېگەن مەنزىلگە يېتىش ئۈچۈن يەتتە خەتەرلىك دەريا ۋە يەتتە قات ئاسماندىن ئۇچۇپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ. سەن قانىتىمنىڭ ئۈستىگە مىنىپ كۆزۈڭنى مەھكەم يۇمغىن، كۆزۈڭنى ئاچ دېمىگۈچە كۆزۈڭنى ئاچقۇچە بولما. مەن 70 كۈنلۈك مۇساپىنى ئۈچ كۈندە بېسىپ، سېنى دىۋىلەر ماكانىغا يەتكۈزۈپ قوياي، ئۇ يەر تولىمۇ خەتەرلىك ئېھتىيات قىلارسەن، — دەپتۇ سۇمۇرغ قۇش يۇسۇپ خۇزۇرىگە.

يۇسۇپ خۇزۇرى سۇمۇرغ قۇشنىڭ قانىتىغا مىنىپ كۆزىنى مەھكەم يۇمۇپتۇ، سۇمۇرغ ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈپتۇ. تاغۇ-دەريالارنى، تۈتەك-تۇمانلارنى كەينىدە قالدۇرۇپ دىۋىلەر ماكانىغا يېتىپ كەپتۇ.

— كۆزۈڭنى ئاچ، — دەپتۇ سۇمۇرغ قۇش يۇسۇپ خۇزۇرىگە. يۇسۇپ خۇزۇرى كۆزىنى ئاچقانىكەن، ئۆزىنى بۇلبۇللار سايراپ تۇرغان، گۈللەر ئېچىلىپ تۇرغان، كېيىك-بۇغىلار ئويناقشىپ تۇرغان گۈزەل بىر زېمىندا كۆرۈپتۇ.

— سەن دېگەن دىۋىلەر ماكانى مۇشۇ يەرگە يېقىن، قالدى مۇساپىنى ئۆزۈڭ باسارسەن، — دەپ سۇمۇرغ قۇش يۇسۇپ خۇزۇرى بىلەن خوشلىشىپ باللىرىنىڭ يېنىغا ئۇچۇپ كېتىپتۇ.

يۇسۇپ خۇزۇرى گۈلزارلىقنى ئايلىنىپ بىر كۆلنىڭ يېنىغا بېرىپ قاپتۇ. دەل شۇ ۋاقىتتا كۆكتىن بىر توپ كۆك كەپتەر يەرگە چۈشۈپ، بىرلا يۇملىنىپ پەرىزاتقا ئايلىنىپتۇ. بۇلارنىڭ ئارىسىدا بوۋاي چۈشىدە ئېيتقان ئاق كىيىملىك پەرىزاتمۇ بار ئىكەن. يۇسۇپ خۇزۇرى دەرھال ئۆزىنى گۈللۈك ئارىسىغا ئاپتۇ. پەرىزاتلار يېشىنىپ سۇغا چۆمۈلۈشكە باشلاپتۇ. پەرىزاتلار ھەر ھەپتىنىڭ دۈشەنبە كۈنى مۇشۇ كۆلگە سۇغا چۆمۈلۈشكە كېلىدىكەن. ۋاقىت توشقاندا بارلىق پەرىزاتلار كۆلدىن چىقىپ، كىيىملىرىنى

كېيپتۇ-دە، بىرلا يۇملىنىپ كۆك كەپتەرگە ئايلىنىپ ئۇچۇپ كېتىپتۇ. ھېلىقى پەرىزات بولسا كۆلدىن چىقىپ كېيىملىرىنى ئىزدەشكە باشلاپتۇ، يۇسۇپ خۇزۇرى ئۆزىنى ئاشكارا قىپتۇ، پەرىزات ئۆزىنىڭ كىيىملىرىنى يۇسۇپ خۇزۇرىنىڭ قولىدا كۆرۈپتۇ ۋە ئۆمرىدە ئادەم سىياقى كۆرۈپ باقمىغاچقا، يۇسۇپ خۇزۇرىنىڭ كېلىشكەن قەددى-قامىتى پەرىزاتنى ئۆزىگە مەپتۇن قىپتۇ. پەرىزات خىجالەت ئىچىدە بەدىنىنى گۈللۈك ئىچىگە يوشۇرۇپ تۇرۇپ:

— ئەي ئادەم بالىسى، مېنى ئۇياتچىلىق ئىچىدە قويماي كىيىملىرىنى قايتۇرۇپ بەرسىڭىز، — دەپتۇ. يۇسۇپ خۇزۇرى پەرىزاتنىڭ كىيىملىرىنى بېرىپتۇ ۋە پەرىزاتقا ئاشىق-بىقارار بوپتۇ. ئۇلار سىردىشىپتۇ، مۇڭدىشىپتۇ، پەرىزات يۇسۇپ خۇزۇرىدىن ئادىمىزات قەدىمى يەتمىگەن بۇ زېمىنغا كېلىشىنىڭ سەۋەبىنى سوراپتۇ. يۇسۇپ خۇزۇرى كەچۈرمىشلىرىنى پەرىزاتقا سۆزلەپ بېرىپتۇ. پەرىزات يۇسۇپ خۇزۇرىگە ئىچ ئاغرىتىپ ئۇنىڭغا ياردەمدە بولىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ.

— تەقدىر ئىككىمىزنى بۇ يەردە ئۇچراشتۇردى، بىز مەڭگۈلۈك ئەر-خوتۇن بولۇپ ياشىساق قانداق دەيسىز؟ — دەپ سوراپتۇ يۇسۇپ خۇزۇرى پەرىزاتتىن.

— ئاللا ئىككىمىزنىڭ رىزقىنى قوشقان بولسا، سىز ئېيتقان لەۋزىڭىزدە تۇرالىسىڭىز دېگىنىڭىزدەك بولسۇن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ پەرىزات. پەرىزات بېشىدىن كۆمۈش يىڭنىنى ئېلىپ ئالقىنىغا سانجىغانىكەن، قان ئېقىشقا باشلاپتۇ. ئاققان قاننى يەنە بىر ئالقىنىغا ئاپتۇ-دە، يىڭنىنى يۇسۇپ خۇزۇرىغا بېرىپتۇ. يۇسۇپ خۇزۇرىمۇ يىڭنىنى قولىغا سانجىپ مەلىكىنىڭ قولىغا قان ئاقتۇزۇپتۇ، قان بىر-بىرىگە ئارىلىشىپ كېتىپتۇ. يۇسۇپ خۇزۇرى بىلەن پەرىزات قانلىق قەسەم ئىچىشىپ مەڭگۈلۈك ئەر-خوتۇن بوپتۇ.

— بىز دەرھال قايتىپ كېتەيلى، ئاتام مېنىڭ باشقا پەرىزاتلاردىن ئايرىلىپ قالغانلىقىمنى بىلسە ئىزدەپ كېلىپ جېنىڭىزغا زامىن بولىدۇ دەپتۇ يۇسۇپ خۇزۇرىگە پەرىزات. يۇسۇپ خۇزۇرى ماقۇل بوپتۇ.

پەرىزات يۇسۇپ خۇزۇرىنى ئېلىپ شەھرىستانىغا قاراپ ئۇچۇپتۇ. بىر ۋاقىتتىن كېيىن يۇسۇپ خۇزۇرى ئىسسىقتا چىديالماي بەدىنى كۆيۈشكە باشلاپتۇ.

— ئەي پەرىزات، بىز قەيەردىن ئۆتۈۋاتىمىز، بەدەنلىرىم كۆيۈۋاتىدىغۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— بىز ھازىر ئوت دەرياسىنىڭ ئۈستىدىن ئۇچۇپ ئۆتۈۋاتىمىز، شۇڭا بەدىنىڭىز قىزىۋاتسا كېرەك، ئوت دەرياسىدىن كېيىن مۇز دەرياسىدىن ئۆتىمىز، ئۇنىڭدىن كېيىن زۇلمەت دەرياسىدىن ئۆتىمىز، ئەڭ ئاخىرىدا يەتتىنچى دەريا ھېسابلانغان بوران دەرياسىدىن ئۆتۈپ يۇرتۇم شەھرىستان شەھىرىگە يېتىپ بارىمىز، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ پەرىزات.

پەرىزات يۇسۇپ خۇزۇرىنى ئېلىپ ئۇچۇشنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ. ئوت دەرياسىدىن ئۆتكەندىن كېيىن يۇسۇپ خۇزۇرىنىڭ بەدەنلىرى مۇزلاشقا باشلاپتۇ، ئۇلارنىڭ مۇز دەرياسىدىن ئۆتۈۋاتقانلىقىنى ھېس قىپتۇ. بۇ پەرىزاتنىڭ ئاتىسى دىۋىلەر پادىشاھى ئەسلاتون، ئانىسى پەرىزات پادىشاھىنىڭ مەلىكىسى فەرناد ئىكەن. ئەسلاتون قىزىنى پەرىزاتلار ئارىسىدا كۆرمىگەنلىكى ئۈچۈن دىۋىلەرنى قىزنى تېپىپ كېلىشكە ئەۋەتىپتۇ. پەرىزات بىلەن دىۋىلەر زۇلمەت دەرياسىنىڭ ئۈستىدە ئۇچرىشىپ دىۋىلەر پەرىزات بىلەن يۇسۇپ خۇزۇرىنى ئەسلاتوننىڭ ئالدىغا ئېلىپ بېرىپتۇ. ئەسلاتون قىزىدىن يوقلىپ كېتىشىنىڭ سەۋەبىنى سوراپتۇ. پەرىزات بولغان ئەھۋالنى ئاتىسىغا ئېيتىپتۇ. ئەسلاتون يۇسۇپ خۇزۇرىنى ئۆلتۈرمەكچى بوپتۇ.

— مەن بەرگەن ۋەدەمگە ۋاپا قىلمىسام بولمايدۇ، يۇسۇپنى ئۆلتۈرسىڭىز مېنىمۇ قوشۇپ بىللە ئۆلتۈرۈۋېتىڭ، — دەپتۇ پەرىزات. پادىشاھ ئەسلاتون يۇسۇپ خۇزۇرىنى زىندانغا تاشلاپ، پەرىزاتنى مەلىكە فەرنادنىڭ باشقۇرۇشىغا تاپشۇرۇپتۇ. يۇسۇپ خۇزۇرى دىۋىلەر زىندانىدا ئۈچ ئاي يېتىپتۇ. بۇ ئۈچ ئاي جەريانىدا پەرىزاتنىڭ چىرايى ئېچىلماپتۇ، كۆڭلىدىن غىزا ئۆتمەپتۇ. مەلىكە فەرناد قىزىنىڭ بۇ ھالىنى كۆرۈپ چىداپ تۇرالماپتۇ. بىر كۈنى قىزىغا:

— قىزىم، بۇنداق كېتىۋەرسەڭ ئۆزۈڭگىمۇ ياخشى ئەمەس، بىز سەن ياخشى كۆرگەن يىگىتنى زىنداندىن قۇتۇلدۇرۇپ، ئۆز شەھىرىگە يولغا سېلىپ قويايلى، — دەپتۇ.

— ئانا، مەن ئۇ يىگىتتىن ئايرىلالمايمەن، ئۇ يىگىتمۇ ھەم مەندىن ئايرىلالمايدۇ. بىز مەڭگۈ بىللە ئۆتۈشكە

قەسەم قىلىشقان. ئۇ يـىگىت ئـادەمزاتلار دۇنيـاسىدىن بـۇ
يەرگە دۆرى قەھرى دەپ ئاتىلىدىغان خىسلەتلىك گۈلنى
ئېلىش ئۈچۈن كەلگەن ئىكەن، گۈلنى ئالماي ھەم قـايتال-
مايدۇ، ـــ دەپ يىغلاپتۇ.

ـــ كۆڭلۈڭنى بۇزما قىزىم رىنات، دۆرە قەھرى ئـە-
سىملىك گۈل ئـاتاڭنىڭ بـېغىدا بـار، ئـۇ گـۈلنى 40 نـەپەر
دۆۋە نۆۋەتلىشىپ سـاقلايدۇ. ئـۇ گـۈلنىڭ خـىسلىتى شـۇ
يەردىكى، كۆزگە سۈرتسە ئـەماالارنىڭ كۆزى ئـېچىلىدۇ،
ھەرقانداق ئېغىر كېسەل كىشى پۇرىقىنى پـۇرىسا كـېسەل-
دىن شىپا تاپىدۇ، قايىنتىپ سۈيىنى ئىچسە ئۆمرى ئـۇزۇن
بولىدۇ. سىلەر ئۇ گۈلنى ئېلىپ ئانامنىڭ شەھرىگە بېرىپ
پەرىزاتلار دۇنياسىدا ھايات كەچۈرۈڭلار.

مەلىكە رىنات ئانىسىدىن تولىمۇ خۇرسەن بـوپتۇ ۋە
پەرىزاتلار بىلەن بىرلىشىپ يۈسۈپ خۇزۇرنى زىنداندىن
قۇتقۇزۇپتۇ. شۇ كېچىسى دۆرى قەھرىنى ساقلايدىغان دى-
ۋىلەر ئـالمىشىدىكەن، ئـۇلار پـۇرسەتنى غـەنىيمەت بـىلىپ
گۈلنى پەم بـىلەن قـولغا چۈشۈرۈپتۇ. بـۇ گـۈل شـۇنداق
گۈل ئىكەنكى پۇرىقى ئادەمنى مەست قىلىدىكەن، سولاش-
مايدىكەن ۋە توزۇپ كەتمەيدىكەن.

فەرناد قىزى رىنات بىلەن يۈسۈپ خۇزۇرنى پـەرد-
زاتلار دۇنياسىغا يولغا سېلىپ قويۇپتۇ. رىنات 40 پەرىزات-
نىڭ ھەمراھلىقىدا يـۈسۈپ خـۇزۇرنى ئـېلىپ يـەتتە كـېچە
ئۇچقاندىن كېيىن پەرىزاتلار دۇنياسىغا يېتىپ كەپتۇ، رىنات-
نىڭ چوڭ ئانىسى سەرناد ئۇلارنى قىزغىن كـۈتۈۋاپتۇ ۋە
بـارلىق پـەرىزاتلارنى يـىغىپ 40 كـېچە-كـۈندۈز تـوي
قىلىپ، رىناتنى يۈسۈپ خۇزۇرغا نىكاھلاپ بېرىپتۇ. پـە-
رىزاتلار دۇنياسىدا ئەركەك زات مەۋجۇت بولمىغاچقا، پە-
رىزاتلار پادىشاھى سەرناد يۈسۈپ خۇزۇرنى پـەرىزاتلار
دۇنيـاسىغا پـادىشـاھ قـىلماقچى بـولۇپ ۋەزىر-ۋۇزرا،
ئـەمرى-ئـەشراپلارغا مـەسلىھەت سـاپتۇ، ئـۇلار پـادىشـاھ
سەرنادنىڭ پىكرىگە قوشۇلىدىغانلىقلىرىنى بىلدۈرۈپتۇ. پا-
دىشـاھ سـەرناد شـاھلىق تـون، شـاھى لـىباس، مۆھۈرنى
يۈسۈپ خۇزۇرغا تۇتقۇزۇپ شاھلىق تەختتە ئـولتۇرغۇ-
زۇپتۇ.

يۈسۈپ خۇزۇرى پادىشاھ بولغاندىن كېيىن، شاھلىق
ھۆكۈمنى سۈرۈپ، پـەرىزاتلار دۇنيـاسىدا ئـالتە ئـاي
تۇرۇپ قاپتۇ. كۈنلەرنىڭ بـىرىدە ئـېسىگە ۋاپـادار ئـايالى
گۈلسۇرۇخ كەپتۇ، ئايالىنى سېغىنىپتۇ. يۇرتىغا كېتىش مەق-
ستىدە سەرنادتىن ئىجازەت سوراپتۇ، سەرناد پەرىزاتلارغا
مەسلىھەت ساپتۇ، پەرىزاتلار يۈسۈپ خۇزۇرنىڭ قـايتىپ
كېتىشىگە قوشۇلماپتۇ. يۈسۈپ خۇزۇرى قايتىپ كېتىش تە-
لىپىدە چىڭ تۇرغاچقا، سەرناد يـۈسۈپ خـۇزۇرنىڭ ئـالتە
ئاي پەرىزاتلار دۇنيـاسىدا پـادىشاھلىق قـىلىدىغانغا، ئـالتە
ئاي ئۆز يـۇرتىدا تـۇرىدىغانلىقىغا كـېلىشىپتۇ ۋە نـەۋرىسى
پەرىزات رىناتقا يەنە ئـىككى پـەرىزاتنى قـوشۇپ داغدۇغـا
بىلەن ئىسپان شەھرىگە ئۇزىتىپ قويۇپتۇ. مـەلىكە رىـنات
ئىككى پەرىزاتنىڭ ھەمراھلىقىدا يۈسۈپ خۇزۇرنى ئېلىپ،
كۆكتە پەرۋاز قىلىپ ئىسپان شەھرىگە قاراپ ئۇچۇپتۇ.

بىر كەلىمە سۆزنى ئىسپان شەھرىدە قالغان مـەلىكە
گۈلسۇرۇختىن ئاڭلايلى. يۈسۈپ خۇزۇرى دۆرى قـەھرە-
نى ئـېلىپ كـېلىش ئـۈچۈن دىۋىلـەر مـاكانىغا كـەتكەندىن
كېيىن، پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلگەن ۋەزىر ئەيلەپ ئەسقە-
لاننىڭ ئايىغى مەلىكە گۈلسۇرۇخنىڭ ئۆيىدىن ئـۈزۈلمەپ-
تۇ. مەلىكە تۇرلۇك باھانە-سـەۋەبلەر بـىلەن ئـوردىغا بـې-
رىشتىن باش تـارتىپتۇ. ۋەزىر مـەلىكنى ئـوردىغا چـىللاپ
ئۇنىڭ ئۆيىگە بېرنۆبېرىپتۇ. غەزەپلەنگەن مـەلىكە گـۈلسۇ-
رۇخ ۋەزىرنىڭ ئەدەپ جازايىنى بېرىشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ-
تۇ. دەل شۇ كۈنى تاڭ سەھەردە ۋەزىر بـىر قـانچە نـەۋ-
كـەرلىرىنى ئـەگەشتۈرۈپ مـەلىكە گـۈلسۇرۇخنى ئـوردىغـا
ئېلىپ كېتىش ئـۈچۈن ئـۇنىڭ ئـۆيىگە كـەپتۇ. ۋەزىرنـىڭ
كەسكىنلىكىنى كۆرگەن مەلىكە گۈلسۇرۇخ:

ـــ ئېرىم سەپەرگە كەتكەندىن بۇيان ھەر كـۈنلۈكى
كېلىپ مېنى يوقلاپ كۆپ جاپا تـارتتىڭلا، بـۈگۈن كـەچتە
قىلغان ياخشىلىقلىرىڭغا جاۋاب قايتۇراي، ئـەتە پـادىشاھنىڭ
قېشىغا بىللە بارايلى، ـــ دەپتۇ. ۋەزىر مەلىكە گۈلسۇرۇخ-
نىڭ سۆزىنى ئـاڭلاپ تـولىمۇ خۇرسەن بـوپتۇ ۋە كـەچتە
ئەلنىڭ كۆزى بـاغلانغاندا كـېلىدىغانلىقىنى ئـېيتىپ قـايتىپ
كېتىپتۇ.

ئۆزى كۈتكەن ۋاقتىنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى پـەملە-
گەن مـەلىكە گـۈلسۇرۇخ 40 نـەپەر چـاكىرىنى چـاقىرتىپ
ئۇلارغا:

ـــ بۈگۈن كەچتە مېنى ئىزدەپ بىر ئـادەم كـېلىدۇ،
مەن قازناق ئۆيىنىڭ 40-سىدە ئۇنى كۈتۈپ ئولتۇرىمەن.
ئۇ مەن بار ئۆيگە كىرگۈچە سىلەر بىردىن كالتەكنى تەييار

قىلىپ ئىشىك تۈۋىدە كۈتۈپ تۇرۇڭلار، ئۇ 40-بوسۇغىدىن ئۆتكەندىن كېيىن ھەر بىرىڭلار 40 كالتەك ئۇرۇپ قوغلاپ چىقىرىڭلار دەپتۇ. چاكارلار مەلىكە گۈلسۇرۇخنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن ھەر بىرى بىردىن كالتەك تەييارلاپتۇ. كەچ كىرىپ كۆز باغلانغاندا ۋەزىر ئەيلەپ ئەسقىلانى مەلىكە گۈلسۇرۇخنىڭ ھۇزۇرىغا كىرىپ كەپتۇ، ئۇ 40-بوسۇغىدىن ئۆتكەندىن كېيىن ئىشىكنىڭ كەينىگە يوشۇرۇنۇپ تۇرغان چاكار:

— سەن نېمە دەپ ئېرى يوق مەزلۇمنىڭ ھۇجرىسىغا كىرىسەن؟ — دەپ ۋەزىرنى زوۋان سۈرگۈزمەستىن قىرىق كالتەك ئۇرۇپ، 39-بوسۇغىغا ھەيدەپ چىقىرىپتۇ. شۇ تەرىقىدە 40 چاكارنىڭ ھەر بىرى ۋەزىرنى 40 تىن كالتەكلەپ، نىمجان ھالەتتە كوچىغا ئېچىقىپ تاشلىۋېتىپتۇ. ۋەزىر كېچىدە پادىشاھنىڭ كوچا چارلاۋاتقان لەشكەرلەرگە ئۇچراپ قاپتۇ. لەشكەرلەر ۋەزىرنى ئۆيىگە ئاپىرىپ قويۇپتۇ، ۋەزىر ئەيلەپ ئەسقىلانى بىر يىل داۋالىنىش ئارقىلىق ئەسلىگە كەپتۇ. بولغان ئەھۋالنى بىرسىگە تىنالماپتۇ، يېگەن تايىقى ئۆزىگە بوپتۇ.

ۋەزىر ساقايغاندىن كېيىن، مەلىكە گۈلسۇرۇخنىڭ ئۆيىدىن قەدىمى يەنە ئۈزۈلمەپتۇ. شۇ ئەسنادا يۈسۈپ خۇزۇرى بىلەن رىناتنىڭ قەدىمى ئىسپان شەھىرىگە يېتىپتۇ. ئىشىك ئالدىغا كەلگەندە يۈسۈپ خۇزۇرى ئوڭايسىزلىنىپ تۇرۇپ قاپتۇ. بۇنى كۆرۈپ پەرىزات رىنات:

— سىز خاتىرجەم بولۇڭ، بولغان ئەھۋالنى مەن ئايالىڭىز مەلىكە گۈلسۇرۇخقا ئېيتاي، ئىككىمىزنىڭ ئارىسىدا قىلمۇ ئۈزۈلمىگەي، — دەپتۇ.

يۈسۈپ خۇزۇرى بىلەن پەرىزات رىناتنى مەلىكە گۈلسۇرۇخ ئېسىل تائام، نازۇنېمەتلەر بىلەن قىزغىن كۈتۈۋاپتۇ. يۈسۈپ خۇزۇرى سەپەر ئۈستىدە كۆرگەن-ئاڭلىغانلىرىنى مەلىكە گۈلسۇرۇخقا ئېيتىپ بېرىپتۇ. پەرىزات بىلەن مەلىكە ئاچا-سىڭىللاردەك ئىناق-ئىجىل چىقىشىپ كېتىپتۇ.

— سەن مەلىكە گۈلسۇرۇخنى ئوردىغا ئەكىلىمەن دەپ ۋەدە قىلىپ ۋەدەڭنى ئەمەلگە ئاشۇرالمىدىڭ، سەندەك يالغان سۆزلۈك ۋەزىرنى شەھەردىن يوقاتمىسام ئوردىنى يالغانچىلار بېسىپ كېتىدۇ، — دەپ پادىشاھ ۋەزىرنى ئۆلۈمگە بۇيرۇپتۇ.

— پادىشاھى ئالەم، — دەپتۇ ۋەزىر، — مېنىڭ بىر ئېغىز سۆزۈمنى ئاڭلاپ ئۆلۈمگە بۇيرۇسىلا ئارمىنىم يوق ئىدى.

— سۆزۈڭنى ئېيت!

— مېنى ئۆلۈمگە بۇيرۇسىلا مەن غەمدىن خالاس بولۇرمەن، ئۆزلىرى مەلىكىنىڭ ئىشقىدا 1000 قېتىم ئۆلۈپ، 1000 قېتىم تىرىلىشلىرى مۇمكىن. يۈسۈپ خۇزۇرى بىز ئېيتقان شىپالىق ئۆسۈملۈكنى ئۈچ نەپەر پەرىزات بىلەن قوشۇپ دىۋىلەر ماكانىدىن ئېلىپ كەپتۇ. ئىلگىرى ئىككىمىز بىرنى تالاشقان بولساق، ئەمدى ئاللا بىزگە بىردىن ئاتا قىپتۇ. ماڭا ئۈچ كۈنلۈك مۆھلەت بەرسىلە، مەن سىلىگە پەرىزاتلار شاھىنىڭ مەلىكىسى رىناتنى ئەكېلىپ بېرىشنىڭ ئامالىنى ئىزدىسەم، — دەپتۇ ۋەزىر.

— ئەگەر ئامالىنى تاپالمىساڭچۇ؟ — دەپ سوراپتۇ پادىشاھ.

— جېنىم ئىختىيارلىرىدا بولغاي، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ۋەزىر. پادىشاھ ۋەزىرگە ئۈچ كۈنلۈك مۆھلەت بېرىپتۇ. ۋەزىر ئويلىنىپ يامان غەرىزىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ ئامالىنى تېپىپتۇ ۋە پادىشاھنىڭ ئالدىغا بېرىپتۇ.

— ئامالىنى تاپتىڭمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ پادىشاھ.

— ئامالىنى تاپتىم شاھىم.

— قېنى ئېيت، ئاڭلاپ باقاي.

— بىز شەھەردىن 3000 ئادەمنى يىغىپ، ئۇلارنىڭ توققۇزىنى تەل قىلىپ 40 كېچە-كۈندۈز ئويۇن-تاماشا، نەغمە-ناۋا قىلىپ بەرسەك، بۇنىڭغا يۈسۈپ خۇزۇرىنىمۇ قاتناشتۇرساق، 40 كۈندىن كېيىن 3000 كىشىلىك زىياپەت ئۆتكۈزۈشنى يۈسۈپ خۇزۇرىغا تاپشۇرساق، ئۇ ئەل رازى بولغۇدەك ئۆتكۈزەلمىسە جېنىنى تېنىدىن جۇدا قىلىش يولى ئارقىلىق مەقسىتىمىزگە يەتسەك، — دەپ مەسلىھەت بېرىپتۇ ۋەزىر پادىشاھقا. پادىشاھ ۋەزىرنىڭ مەسلىھەتى بويىچە يەتتە كۈن تەييارلىق قىلىپ 3000 كىشىلىك مەشرەپ تەييارلاپتۇ. ھەر بىر ئادەمگە ئۈچ ۋاق تاماق، قونالغۇ، ئات-ئۇلاغلىرىغا يەم-خەشەك ھازىرلاپ، كۈنلۈكى 3000 قوينىڭ بېشىنى كېسىپ، شەھەردىكى نەغمىچى-ئۇسسۇلچى، قىزىقچىلارنى يىغىپ، 40 كېچە-كۈندۈزگىچە مەشرەپنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ. شەھەر خەلقى پادىشاھنىڭ ساخاۋىتىگە ھەيران قاپتۇ. 41-كۈنى پادىشاھ مەشرەپ ئەھلىگە خۇددى ئۆزى ئۆتكۈزگەنگە ئوخشاش

40 كۈنلۈك، 3000 كىشىلىك مەشرەپ ئۆتكۈزۈشنى
يۈسۈپ خۇزۇرىگە تاپشۇرغانلىقىنى، ئەگەر ئەل-جامائەت
مەشرەپتىن رازى بولمىسا يۈسۈپ خۇزۇرىنىڭ جېنىنى ئالى-
دىغانلىقىنى جاكارلاپتۇ. نېمە قىلارىنى بىلمىگەن يۈسۈپ
خۇزۇرى غەم ئىچىدە ئۆيىگە قايتىپ كەپتۇ. مەشرەپتىن
خۇشال قايتماي غەم-ئەندىشە بىلەن قايتىپ كەلگەنلىكىنى
كۆرگەن ئايالى رىنات بىلەن گۈلسۇرۇخ ئۇنىڭ سەۋەبىنى
سوراپتۇ، يۈسۈپ خۇزۇرى پادىشاھنىڭ تاپشۇرمىسىنى ئا-
ياللىرىغا ئېيتىپتۇ.

— خاتىرجەم بولۇڭ، بىز ئۈچ كۈن ئىچىدە بارلىق
تەييارلىقلارنى تۈگىتىپ، پادىشاھ 3000 كىشىلىك مەشرەپ
تەييارلىغان بولسا، بىز 7000 كىشىلىك مەشرەپ تەييارلاي-
لى، پادىشاھ ھەر كۈنلۈكى 3000 قوينىڭ بېشىنى كەسكەن
بولسا، بىز 7000 قوينىڭ بېشىنى كېسىپ، ھەر بىر ئادەم-
گە بىردىن ئالتۇن كۇرسا تەييارلاپ، بىر قۇردىن قىممەت
باھالىق كىيىم-كېچەك ھەدىيە قىلىلى، — دەپتۇ پەرىزات
رىنات ۋە ئۆزى بىللە ئېلىپ كەلگەن ئىككى پەرىزاتنى
چوڭ ئانىسى سەرنادنىڭ قېشىغا ئەۋەتىپتۇ.

ئۈچ كۈندىن كېيىن 7000 كىشىلىك چوڭ مەشرەپ
داغدۇغىلىق باشلىنىپتۇ. سەرناد شۇ كۈنلۈك تەييارلىق
ئۈچۈن كېچىسى 700 مىڭ پارچە گىلەم، 3000 دانە
ئالتۇن كۇرسا، 4000 دانە كۈمۈش كۇرسا ئەۋەتىپ مەي-
داننى بېزەپتۇ. 1000 نەپەر سازەندە ئۇسسۇلچى قىزلارنى
ئەۋەتىپتۇ. ئۇلارنىڭ كىيىملىرى زەر-دۇخاۋىدىن، چالغۇ
ئەسۋابلار ئالتۇندىن، تارلىرى كۈمۈشتىن، زىننەتلىرى
جاۋاھىردىن ئىكەن. يۈسۈپ خۇزۇرى مەشرەپ ئەھلىگە
ئۆزلىرىنىڭ مەرتىۋىسىگە لايىق ھەر كۈنلۈكى يېڭىدىن بىر
قۇر كىيىم ھەدىيە قىپتۇ. ئوردا ئەھلىنى، يۇرت كاتتىلىرى
ۋە مۆتىۋەرلەرنى ئالتۇن كۇرسىدا ئولتۇرغۇزۇپتۇ. شەھەر
پۇقرالىرىنى كۈمۈش كۇرسىغا تەكلىپ قىپتۇ. ھەر كۈنلۈكى
7000 قوينىڭ بېشى كېسىلىپ، 3000 دانە ئالتۇن قازاندا
يۇرت ئەھلى ئۆمرىدە يەپ باقمىغان ئېسىل تائاملار پە-
شۇرۇلۇپتۇ. داستىخانچى، باقاۋۇللار زەر يىپتىن داستىخان
سېلىپ، ئالتۇن تاۋاقتا تائام كەلتۈرۈپتۇ، مەشرەپ ئەھلى
تائامدىن ئۆز ئىختىيارى بويىچە يەپ تويۇشۇپتۇ. كىمنىڭ
ئالدىغا قانداق تائام كەلگەن بولسا ئالتۇن تاۋاق بىلەن
قوشۇپ ئۆزىنىڭ بوپتۇ. سازەندە، ئۇسسۇلچى، قىزىقچى-
لار مەشرەپنى تېخىمۇ ئەۋجىگە كۆتۈرۈپتۇ. ئۇسسۇلچىلار-
نىڭ كىيىنىشى بىر خىل، سازەندە، قىزىقچى، باقاۋۇل، ھە-
راقۇللارنىڭ كىيىنىشى ھەم بىر خىل بولۇپ بىر-بىرىگە
ئوخشىمايدىكەن. سەرناد مەيدانغا سېلىنغان زىلچا-گىلەم-
لەرنى كۆتكۈچى، ئۇسسۇلچى، قىزىقچىلارنى، ئالتۇن ۋە
كۈمۈش كۇرسىلارنى كۈنلۈكى بىر ئالماشتۇرۇپتۇ. بۈگۈن-
كىسى ئەتىدىكىگە ئوخشىماپتۇ. مەشرەپ ئەھلى بۇنداق
پۇختا تەييارلىق قىلىنغان مەشرەپكە، كىيىنىشى، بوي-
تۇرق باراۋەر ئوخشاش قامەتلىك، چېۋەر-چاققان كۆتكۈ-
چى، ئۇسسۇلچى، سازەندە، قىزىقچىلارغا ھەيران بولۇ-
شۇپتۇ. كۈننىڭ قەيەردىن چىقىپ قاياقتا ئولتۇرغانلىقىنىمۇ
بىلەلمەپتۇ. مەشرەپ تولۇق 40 كۈن داۋاملىشىپتۇ.
مەشرەپ ئاخىرلاشقاندا ھەر بىر ئادەم 40 قۇردىن يېڭى
كىيىم-كېچەككە، 40 دانە ئالتۇن تاۋاققا ئىگە بوپتۇ. كى-
شىلەر بۇنداق مەشرەپنىڭ يەنە بىر قانچە يىل داۋاملىشى-
شىنى ئۈمىد قىلىشىپتۇ. ئىسپان شەھرىنىڭ پادىشاھى ۋە
ئوردا ئەھلى مەشرەپكە زور قىزىقىش بىلەن قاراپتۇ ۋە
بۇنداق كاتتا مەشرەپنى يۈسۈپ خۇزۇرىنىڭ ئۆتكۈزەلى-
گەنلىكىنىڭ تېگىگە يېتەلمەپتۇ. يۈسۈپ خۇزۇرىگە ئۆت-
كۈزگەن مەشرەپ بىلەن پادىشاھ ئۆتكۈزگەن مەشرەپ
روشەن سېلىشتۇرما بولۇپ، شەھەر خەلقى ئوتتۇرىسىدا
كۈچلۈك غۇلغۇلا پەيدا قىپتۇ.

— ھۇ شەرمەندە ئالدامچى ۋەزىر، سەن مېنى خەل-
قىئالەم ئالدىدا ئىككى قېتىم ئالداپ يەرگە قاراتتىڭ،
سەندەك ۋەزىرنى ئوردىدىن تازىلاپ، پادىشاھلارغا
ئىبرەت قىلمىسام ئىسپان شەھرىنىڭ پادىشاھى بولماي
كېتەي، — دەپ پادىشاھ ۋەزىر ئەيلەپ ئەسقىلاننى ئۆ-
لۈمگە بۇيرۇپتۇ.

— پادىشاھى ئالەم، يەنە بىر قېتىم پۇرسەت بەرسە-
لەر، مەن بۇ قېتىم چوقۇم يۈسۈپ خۇزۇرىنى باقىي ئالەم-
گە ئۇزىتىپ، پەرىزاتنى ئۆزلىرىگە ئەكىلىپ بېرەلمىسەم
جېنىم قوللىرىدا بولسۇن، — دەپتۇ ۋەزىر. پادىشاھ:

— مەرتەم-مەرتەم ئۈچ مەرتەم دەپتىكەن، بوپتۇ
يەنە بىر قېتىم پۇرسەت بېرەي، بۇ قېتىم يۈسۈپ خۇزۇرى-
نى باقىي ئالەمگە ئۇزىتىشنىڭ قانداق ئۇسۇلىنى ئويلى-
دىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ پادىشاھ ۋەزىردىن.

— سىلە يۈسۈپ خۇزۇرىنى چاقىرىپ مېنىڭ ئانام

بىلەن دادام ئاسماندا ئىدى، بىزنىڭ كۆرۈشمىگىنىمىزگە ئۇزاق يىل بولدى، ئۇلارنىڭ هال-ئەهۋالى قانداقراقكىن ئاسمانغا چىقىپ ئۇلار بىلەن كۆرۈشۈپ كىرگىن دەپ بۇيرۇسىلا. بىز ئاسمانغا تاقاشقىدەك ئوتۇن دۆۋىلىسەك، يۇسۇپ خۇزۇرنى ئوتۇننىڭ ئۈستىگە چىقىپ ئولتۇرساق بىز ئوتۇنغا ئوت ياقساق تۈتۈن سىزنى كۆتۈرۈپ ئاسمانغا ئېلىپ چىقىدۇ، ئاسماندىكى ئاتا-ئانامنىڭ خەۋىرىنى ئالغاچ كىر دېسىلە، ئۇ ئوتۇننىڭ ئۈستىگە چىققاندا ئوت يېقىۋەتسەك كۆيۈپ كۈل بولىدۇ، مەلىكە بىلەن پەرىزات ئىككىمىزگە قالىدۇ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ۋەزىر پادىشاھقا.

پادىشاھ ۋەزىرنىڭ بۇ مەسلىھەتىنى توغرا تېپىپتۇ ۋە يۇسۇپ خۇزۇرنى چاقىرىپ، ۋەزىر ئويلاپ تاپقان هىيلە-مىكىرلىك ۋەزىپىنى ئورۇنداشنى يۇسۇپ خۇزۇرغا تاپشۇرۇپتۇ. يۇسۇپ خۇزۇرى بېشى قاتقان هالدا ئۆيگە قايتىپ كېلىپ، پادىشاھنىڭ تاپشۇرمىسىنى ئايالى مەلىكە گۈلسۇرۇخ بىلەن پەرىزات رىناتقا ئېيتىپتۇ.

— خاتىرجەم بولۇپ ۋەزىپىنى ئورۇندىيالايدىغانلىقىڭىزنى پادىشاھقا ئېيتىڭ، ئامالىنى مەن قىلغايمەن، — دەپتۇ مەلىكە رىنات يۇسۇپ خۇزۇرغا. يۇسۇپ خۇزۇرى پادىشاھنىڭ ۋەزىپىسىنى ئورۇندايدىغانلىقىنى ئوردىغا خەۋەر قىپتۇ. پادىشاھ شەھەرنىڭ پۈتكۈل خەلقىگە ئوتۇن سېلىقى قىپتۇ. ئۈچ ئايدىن كېيىن شەھەر مەيدانىدا بۇلۇتقا تاقاشقۇدەك ئوتۇن دۆۋىلىنىپتۇ. يۇسۇپ خۇزۇرى ئوتۇننىڭ ئۈستىگە چىقىپ ئولتۇرۇپتۇ. شەھەرنىڭ پۈتكۈل خەلقى مەيدانغا يىغىلىپ بۇ ئاق كۆڭۈل يىگىتكە دۇئا قىلىپ يىغلىشىپ، قارا نىيەت پادىشاھ بىلەن ۋەزىرنى قارغاپتۇ.

ئوتۇنغا ئوت يېقىلىپتۇ. پەرىزات رىنات كۆك كەپتەر سىياقىدا ئۇچۇپ كېلىپ يۇسۇپ خۇزۇرنى ئۆيگە ئېلىپ كېتىپتۇ. ئوتنىڭ تەپتى ئۈچ ئايلىق يەرگە يېتىپتۇ، ئوت ئۈچ ئاي توختىماي كۆيۈپتۇ، باشقا ئەل خەلقلىرى زېمىنغا ئوت كەتكەن ئوخشايدۇ دېيىشىپتۇ.

يۇسۇپ خۇزۇرى ئۆيدە ئۈچ ئاي يېتىپ ئۇخلاپ، باشقىلارغا كۆرۈنمەي ئارام ئاپتۇ. ئۈچ ئايدىن كېيىنكى بىر كېچىسى مەلىكە رىنات يۇسۇپ خۇزۇرغا بىر خالتىغا پەرىزاتلار دۇنياسىنىڭ يېمەكلىكلىرىنى قاچىلاپ پادىشاھ ياتقان ئۆينىڭ ئۆگزىسىگە تاشلاپتۇ. پادىشاھ گۈپ قىلغان ئاۋازدىن چۆچۈپ ئويغىنىپ ئاللا-توۋا قىچقىرىپتۇ. پادىشاھنىڭ ئىشىك باقار قاراۋۇللىرى يۈگۈرۈپ كىرگەنىكەن:

— ئۆگزىدە ئوغرى بار، ئوغرىنى تۇتۇپ ئەكىرىڭلار! — دەپتۇ پادىشاھ ياساۋۇللارغا قورقۇش ئىچىدە.

ياساۋۇللار ئۆگزىگە شوتا قويۇپ، يۇسۇپ خۇزۇردىگەنى پادىشاھنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كىرىپتۇ. يۇسۇپ خۇزۇرنى كۆرگەن پادىشاھ ئۆز كۆزىگە ئىشەنمەي، جان پېنى چىقىپ كەتكىلى تاسلا قاپتۇ.

— پادىشاھى ئالەم، ئاتا-ئانىلىرى تولىمۇ مېھماندوست ئىكەن، تۈتۈن مېنى كۆتۈرۈپ ئاسمانغا ئېلىپ چىققاندىن كېيىن ئاسماندىكى ئاتا-ئانىلىرى ئۈچ ئايغىچە مېنى قىزغىن كۈتۈۋالدى، سىلىنىڭ ئەھۋاللىرىنى سوردى. مەن يېنىپ چۈشەر ۋاقتىمدا ئاسماندىكى ئاتا-ئانىلىرى سىلىنى ۋەزىرى بىلەن بىزنىڭ يېنىمىزغا چىقىپ بىز بىلەن كۆرۈشۈپ كەتسە، دەپ مۇنۇ خالتىنى ئەۋەتتى، — دەپ خالتىنى پادىشاھقا بېرىپتۇ، پادىشاھ خالتىدىكى نازۇنېمەتلەرنى يەپ ھەيران بوپتۇ ۋە ئۆزىنىڭمۇ ۋەزىرى بىلەن ئاسمانغا چىقىپ ئاسماندىكى ئاتا-ئانىسىنى كۆرۈپ كېلىش ئىستىكى قوزغىلىپتۇ.

پادىشاھ ئاسمانغا چىقىش ئۈچۈن شەھەرنىڭ پۈتكۈل خەلقىگە ئوتۇن سېلىقى سېپتۇ. ئۈچ ئايغىچە شەھەر خەلقى ئوتۇن يىغىپتۇ. يىغىلغان ئوتۇن كۆككە تاقىشىپتۇ. پادىشاھ بىلەن ۋەزىر ئاسمانغا چىقماقچى بولۇپ، ئوتۇننىڭ ئۈستىگە چىقىپ ئولتۇرۇپتۇ. يۇسۇپ خۇزۇرى ئوتۇنغا ياغ چېچىپ ئوت قويۇۋېتىپتۇ. قارا نىيەت پادىشاھ بىلەن ۋەزىر ئوتتا كۆيۈپ ئۆلۈپتۇ. ئىسپان شەھىرىدىكى پۈتكۈل خەلق قارا نىيەت پادىشاھ بىلەن ۋەزىردىن قۇتۇلغىنىغا خۇش بولۇپ، تەنتەنە قىلىشىپ يۇسۇپ خۇزۇرنى ئىسپان شەھرىنىڭ پادىشاھلىقىغا سايلاپتۇ. يۇسۇپ خۇزۇرى ئالتە ئاي پەرىزاتلار دۇنياسىدا پادىشاھلىق قىلسا، ئالتە ئاي ئىسپان شەھرىدە پادىشاھلىق قىلىپ، مەلىكە گۈلسۇرۇخ ۋە پەرىزات رىنات بىلەن خۇشال-خۇرام ياشاپ، پانىي ئالەمدىن باقىي ئالەمگە سەپەر قىپتۇ. يۇسۇپ خۇزۇرى چۈشىدە كۆرگەن ئاي مەلىكە گۈلسۇرۇخ، قۇياش پەرىزات رىنات ئىكەن. قارا نىيەت پادىشاھ بىلەن ۋەزىرنىڭ رەزىل ئىش ئىزلىرىدىن «نىيىتى بۇزۇقنىڭ قازىنى تۆشۈك» دېگەن ماقال-تەمسىل قالغانىكەن.

ئېيتىپ بەرگۈچى: سانجۇ يېزا ساي مەھەللىدىن 65 ياشلىق مەرھۇم تېۋىپ مەخسۇت ھېيت، ساۋاتلىق.

نەشرگە تەييارلىغۇچى: غالىپجان تۇرسۇن

(«گۇما خەلق چۆچەكلىرى» توپلىمىدىن ئېلىندى)

2015.1



# «مىراس» ژۇرنىلى نەشرىياتى 2014 ـ يىللىق خىزمەتلىرى ھەققىدە ئاپتورلار سۆھبەت يىغىنى ئۆتكۈزدى

2014 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى «مىراس» ژۇرنىلى نەشرىياتى ئۈرۈمچى شەھىرىدە 2014 ـ يىللىق خىزمەتلەرنى خۇلاسىلەش، 2015 ـ يىللىق خىزمەتلەر ھەققىدە پىكىر ئېلىش مەقسىتىدە بىر تۈركۈم ئالىم، مۇتەخەسسىسلەرنى، يازغۇچىلارنى، ژۇرنالىسلارنى، تەتقىقاتچىلارنى ۋە «مىراس» ژۇرنىلىنىڭ ئاكتىپ ئاپتورلىرىنى بىر يەرگە جەم قىلدى.

يېڭى يىل ھارپىسىدا ئۆتكۈزۈلگەن بۇ قېتىمقى سۆھبەت يىغىنى قىزغىن كەيپىياتتا ئېلىپ بېرىلدى. يىغىنغا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ رەئىسى، «مىراس» ژۇرنىلىنىڭ باش مۇھەررىرى ئازات سۇلتان، «مىراس» ژۇرنىلىنىڭ سابىق باش مۇھەررىرلىرىدىن ئابلىمىت سادىق، شائىر ياسىن زىلال ھەمدە ئالىم، تەتقىقاتچىلىرىمىزدىن ئابدۇكېرىم راخمان، ماخمۇت زەيدى، غەيرەتجان ئوسمان، مەشھۇر يازغۇچى مەمتىمىن ھوشۇر، ئاتاقلىق تەرجىمان ماھنۇر ھاجى ياقۇپ قاتارلىقلار بولۇپ جەمئىي 80 دەك ئادەم قاتناشتى، يىغىنغا «مىراس» ژۇرنىلىنىڭ مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى مۇختار مۇھەممەد رىياسەتچىلىك قىلدى.

يىغىندا «مىراس» ژۇرنىلىنىڭ سابىق باش مۇھەررىرلىرىدىن ئابلىمىت سادىق ئۆزىنىڭ «مىراس» ژۇرنىلىدا ئىشلىگەن 10 يىللىق خىزمىتى ئۈستىدە توختىلىپ ئاشۇ 10 يىل ئىچىدە «مىراس» ژۇرنىلى بېسىپ ئۆتكەن تارىخىي جەريانلارنى ئەسلەپ ئۆتتى. ئۇ ئۆز سۆزىدە «مىراس» ژۇرنىلىنىڭ خەلقىمىزنىڭ فولكلور مەدەنىيىتى ۋە خەلق ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنى قۇتقۇزۇش جەھەتتىكى رولىنىڭ ناھايىتى مۇھىملىقىنى تەكىتلەپ ئۆتتى.

فولكلورشۇناس، پروفېسسور ئابدۇكېرىم راخمان: «مىراس» ژۇرنىلىنىڭ تارىخىي تۆھپىسى ۋە ئۇنىڭ قولغا كەلتۈرگەن مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، بىر مىللەتنىڭ مەدەنىيەت ھاياتىدا خەلق ئەدەبىياتى ۋە مىللىي مەدەنىيەتنىڭ يۈكسەك قىممىتىنى بىر قاتار نەزەرىيەۋى ۋە ئىلمىي پاكىتلار بىلەن شەرھلىدى.

«تارىم» ژۇرنىلىنىڭ باش مۇھەررىرى، ئاتاقلىق شائىر ياسىن زىلال «مىراس» ژۇرنىلىنىڭ بىر قەرنىلىك تارىخىي مۇساپىسىنى ئەسلەپ، ژۇرنالنىڭ دۇنياغا كېلىشى، ئىچكى ژۇرنالدىن ئاشكارا تارقىتىلىدىغان ژۇرنال بولۇپ تەستىقلىنىش جەريانى ۋە بۇ جەرياندىكى جاپالىق خىزمەتلەر، ئارىدا، يەنى 1987 ـ يىلدىن 1990 ـ يىلغىچە ژۇرنالنىڭ توختاپ قېلىشى ۋە ژۇرنالنى قايتا يورۇقلۇققا چىقىرىش يولىدىكى كۈرەشلەر، شۇنداقلا كېيىنچە «مىراس» ژۇرنىلىنىڭ قوش ئايلىق ژۇرنال سۈپىتىدە نەشر قىلىنىپ جامائەتچىلىكنىڭ زور ئالقىشىغا مۇيەسسەر بولۇشى قاتارلىق «مىراس» ژۇرنىلى بېسىپ ئۆتكەن جەريانلارنى تەپسىلىي بايان قىلىپ ئۆتتى. شائىر ياسىن زىلال، ژۇرنالنىڭ بىر پۈتۈن تارىخىي مۇساپىسىنى ئەسلەش بىلەن بىللە «مىراس» ژۇرنىلىنىڭ ھازىرقى

تەرەققىياتىدىن سۆيۈنىدىغانلىقىنى، مەزكۇر ژۇرنال مۇھەررىرلىرىنىڭ تىرىشچانلىقىغا، جاپالىق مېھنىتىگە، قىممەتلىك نەتىجىلىرىگە، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ ئىزدىنىش روھىغا ئاپىرىن ئېيتىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئۇ يەنە خەلق ئەدەبىياتى ۋە خەلق فولكلورىنىڭ پۈتمەس-تۈگىمەس بايلىق ئىكەنلىكىنى، ئەجدادلار ياراتقان نەچچە 1000 يىللىق بۇ تارىخىي خەزىنىنىڭ تېخى قايمىقى بۇزۇلمىغانلىقىنى، توپلاش، رەتلەش، تونۇشتۇرۇش خىزمىتىنىڭ يەنىلا مۇھىم ئىكەنلىكىنى، تەتقىقات بىلەن توپلاشنى تەڭ ئېلىپ بېرىش لازىملىقىنى، تەتقىقات ئىشلىرىنى كونكرېت ئەسلىي ئەسەرلەر ئۈستىدە ئېلىپ بېرىشنىڭ زۆرۈرلۈكى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا قويدى.

پېشقەدەم تەتقىقاتچى ماخمۇت زەيدى ئەپەندى «مىراس» ژۇرنىلىنىڭ قولغا كەلگەن نەتىجىلىرىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ مەخسۇس سۆز قىلدى. يىغىن ئاخىرىدا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ رەئىسى «مىراس» ژۇرنىلىنىڭ باش مۇھەررىرى، پروفېسسور ئازات سۇلتان ئەپەندى يىغىنغا ئىشتىراك قىلغان بارلىق ئەدىبلەرگە تەشەككۇر بىلدۈرىدىغانلىقىنى، «مىراس» ژۇرنىلىغا ئىزچىل تۈردە كۆڭۈل بۆلۈپ كەلگەن ئاپتورلارغا، ژۇرنالنىڭ بىر پۈتۈن شەرەپلىك تارىخىدا ئۆزىنى بېغىشلاش روھى بىلەن بارلىقىنى مۇشۇ ژۇرنالغا بېغىشلىغان جاپاكەش مۇھەررىرلەرگە ئالىي ئېھتىرام بىلدۈردى، شۇنداقلا بۇنىڭدىن كېيىن ئاپتورلار قوشۇنىنى ياخشى تەشكىللەپ، مۇھەررىرلەرنىڭ ئۇنىۋېرسال ساپاسىنى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈپ، مىللىي مەدەنىيىتىنىڭ جاۋاھىراتلىرى بولغان مىللىي فولكلور مەدەنىيىتى ۋە خەلق ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنى ۋە بۇ ھەقتىكى ئىلمىي تەتقىقاتلارنى كۆپلەپ تونۇشتۇرۇپ، ژۇرنالنى تېخىمۇ جەلپكار، خەلققە يېقىن ژۇرنال قىلىش ئۈچۈن تېخىمۇ كۆچەشنى تەلەپ قىلدى.

دەرۋەقە، يۇقىرىقى ئۇستازلار ئېيتىپ ئۆتكەندەك «مىراس» ژۇرنىلى ئۆزىنىڭ 32 نەچچە يىللىق شانلىق تارىخىي مۇساپىسىدە 147 سان نەشر قىلىنىپ، ئۇيغۇر بۈگۈنكى دەۋر مەدەنىي ھاياتىدا كەم بولسا بولمايدىغان خەلقىمىزنىڭ قىممەتلىك نەشر ئەپكارىغا ئايلاندى.

بىز ئالدىنقىلارنىڭ پىداكارانە روھىغا ۋارىسلىق قىلىپ، يول ئېچىپ ئىلگىرىلەپ، يېڭىلىق يارىتىپ، «مىراس» ژۇرنىلىنى ئەۋلادلىرىمىز سۆيۈلگۈدەك تەسىرى چوڭ، يۇقىرى ئابرۇيغا ئىگە ژۇرنال قىلىپ چىقىش ئۈچۈن تىرىشىمىز، ئەلۋەتتە! «مىراس» ژۇرنىلىنىڭ 2014-يىللىق سۆھبەت يىغىنى ھەقىقەتەنمۇ ئەھمىيەتلىك بىر يىغىن بولدى. يىغىندا تەجرىبە-ساۋاقلار يەكۈنلەندى، سەممىي ۋە ئەمەلىي تەكلىپلەر ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

ئۆز مۇخبىرىمىز نۇرنىسا باقى


## بىلدۈرگۈ

ژۇرنىلىمىز نەشر قىلىنىپ بۈگۈنگە قەدەر ئوقۇرمەنلەر، ئاپتورلار ۋە ھەرقايسى ساھەدىكى قېرىنداشلىرىمىزنىڭ قوللاپ - قۇۋۋەتلىشىگە ئېرىشىپ كەلدى. ژۇرنىلىمىز تەتقىقاتلىرىمىزنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇش، مۇناسىۋەتلىك ساھەدىكى ئىزدەنگۈچىلەرنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن، ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسىدىكى، مەكتەپلەردىكى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ۋە تەتقىقات خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارنىڭ ماقالىلىرىنى قوبۇل قىلىدۇ.

سەمىگىزدە بولسۇن، «مىراس»تا ئېلان قىلىنغان ماقالىڭىز ئۇنۋان باھالاش ھەيئىتى تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنىدۇ.

تېلېفون نومۇرى: 4554017 ـ 0991

ھۆرمەت بىلەن: «مىراس» ژۇرنىلى نەشرىياتى

# «مىراس» ژۇرنىلى نەشرىياتىنىڭ 2014 - يىللىق سۆھبەت يىغىنى

















## «مىراس» ژۇرنىلى نەشرىياتىنىڭ 2014 - يىللىق سۆھبەت يىغىنى



2-3-4- بەتتىكى سۈرەتلەرنى دىلشاد خوجائەھمەد تارتقان


主管：新疆维吾尔自治区文学艺术界联合会
编辑出版：《美拉斯》杂志社（乌市友好南路716号文联大楼14层）
电话：(0991)4554017　传真：(0991)4559756
发行：乌鲁木齐市邮局
订阅：全国各地邮局
国内统一连续出版物号：CN65—1130/I
国际标准连续出版物号：ISSN1004—3829
代号：58-60　广告许可证号：6500006000040
E-mail:mirasuyghur@126.com
海外发行代号：1130BM
国外发行：中国图书进出口总公司
印刷：新疆日报社印务中心
邮编：830001　定价：6.00 元

CHINA NATIONAL PUBLICATIONS
IMPORT & EXPORT (GROUP) CORPORATION
16 Gongti E.Road, Chaoyang District, P.O.Box88, Beijing 100020, PR China
E-Mail: [illegible]
Fax: 0086-10-6563069 Tel: 0086-65856781 0086-10-65004552

باشقۇرغۇچى: ش ئۇ ئا ر ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى
نەشر قىلغۇچى: «مىراس» ژۇرنىلى نەشرىياتى
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى دوستلۇق جەنۇبىي يولى 716 - نومۇر، 14 - قەۋەت
Tel: 0991-4554017 Fax: 0991-4559756
«شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسى باسما ئىشلىرى مەركىزىدە بېسىلدى
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ
جايلاردىكى پوچتا ئىدارىلىرى مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ
مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن نومۇرى: CN65-1130/I
خەلقئارالىق نومۇرى: ISSN1004-3829
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 60 - 58 باھاسى: 6.00 يۈەن
پوچتا نومۇرى: 830001
E-mail: mirasuyghur@126.com
چەت ئەلگە تارقىتىش ۋاكالەت نومۇرى: 1130BM
ئېلان ئىجازەتنامە نومۇرى: 6500006000040